# تارىم

9

1988



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئاتاقلىق يازغۇچى
باجىننىڭ ھوزۇرىدا

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

9

1988

38 - يىل نەشرى

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

سەيپىدىن ئەزىزى

## قۇشلار بەزمىسى

تاڭ سەھەردە مەززىلىك، شېرىن ئۇيقۇدىن،
ئويغاتتى قانداقتۇ مۇڭلۇق بىر ئاۋاز.
ئاھ، قانداق كارامەت، ياڭراق ئاۋاز بۇ؟
ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكىدەك ساز.

كۆز ئاچماي سەپسېلىپ تىڭشىدىم ئۇنى،
بىلىندى كونا دوست — ئاۋازى بۇلبۇل.
ئۇ ماڭا قېيىداش قىلامدىكىن تاڭ،
ۋە ياكى قارشى ئېلىپ سۇنماقچىمۇ گۈل؟

نېمە دېسەڭ ھەققىڭ بار، قەدىناس دوستۇم،
ئون بىر يىل دىدارسىز ياشىدۇق، يىراق؛
سېغىندىم، سېغىندىڭ ھىجران كويىدا،
ئاھ، ئاداش! ئاغرىنما، ئامال يوق بىراق.

ئويغاتقان شۇ بۇلبۇل ئاۋازى يەنە
روھىمنى غىدىقلاپ، ئۇخلاتتى مېنى.

گويا ئۇ سېھىرلىك ئەللەي ناخشىسى —
بولدى-دە، چۈشۈمدە تەۋرەتتى مېنى.

ئاھ، يەنە ئويغاتتى مېنى جىق ئاۋاز،
دېدىكى: «بەس دوستۇم، ئويغان، تۇرايلى!
قارا، بىز كۆرۈشكە تەشنامىز سېنى،
تەبىئەت، كائىنات گۈزەل، سايرايلى!»

ئالەمنى ياڭرىتىپ، «يەنئەن»①نى قاپلاپ،
قىزىپتۇ ھەر ياقتا قۇشلار بەزمىسى؛
شوخ قۇشلار بەسلىشىپ ئورغاندا خەندان،
يۈرەكنى تىترەتتى بۇلبۇل نەزمىسى.

قانداقمۇ ياتاي مەن، ئىرغىدىم، قوپتۇم،
قوشۇلدۇم جۇشقۇنلۇق ئاشۇ بەزمىگە.
يالقۇنلۇق ياشلىقىم كەلدى يادىمغا،
تولغاندا يۈرىكىم ئىلھام-نەزمىگە.

1988-يىل، 30-ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## مۇقام خۇمار

ئېچىلىپ ئۇيقۇسى ئۇخلالمىدى ئۇ،
ئاخشامقى مەشرەپنى ئۇنتالمىدى ئۇ.
كۆز يۇمۇپ كۆرسىمۇ، قاچتى ئۇيقۇسى،
نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ ياتالمىدى ئۇ.

دالادا ياڭرىغان سادا جاراڭلىق،
روھىنى غىدىقلاپ بەرمەس ئامانلىق.
ئاچچىقى كەلسىمۇ، بومۇ ياخشى ئىش،
سەنئەتتىن رەنجىگەن بۇ بەك يامانلىق.

① يەنئەن — ئۈرۈمچى «يەنئەن» مېھمانخانىسى.

ئۇخلىماي ئويلىسا، ئىلھام كەلسىغۇ،
يادىغا چاقماقتەك مىسرا كەلسىغۇ؟
بۇ كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتسىمۇ مەيلى،
ئىشقىلىپ، نەتىجە كەلسە مەيلىغۇ.

بۇ كېچە ئۇيقۇنى قاچۇرغان نېمە؟
خىيالىن قۇش قىلىپ ئۇچۇرغان نېمە؟
ھە، راستلا، ئاخشامقى مەشرەپ ئەمەسمۇ؟
سەنئەتنىڭ ھەۋىسى ئەجەب زور نېمە!

ئاستا ئۇ ئورنىدىن قوپتى ئاۋايلاپ،
لاپ قىلىپ ياندۇردى چىراغنى شۇتاپ.
قەلەمنى قولىغا ئالدى ھەۋەستە،
دەپتەرنىڭ بېتىنى ئاچتى ۋاراقلاپ.

يازدى ئۇ شۇنچە تېز، بىلمەيلا قالدى،
ئىلھامى قىزىش بولۇپ كۆككە يول ئالدى.
ئانچىمۇ ئويلانماي پۈتتى بىر شېئىر،
ھە، مۇنۇ مىسرالار نۇر بولۇپ ياندى:

«ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى تېنىڭگە داۋا،
روھىڭغا روھ قوشار ھەربىر خۇش ناۋا.
ئاشۇنداق سورۇندا بولساڭ نە ئارمان،
مۇقاملار ئەۋجىگە سالساڭ شوخ ساما.»

ئۇيقۇسىز شۇ تۈننىڭ يېشىلدى سىرى،
ئۆرلىدى بارغانچە ئىلھام كەپتىرى.
مىسرالار ئۈنچىدەك تىزىلدى قاتار،
مۇقامنىڭ مەدھىگە تولدى دەپتىرى.

1988 يىل، 12 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

زوردۇن ئېمىر

## كوچادا بىر كۈن

كوچا دىيارىدا ئۆتتۈم بولۇپ سەيلانىدا بىر كۈن،
باھارنىڭ پەيزىگە چۆمگەن خۇشاللىق چاغىدا بىر كۈن.
ئېلىپ قولۇمنى كۆكسۈمگە يېتىپ كەلسەم سالام ئەيلەپ،
قۇچاق ئاچتى ماڭا بۇ يۇرت ئۆرۈكزار باغىدا بىر كۈن.
قۇرۇپ شۇ باغدا بىز بەزمە، ئوقۇشتۇق ئۆزئارا نەزمە،
كۆلۈشتۇق شادلىنىپ ھەممە، بېھىش بوستانىدا بىر كۈن.
«خۇش كەپسىز!» دېدى دوستلار، ئۇزاتتى مەي ـ شاراب ساقى،
نە مەيكى، ئوتلۇدۇم شەربەت مۇھەببەت جامىدا بىر كۈن.
بۇ يۇرتنىڭ مەرد يىگىتلىرى ئىكەن پەرھات شىجائەتتە،
كۆرۈپ شادلاندىم قىزلارنى، ھايات بوستانىدا بىر كۈن.
بازار ئەلۋەك ئىكەن شۇنچە، ئېسىل بىنالىرى ئاندىن،
كى، جەننەت پەيزىنى سۈردۈم شەھەر ـ سەھراسىدا بىر كۈن.
ئەمەس كۆرگەنلىرىم بەك كۆپ، لېكىن كۆپ تەسىرات ئالدىم،
بېھىشتەك بۇ گۈزەل يۇرتتا يۇرۇش جەريانىدا بىر كۈن.
باسالماستىن ھاياجانىنى ئۇزاتتىم قول قەلەمگە مەن،
شۇ شادلىق تەسىراتىمنى يېزىش ئىلھامىدا بىر كۈن.
ياناردا كۆز تىكىپ قانماي دېدىم: «خۇش، ئەي ئۆرۈكزار يۇرت،
كۆرۈشەرمىز يەنە شانلىق سەپەر داۋامىدا بىر كۈن!»

# بوز تورغايغا ناخشا تەڭكەش قىلغۇم بار

مۇختەر خېلىل



مۇختەر خېلىل

1965 - يىلى ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كانسۇ كۆمۈر كېنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن. 1985 - يىلىدىن باشلاپ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كومىتېتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

1980 - يىلىدىن باشلاپ نامى مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بۇ ياش شائىر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆز شېئىرلىرىنىڭ يېڭىچە پىكىر ۋە بەدىئىي ئوبرازغا موللۇقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى 1987 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۈمىد يۇلتۇزى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى 1988 - يىلى ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قوش يېغىز» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

## كۆز قارىچۇقىڭ جۈپ بىسلىق شەمشەر

بۈگۈن ھاسىل بولدۇ شەكسىز،
ئۇرۇلغاندا دولقۇن قىرغاققا.
كۆل بېشىدا ئەگەر ئاق بۇلۇت،
سۆزۈك تامچە قوشسا چاناققا.
خۇپىيانە قىلساڭ كۆز يېشى،
بىلىشمۇ تەس نېمە سەۋەبتىن.
باھاردىكى جۇدۇن زەربىدەك،
سوغ تەگدىمۇ سوغۇق قەلبتىن؟!
تېرەكمىكىن كىرپىكلىرىڭ، قىز،
سايە كۆردۈم سۈپسۈزۈك كۆلدە.
كۆز قارىچۇقىڭ جۈپ بىسلىق شەمشەر،
چۈنكى سەنمۇ تىكەنلىك گۈل - دە.
ئۇرۇلغاندەك دولقۇن قىرغاققا،
كۆكرىكىمگە ئۇرۇلدى خەنجەر.
قارىچۇقىڭدىن چېچىلغان ئۇچقۇن
ۋۇجۇدۇمنى ياندۇرۇپ ئۆرتەر.

## مېنىڭ ناخشام خۇشاللىقىمنىڭ ئەلچىسى

يامغۇر يېغىپ، پاتقاق بولدى ھەممە ياق،
تولۇپ كەتتى ئېرىق، ئازگال، چۇنەكمۇ...
بۇلۇت دېگەن نېمە ئانچە يىغلاڭغۇ؟
دەيسەن ئۇنى كۆمتۈرۈلگەن چېلەكمۇ.

بۇ ھۆلچىلىك يېشىل ھايات ھامىيسى،
بېرىپ تۇرار خۇشاللىقتىن دېرەكمۇ؛
ناخشا ئېيتىپ تۇرسا تورغاي تۇۋاقىدا،
قايغۇ-غەمدە ئاھ ئۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟!

قەلەم كۆرسەم سەن كۆلسەن سەپدىشىم،
سەنتۇرۇلۇپ يىقىلسامۇ پاتقاقتا.
ئېرىشىمەن غايىبانە قۇدرەتكە،
پېشىم تەگسە چىلان رەڭگى تۇپراقتا.
گۈزەل تۇپراق بېرەر ماڭا ئارزۇ، غەم،
بەرگىنىدەك سۇبھى شەبنەم ياپراقتا.
كۆككە باقسام گۈلدۈرماما ئۈندەيدۇ،
ئاۋاز قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتماقتا.

دەرەخ، دەرەخ، شىلدىرلاتما شېخىڭنى،
ناخشا توۋلاپ چىقىپ كەتسۇن ھاردۇقۇم.
تارتىپ كېتەي پىغانلارنى ئۆزۈملا
قالمىسىلا رازى ئىدىم سەندە غوم.
بوز تورغايغا ناخشا تەڭكەش قىلغۇم بار،
لېكىن سەندىن يوقتۇر ئەسلا ئۆچ ئالغۇم.
ناخشا توۋلاپ چىقىپ ئالسام پۇخادىن،
باردۇر مېنىڭ تىنچ مۇھىتتا تىنچ قالغۇم.

مېنىڭ ناخشام خۇشاللىقنىڭ ئەلچىسى،
قۇچاق ئاچار كۆلپەت تارتقان ئادەمگە.
پاتقاق يولغا پۇتۇم كۆنۈپ قالدىمۇ،
ماسلاشمايدۇ ھېچبىر ئومۇم قەدەمگە.
تۈز يول، ئاتاق، سەھنە...ماڭا نە كېرەك؟
توۋلاپ باراي ناخشامنى ئۆز پەدەمگە.
ئۆز تىلىدە، ئۆز ئېلىدە سايراشقا،
يارالغانغۇ تورغايمۇ بۇ ئالەمگە...

## ئويلىنىش

ئۇ قاتتىن بۇ قاتنى بۆلگۈچى دېڭىز،
ھەم تۇتاشتۇرغۇچى ئىككى قىرغاقنى.
ئۇياقتا يايلاق قالغان،
بۇ ياقتا ماللار
قېنى، كىم ئويلىماس ۋىسال تاپماقنى؟
ئويلايمەن،
خىيالىم كېزىدۇ دۇنيا،
ئويلايمەن، بۇلۇتنى توپانمىكىن دەپ.
ئۆتىمەن دېڭىزدىن ئۇچقۇر ئېتىمدا،
بىپايان يايلىقىم ئامانمىكىن دەپ.
ئويۇمنى دېڭىزدىن سۇمۇرۇپ بۇلۇت،
قايتۇرۇپ بېرىدۇ يامغۇرى بىلەن.
ئويلىرىم قانچىكى چوڭقۇرلاپ بارسا
تەگسىز، زىتلىشىپ قالىدۇ چوقۇم،
ياراتقۇچ ئىلاھىم كۈن نۇرى بىلەن.
خۇدانى يادىمدا تۇتىمەن دائىم،
لېكىن ئۇ مېنىمۇ قويارمۇ ئويلاپ؟
قويىنغا ئالغىچە دېڭىز قۇياشنى،
يايلاقتا، ماللارغا... بېرىدۇ ئاپتاپ.

## ئاق قىز، ئاق چېچەك

بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتسەم قار يېغىپتۇ،
سۆڭگۈچتىن باغ ئىچىگە سۇ كىرمىدى.
مۆڭلىنىپ ئۆرۈكلۈكتە ئولتۇرىسەن،
باغۋەن قىز، شوخلۇقلىرىڭ مىكىرمىدى؟

سەندە يوق ھېيلىگەرلىك،
جىلۋىگەرسەن.
يەردىكى، شاخلاردىكى چېچەك كەبى.
ئاقلىقىڭ پاكلىقىڭغا گىرەلەشكەن،
سۆيگۈگە چىڭ چېتىلغان ئىستەك كەبى.

سۆڭگۈچنى توسۇپ ئاپتۇ مۇز چوكىسى،
ئەسلىتىپ قازنىقىمنىڭ تۈڭلۈكىنى.
مەن كۆردۈم ئاق چېچەكلىك شۇ ئالەمنىڭ
شايىدىن تىكىلگەن ئاق كۆڭلىكىنى.

ئاتلىدىم يانتاق دەسسەپ ئەنجان تامدىن،
ئاپئاق قىز كۈتتۈۋالدى ئاپئاق بېغىلىق.
قايرىسام ئات چېچەكنىڭ رومالىنى،
ئاھ! ماڭا بولدى ئايان ھازىدارلىقلىق.

بۇلۇت

ئەركىنلىك بەرگەن قايسى ئىلاھتۇر،
بۇلۇتنىڭ كۆكتە تۇرالغۇسى يوق.
نىگار رۇخسارى ئۆزگەرگەن كەبىي،
گاھىسى تۇتۇق،
گاھىسى ئوچۇق.

بۇلۇت جامىدىن قۇيۇلدى شاراب،
يەردە دەلدەڭشىپ بولدى ھەممە مەس.
ئاسماننى قاپلاپ تۈيۈقسىز قاراس،
چاقماق زەربىدىن جام چېقىلدى، بەس.

يارىم ئۇزاتتى ماڭا جامدا مەي،
مەن خېلى بۇرۇن قالغان تەڭشىلىپ.
سۈركىلىشلەردىن چاقماق چېقىلدى،
قالارمەن بەلكىم ئەمدى ئوڭشىلىپ.

ياسىن زىلال

# شېئىرلار

## قەلب ئالەمى

كۆزلەردە دىل ئىزھار، سۆيگۈ نۇرلىنار،
جۇپ لەۋدىن جان جانغا ئارىلاشتى شۇ تاپ.
پەرۋاندەك «نۇر، نۇر!» دەپ ئاھ چەكسەم،
نىگار
رەنجىمە، سۆيگۈنىڭ خېلى بىھېساب!

مۇڭلانما، گۈزەللەر كۆزىگە باقسام،
ھەر كۆزدە مىڭ جاھان، تۈمەن مىڭ جانان.
ھەر دىلنىڭ بەھرىدە خىيالەن ئاقسام،
دەيمەن يوق بۇنىڭدەك كەڭ دېڭىز-ئوكيان.

جاھان نە؟ ئاسمان نە؟ قەلب ئالدىدا؟
كۆكسۈمنى ئاشىيان قىلار كۈللىيات.
روھىم بىر سەنئەتكار، بۇلار ئىختىرا،
ھەر مىنۇت بىر نۇرلۇق رەڭدار كائىنات.

كەل! باتىن يول بىلەن باتىنىمغا كىر،
قۇياشقا مىنگىشىپ ئايلان، يوشۇرۇن.
يېتىلەپ باغلارغا باشلىسۇن خىزىر،
كۆرگەنمۇ سەن بۇنداق ۋادىنى بۇرۇن؟

يۇلتۇزلار تېگىدە ياتىدۇ تەكشى،
كۆر، ئالتۇن غوللاردا گۆھەر چېچەكلەر.
باغلارغا پۈركەنگەن تاغلار قاشتېشى،
لېۋىگە قونىدۇ شوخ كېپىنەكلەر.

ئاق ئالماس پەتنۇستا ياقۇت جامدا مەي،
ئۆلپەتداش يېنىمدا بېلىق بەدەنلەر.
سۇپرا① نېمەتلەر چىقىرار ئۆزمەي،
ئەرزىمەس بال-ناۋات،
ئەرزىمەس قەنتلەر...

مەككىگە تەلمۈرمە، سوراغلاپ زەمزەم،
جۇر، كەۋسەر سۈيىگە چىنلايدۇ ئارشاڭ.

① ئۇيغۇر خەلق چۆچەكىدىكى خاسىيەتلىك سۇپرا.

چۆمۈلۈپ يات ئىللىق قويىنىدا بىردەم،
ئۇن سەككىز يېشىمغا قايتىسەن چىقساڭ.

دەريالار قويىنى بىر ئالەم، ئۆزمەكنى—
ئۈيلساڭ، قىرغاقتا چىقىدۇ لەھەڭ.
سۇمرۇغلار كۆرسەتەر ساڭا پەلەكنى،
ئەنقالار يەلپۈيدۇ ئەگەر تەرلىسەڭ.

بىل، شۇنداق ئۆز ئالەم ـ قەلب ئالىمى،
تالاشسىز، غەۋغاسىز، ئەركىن، ئازادە.
ئىلكىدە ھەركىمنىڭ ۋىسال، قۇت جامى،
دىل ئەمەس ھەسرەت يا رەشكتىن زىندە...

شۇ دۇنيا ـ دۇنيالار خانىسى مېنىڭ،
ئۇ ساڭا سەيلىگاھ بىلسەڭ، ئەي نىگار،
دىلىڭدا دۇنيا قۇر سەنمۇ!
تىلەي مىڭ!
تەر تۆكەي، زەر تۆكەي تۇختىماي زىنھار!

كۆزلەردىن دىللارغا سىڭ، ئال گۈزەللىك،
ئال، ئالساڭ ھەممىنى بېرىدۇ ھايات.
ھارماي ئال ھەممىدىن مۇھىمى كەڭلىك!
كەڭلىكتە ھەر نەرسە بولىدۇ ئاۋات.

## ئاھ، مېنىڭ ئالمام

راھەت دەم، خىيابان، ئازادە بېغىم،
شاخلاردا ئالملار شۇنچە كۆپ، غۇژمەك.
ئىبە، رەڭدار چىھرىلەر، ئاقار كۆز يېغىم،
سوقۇدۇ شادلىقتا شۇ كىچىك يۈرەك.

تۇمەن مىڭ ئالملار ئىچرە ھۆسۈندار،
پاھ، جانان چىننىدەك بۇ سۈزۈك ئالما.
دېيىشەر كۆرگەنلەر بولۇپ ئىنتىزار:
«شۇنداق چوڭ، سۈزۈك، ئۆز ئالما باركىنا؟»

ياز بويى مەن بولدۇم پاسىبان، مۇشتاق،
كىرپىكىم يۇمۇلسا! چۈشۈمدە ئايان.
سوزۇلغان قوللارنى توسۇدۇم ھەرۋاق،
يىپەكتە ئاۋايلاپ سۈرتتىم ھەر قاچان.

تىكىلگەن كۆزلەرگە قەلبىمدە رەشك،
قۇشلارنى كەلتۈرمەي قوروۇدۇم ھەتتا.
ئالملار ئۈزۈلۈپ تولدى مىڭ يەشىك،
شۇ ئالمام قېپقالدى شېخىدا يەكتا.

كۆز كەلدى ئالتۇن رەڭ ئالدى يوپۇرماق،
كەپەدە كۈتكىنىم پەقەت شۇ ئالما.
ھە، ئەمدى ئۈزەيچۇ دەيمەنۇ، بىراق
ۋە دەيمەن ئۈزۈپلا «گاچ»لا يەۋالما!

ئۈزەي دەپ ئۇزاتسام تىترىدى قولۇم،
ساقلىدىم، ياپراقلار يەرگە سالدى تون.
ئەينەكتەك مۇز تۇتتى، توكلىدى پۈتۈم،
ئالمامدىن كۆز ئۈزمەي تۇرىمەن مەپتۇن.

دەردىغا! ئىزغىرىن شامال شاخ سىلكىپ،
ئۈزۈلدى (ئۈزۈلدى بېغىمدىن يۈرەك).
قارىسام، ئاھ، ئۇنى ئاۋايلاپ ئىلىپ،
مېگەمدىن ئۆرلىدى بىر ئاچچىق تۈتەك.

يەم بوپتۇ، يەپ بوپتۇ ئىچىدىن قۇرت،
ھەم بىخسىپ مېگىپتۇ، سېسىپتۇ ئىچى.
ئۆزۈمگە تەسەللا: بەس، ئۇنۇت، ئۇنۇت،
جىسمىمنى كۆيدۈرەر نادامەت پېچى.

قاراڭلار چېھرىگە، ئۆزگەرتمىگەن رەڭ،
پىراقتىن تەلمۈرەر كۆزلەر ھېلىھەم.
باشتىلا ئۈزسەمچۇ، مەن بولماي دىۋەڭ،
تەگمىگەن تىلىمغا بىر ئاز ئالما تەم.

ساقلىغان مەن ئاڭا ياز بويى ئىشتەي،
نەپسىمغۇ نەچچە رەت دېگەن: يەۋىتەي!

قۇرتلار ساقلىماي يەپ بوپتۇ، ھەي-ھەي،
كېلەر ياز شۇنداق بىر بولغاننى كۆرەي!

## ئاشىقلىق بەخش ئەتتى شائىرلىق

ئاق بۇلۇت ئۈستىگە قونغان ئاققۇدەك،
روھىمغا، ئاھ، لەرزان قوندۇڭ ئاق پەرىم.
چېھرىڭدە خۇش خۇيلۇق نەدە بولغۇدەك،
ئۇز جىلۋەڭ ئىلاھىي نۇرمۇ؟ ياپىرىم.

شاھىمسەن قەلبىمدە ھەر چاغ، مەن ئەسىر،
روھىمدا جېنىمدەك ياشايسەن پىنھان.
باغرىمدا مەدھىڭگە مىڭ دەريا شېئىر،
مۇيەسسەر بولغىنىم دوزاختەك ھىجران.

مۇيەسسەر بولغىنىم پەقەتلا ھىجران،
ئۆمرۈمگە ئوت سالدىڭ، بەرمىدىڭ ۋىسال.
روھىڭنى روھىمغا يوللىدىڭ جانان،
زاھىرەن ئالدىمدا ئاچمىدىڭ جامال.

ئاھ، سۆيگۈ چۆلىدە بولدۇم سەرگەردان،
ئاھ، جۇنۇن ھالىمغا يىغلىدى مەجنۇن.
«تاھىرمۇ سەن كەبى ئازابلانمىغان»
دەپ دەريا-دەريالار كۆتۈردى شاۋقۇن.

نادانلار تىلىدا ئاتالدىم ساراڭ،
بىرلەھزە توختىماي ئۇقۇۋسام ناخشا.

زەر تۇرۇپ سانالدىم سارغايغان غازاڭ،
گۆھىرىم ئۇرۇلدى گوياكى تاشقا.

بىلەمسەن، لېكىن-زە، مەن ئېغىرىمىدىم،
ئىزلىدىم، تاپانلار بولدى قان-يېغىر.
تاغدا تاش قاماللاپ چىقتى تىرنىقىم،
ئاققان قان يېزىپتۇ ئىزىمغا شېئىر.

ئاققان قان يېزىپتۇ ئىزىمغا شېئىر،
مۇساپەم بولۇپتۇ تۈگىمەس داستان.
ئاشىقلىق ئەيلەپتۇ مېنىمۇ شائىر،
شېئىر ۋە شائىرلىق ئەمەستۇر ئاسان.

ئاشىقلىق بەخش ئەتتى شائىرلىق ماڭا،
بۇ-ھىجرىڭ ئۆمرۈمگە بەرگەن مۇكاپات.
ئاھ، كۆيگەن جىسمىمنى كۆمدى ئوت-لاۋا،
شائىرلىق پەريادقا قوشتى مىڭ پەرياد.

ھە، جىسمىم ئايلاندى ئۆچمەس بىر ئوتقا،
مۇھەببەت يولىغا ياقتىم مىڭ گۈلخان.
ئاشىقلار ئىسسىنار قالغاندا جۇتتا،
مەن تا كۈل بولغىچە ئوت بېرەي ھامان.

ئۆچۈرمە، شۇ ئوتنى،
يانسۇن بىر تۇتاش!
يالقۇنلات، يالقۇندىن ئوت بەر ئىنسانغا.
يۇر، بىزنى چىللايدۇ ئاتەشلىك قۇياش،
نۇر بولۇپ ياغايلى كۆكتىن جاھانغا!

يالقۇن ئەزىز

## كەلدىم ئىزدەپ خۇش پۇراق گۈللەر

### قىزلار ۋە يىگىتلەر

قىزلار، قىزلار كۆلگە قارايدۇ،
شوخ يىگىتلەر چەتتىن مارايدۇ.

ياپراقلارنى ئوينىتىپ ئۆتكەن
يېنىڭ شامال ساچىنى تارايدۇ.
قىزلار، قىزلار كۆلگە قارايدۇ،
شوخ يىگىتلەر چەتتىن مارايدۇ.

تاتلىق ھېسلار ئىچىدە شۇ تاپ
لەۋلىرىنى تامشىپ يالايدۇ.

قاداق باسقان قوللاردا ئۈزۈك،
ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنار-يالتىرار.
پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ،
كەتمەك بولۇپ ئۆيگە ئالدىرار.

لېكىن قانداق قىلسا بولاركىن،
بېرىلمىسە ئۇلارغا ئۈزۈك.
سەت تۇرىدۇ ئەلۋەتتە بۇ ئىش،
(ئۇندىن كۆرە، ئۆلگىنى تۈزۈك.)

ئەقىل تاپتى بىر يىگىت بىردىن:
«چىقىر يولغا قويۇپ قويايلى،
ساقلاپ-ساقلاپ زېرىكىپ ئۇلار،
دېگەن چاغدا ئاندىن ماڭايلى.

توققۇز ئۈزۈك كۆزىگە چۈشۈپ
ھەممە ئىشنى بىلىدۇ ئاندىن.
«چارەم قانداق؟» دېگەنتى ھەممە،
مەست بولۇشتى كۈلۈشۈپ جاندىن.

توققۇز ئۈزۈك قاتار تىزىلدى،
ئازاد بولۇپ ئۇلار قولىدىن.
مەلە تامان يۈرۈپ كەتتى خۇش،
ھەممۇن بولۇپ تۇتقان يولىدىن.

قىزلار، قىزلار كۈلگە قارايدۇ،
يېنىمەك شامال ساچىنى تارايدۇ.
ئەيىبلەيدۇ ئۆزىنى مۇنداق:
مۇشۇ تۇرقۇم كىمگە يارايدۇ؟

## سەھەردىكى تولۇن ئاي

سەھرادا تولۇن ئاي ئاجايىپ ئىكەن،
بەزىدە يورۇقكەن، بەزىدە خىرە.
بەزىدە چوڭايسا، بەزى كىچىكلەپ،
ئۈزەركەن ئاسماندا ئېغىر سۈكۈتتە.

سوزۇلۇپ ياتاركەن بىمالال تېخى،
شاۋقۇنلۇق قاراڭغۇ دەريا ئىچىدە.
بەزىدە شاخلارنىڭ ئۇچىغا قونسا،
بەزىدە ياتاركەن قۇدۇق ئىچىدە.

تاتلىق ھېس ئىلكىدە يېنىش-يېنىشلاپ
سۆيگەندەك ياش ئانا تۇنجى ئوغلىنى،
سۆيەركەن ئۇيقۇغا پاتقاندا يېزا،
سۆيەركەن كۈمۈشتەك چېچىپ نۇرىنى.

سەھرادا تولۇن ئاي ئاجايىپ ئىكەن،
يۈزىدە بار ئىكەن خېلى كۆپ دېغى.
ئۇن بەش كۈن بىكارغا كەتمەدى يوقاپ،
ئېھتىمال، بويىدا قالغاندۇ تېخى.

## بىر جۈپ ئىز

تام تۈۋىدە بىر جۈپ ئىز كۆردۈم،
بىرى قىزنىڭ، بىرى يىگىتنىڭ.
نەم توپىدا تۇرۇپتۇ ئۆچمەي،
گۇۋاھچىسى بولۇپ ئىشقىنىڭ.

بۇ ئىككى ئىز شۇنچىلىك يېقىن،
بىر قەدەمچە ئارىسى پەقەت.
ھەر خىل سوئال پەيدا بولىدۇ،
شۇ ئىزلارغا قارىسام ھەر رەت.

بەلكى بۇ ئىز بىر جۈپ ئاشىقنىڭ،
تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىدۇ.
بەلكى بۇ ئىز بىر جۈپ ئاشىقنىڭ،
ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىشىدۇ.

### قۇياش پېتىش ئالدىدا

قۇياش پېتىش ئالدىدا دەريا
كىردى قىزىل قانىنىڭ رەڭگىگە.
ئۇخلاش ئۈچۈن تاغلارمۇ ئاستا
غايىب بولدى تۇمان ئىلكىدە.

سۈكۈت ئىچرە تۇرىدۇ ئورمان،
يېشىللىقتىن ئەسەر يوق ئەمدى.
ئورنىۋالغان ھەسرەت، مۇڭ-پىغان،
قۇندۇز كەبى قاپقارا رەڭگى.

قولۋاق بىلەن دەريادا بىردىن
جۇپ كۆلەڭگە كۆرۈندى غۇۋا.
تور تاشلىدى سۈزمەككە تېزدىن
چۆكۈۋاتقان قۇياشنى گويا.

### ساھىبخانغا

كۈل، ساھىبخان، ئەمما كۈل چاغلاپ،
كېيىن يەنە قىلما پۇشايمان.
كەلدىم ئىزدەپ خۇش پۇراق گۈللەر،
يۈرىكىمگە تېپىشقا دەرمان.

قويما، ماڭا لالە رەڭلىك چاي،
قۇيما ھەرگىز، ئىچمەيمەن ئۇنى.
ماڭا ئاچچىق ھاراق ئېلىپ كەل،
سەندىن پەقەت تىلەيمەن شۇنى.

باقما ماڭا تەئەججۇپ بىلەن
شۇنچە يىراق سەھرادىن كەلدىم.
ھېرىپ-ئېچىپ بۈگۈن كەچ ئاخىر،
سېنىڭ ياغاچ خانەڭگە يەتتىم.

تۆكۈلەركەن ئاغزىڭدىن ھەزىل،
مەنمۇ سەندەك چاقچاقچى خۇشتار.
كۈلۈشەيلى، كەلگىن، قول تۇتۇپ،
كۈلكە بىلەن بۇ ھايات ياشنار.

باغلىرىڭدا گۈللىرىڭ باردۇر
بىر-بىرىدىن شۇنچىلىك ئېسىل.
قېنى ئېيتە، خۇش بولامسەن-يوق،
گەر ئۇلارغا بوپ قالسام ئىجىل؟

كۈل، ساھىبخان، ئەمما كۈل چاغلاپ،
كېيىن يەنە قىلما پۇشايمان.
كەلدىم ئىزدەپ خۇش پۇراق گۈللەر،
يۈرىكىمگە تېپىشقا دەرمان.

**باتۇر روزى**

## بەندىلەر

دۇنيانىڭ ئاچچىقلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەتكەن مەينىڭ كەيپچىلىكىدە ئالجىغان چېغىم، كۆزلىرىم غىل-پال يۇمۇلۇپ قالغاندا كۆرگەن بۇ چۈشلىرىمنى تەسەۋۋۇرۇم ئالقانلىرى بىلەن تۇتتۇۋالدىم. بۇ چۈشلەرنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىلىرى ئۇزاقتىن بېرى ئۇيقۇمنىڭ بۇرجەكلىرىدە ساقلىنىپ ياتقانىدى. ئېھتىمال، پۈتۈن كائىنات مۇنداق چۈشلەرنى ھامان كۆرۈپ تۇرسا كېرەك.

ساداقسىمان چۈش
يۇتۇۋالدى قارىچۇقلىرىمنى...

* *

قۇملاردا
ئۇستىخانلار يېرىم يالىڭاچ،

توغراق تۈۋىدە
كونا قەبرە زومچايغان،
يىراقلارغا سوزۇلغان
ئۈزۈك-ئۈزۈك كارۋان ئىزلىرى...
دەز كەتكەن قىلىچلار
يالتىرايدۇ قىزىرىپ چىم-چىم...

*    *

سۆڭەكلەر
ئەسىرلەردىن ھالقىغان،
بارماقتىمەن كاۋىكىدا ئۆمىلەپ
يېقىنلاپ كېلىدۇ ئالدىمغا ئاستا
يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك يالتىراپ بىر نۇر...

*    *

كۈنلۈكسىمان كۆلەڭگە
ئۆتۈپ كېتەر شىپپىدە
چاچلىرىمنى سىيپاپ، لەپىلدەپ.
ئۇچار تەخسە
تۇم ياپىلاق
ئېللىپىسسىمان،
ئوكيانغا رەڭداش
چوڭلۇقى قازان،
بېغىرلار يايلاقنى پىرقىراپ لەرزان.
تەبەسسۇم سىرغىغان ئاق - سۈزۈك زىناق،
بىر يېنىغا ئېسىلىپ قالغان!

*    *

قېتىپ قالدىم سەنەمدەك.

*    *

ئالدىمغا تۆكۈلەر:
ئاسمان
يايلاق —
گۈلاب ۋە كاشتان.
قورام تاشلار جىملىقى بىلەن
پارچىلايدۇ شارقىراتمىنى!

*    *

يىراق ئۇپۇقتىن
پىلدىرلاپ كەلمەكتە بىر چېكىت،
سوئال بەلگىسى
يۆگىشىدۇ بېشىمغا،
نىگاھلىرىم سەپ تۈزۈپ قاتار
ئۇچۇپ بارار سالامغا...

ئىچىمدە ئەمما
بىر دولقۇن
سىلكىنىدۇ شىددەتتە،
پارتلاپ تىنىقى
كۆكرىكىمگە چېكىپ ئۆتەر دەز...

ئۇچار تەخسە ئايلىنىشىدا
سىزىدۇ چەمبەر
ئەتراپىغا يايلاقنىڭ.

يىغىلار چەمبەر
يىغىلغاندەك —
كۆل يۈزىدە
داڭگال يايغان چەمبەرسىمان دولقۇنلار...

*    *

ئۇچار تەخسە
يىقىلدى يېنىمغا
ئوت ئالدى دەرھال.
يۇلغۇنسىمان يالقۇنلار
تارتار كۆككە ئالتۇن تىغ —
تىغلار مىڭ - مىليون...

يالقۇنلارنىڭ لەپپەڭلىشىدە
چايقىلىدۇ بەتبەشىرە كۆلەڭگە —
شەلپەر كۆز،
كەڭ ئېغىز

سارغۇچ بىر چىراي،
ماكاپىسمان چاچ،
يالىڭاچ بەدەن -
تولغان كۆكرەك ئات يايلىدەك لىغىرلار!

*    *

ئالۋاستى!
ئىچىمدە دولقۇن
كۆچەپ بىر سىلكىنىپ
ئۇلاقتۇرۇپ تاشلار مېنى ئارقىغا.
ئالۋاستى!

ۋۇجۇدۇمدا ياسايدۇ ئۆرەن
ئۇلۇغ بىر ئاۋاز،
ئالۋاستى!

خەنجەرسىمان ئۆندەش بەلگىسى
سانجىلغاندا تىلك چۆشۈپ
كۆزلىرىم چېقىلار
ئۇچقۇن بولۇپ چېچىلار ھەريان
تېرىۋالدىم ئۇنى ھالسىراپ...

*　*

ياق - ياق!
يېشىنغاندا يالقۇندىن
ئاي ھاي، پەرىشتە،
كۆتۈرۈپ كېلىپ
ئوتتەك بىر كۆلنى
تۆكۈۋەتتى ئۈستۈمگە،
چۆكتى ئاڭا ئۆزىمۇ ئاندىن...

كۆزلەر بىر - بىرىگە چۆكۈشەر،
قوللار بويۇنلارغا يۆگىشەر،
يۇلىشىدۇ لەۋلەر لەۋلەرنى،
مۇكۈشمەك ئويىنايدۇ يۈرەكلەر
چېھرىلەرنىڭ تەبەسسۇمىدا!
مەن بىر پەش،
مەن — دولقۇن.
سەن بىر پەش،
سەن — ئويمان.
مەن، سەن
بىر چېكىت.
مەن — دولقۇن،
سەن — ئويمان.
مەن، سەن
بىر قاينام.

ئاشىق ئىدىم
سۆڭەك كاۋىكىدا تەمتىرەپ يۈرگەن،
يېشىنىپ
قالتىرىغان قالقاندىن
بولۇق چېچىمدا
چېتىپ چىقتىم يەر ۋە يۇلتۇزنى.

*　*

سىلداقسىمان چۈش
پۈركىۋەتتى قارىچۇقلىرىمنى...

رۇجىكىمدىن كىرمەكتە
قان تامچىغان سايىلەر...

*　*

ئوكۇمدا ئاسمان —
چاچراندى يۇلتۇزلار،
ئوكۇمدا دۇنيا —
خەرىتىدە
تورسىمان يېيىلغان
قارا رەڭلىك چىگرا سىزىقى،
كائىنات - ئايۋان،
ئىلاھ - ئۆمۈچۈك
تور ياسىغان بۇرجەكتىكى دۇنياغا.
تورلار تىتىلغاق،
ئەسىرلەرنىڭ تىنىقلىرىدا
ئۈزۈلگەن تالاي
مۇتىھەم ئىلاھ
تەكرار - تەكرار ياسىغان ئۇنى.

*　*

ئەقلىدۇ كۆزۈمگە
مىلك - مىليون قارايغان كۆلەڭگىلەر
چاڭقاق پادىلاردەك دۈۋىلەپ كېلىپ.
ئارقىسىدا پادىچى ئىلاھ
قامچىسىنى سىلكىتەر تىنىماي
تۆكۈلىدۇ ماياقلار
بەدبۇيى زېمىننى ھاپ ئېتەر!

* *

ئېغىزلار
يالماپ باشلارنى،
چىشلار
قان تامغان سۆڭەكلەرگە يېتىشار.
سۇنۇۋاتقان قىلىچلار
بىر - بىرىنىڭ زەربىدە،
يەر ئايلىنار
زۇلمەت ئىلاھىنىڭ ئېزىق چىشىدا!

* *

بىرسى — گۆركار،
بىرسى — پەرىشتە،
بىرسى — ئانا،
بىرسى — ئەزرائىل؛

* *

مەن — مۇنار،
بېشىمدىكى ئەگىم ئايغا باغلانغان.
سەن — مىخ،
قەبرىستاندا كرېستلارغا قېقىلغان.

مەن — تۇۋرۇك
ماڭلايلار گۈل چەككەن مەسچىتتە،
سەن - سەنەم،
چېركاۋلاردا غادايغان.

* *

بىرسى — مايمۇن،
بىرسى — ماشىنا،
بىرسى — غاردا،
بىرسى شەھەردە...


يەر ئايلىنار ئويۇنچۇق بولۇپ
كالامپاي كالىنىڭ مۈڭگۈزلىرىدە①،
قار كۆچكىنىدەك
توزار ھەريان پىلدىرلاپ،
قاقاقلاپ كۈلگەنچە
ھەم يىغلىغانچە...

* *

كائىنات — غول كارۋان
يەر شارى ئارقىسىدا سوكۇلدار
ھالسىرىغان تۆگىدەك
مەن — كولدۇرمىسى،
بارىمەن ئۈنلەپ.
يىلاندەك سۆرەلمە يىللارنىڭ
كۆچمەن قۇملاردا تاشلىنىپ ياتقان
بوغۇم - بوغۇم قاسىراقلىرىدا
ۋەھىمىدەك...
موللىتاپىتاقنىڭ بېشارىتىدەك...
ھازازۇلنىڭ كۈلەڭگىسىدەك...

① دىنىي رىۋايەتلەردىن.





غەيرەت ڨاسىم

# ھەر ئادەم ئۆزىگە پادىشاھ

(ھېكايە)

ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئو- قۇۋاتقان غۇلجىلىق قىز-يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۇدەك ئۈرۈمچىدە قېلىپ ئىشلەش ئارزۇسى بار ئىدى. بىراق جەنۇ- بىي شىنجاڭدىن كەلگەن ساۋاقداشلار ئۇلاردىن غۇلجىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۇلار ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي غۇلجىنى مۇشۇ دۇنيانىڭ جەننىتى قىلىپ تەسۋىر- لەيتتى، لاپ ئۇرۇشنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. بەزىلەرنىڭ نە- زەرىدە، لاپ ئۇرۇشمۇ بىر تالانت ھېساب- لىنىدۇ. لېكىن مەكتەپ ئۇلارنى قايتىپ ئۆز يۇرتلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرغاندا، ئۇلار باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قېلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە قې- لىش يولىدا ناھايىتى جاپا-مۇشەققەتلىك، ئىنچىكە خىزمەتلەر باشلىنىپ كېتەتتى.

ئەرشىدىنىڭ مەكتەپتە قېلىشى مۇ- قەملىشىپ بولغانىدى. بۇنىڭغا، ئەلۋەتتە ئاغىنىسىنىڭ ئاغىنىسى ئارقىلىق مەكتەپ رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىقتىدارى بىلەن ئې- رىشكەن. ئۇ ئۆزى تالانت ئىگىسى بولمىسى- مۇ، لېكىن تىرىشچانلىقىنىڭ ئىنسانلارغا بەخت-سائادەت بېغىشلايدىغانلىقىنى چۈشى- نەتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، تانسىنى ئاز ئويناش، ھاراقنى ئاز ئىچىش، كىنونى ئاز كۆرۈش، ساھىبجامال قىزلارنىڭ كۆز- لىرىگە ئاز قاراش ئىدى. ھالبۇكى، تەق- سىماتتا ئۇنى يۇرتى غۇلجىغا تەقسىم قى- لىۋېتىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشقا قايسى تىلى شېكەر، ئىچى زەھەر باتۇرنىڭ دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنى ئۇرغۇن-سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىۋەت- كەن بۇ ئادەمنى زادىلا تاپالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ غۇلجىغا قايتتى.

ئۇ، يېڭى قۇرۇلغان بىر تېخنىكوم

مەكتەپكە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئىلمىي مۇدىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاددىيلا قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىپ، سورۇنلاردا تولا دېيىلىدىغان ئادەتتىكى رەسمىيەت گەپلىرىدىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويدى - دە، ئاندىن ئۇنى مۇئەللىملەر بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى.

— بۇ ياقنىڭ ئىسمى سالامەت، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ داشۆنى پۈتتۈرگەن، — دېدى ئىلمىي مۇدىر ئەرشىدىننى كېلىشكەن بىر قىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ. سالامەت ئۇنىڭغا ئوماق كۆزلىرىنى تىكتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۆز قوينىدا سىرلىق تىلسىماتلارنى يوشۇرۇپ ياتقان جىمجىت گىرىمسەن ئورمانلىققا ئوخشايتتى.

بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئەرشىدىنگە داشۆنىڭ خىيابان بېغىدا باغرىغا ئېلىپ سۆيگەن ئىسمىداش بىر قىزنى ئەسلەتتى...

ئۇ، مۇئەللىملەر ۋە ناتونۇش ئەمما پۈزۈر كىيىۋالغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتقاندا، ئاپىسى تاماقنى ئېتىپ تەييارلاپ قويغانىدى.

تاماقتىن كېيىن ئەرشىدىن ئۆزى يالغۇز تالاغا چىقتى. كۆز ئالدىدا داشۆدىكى ئامرىقى سالامەتنىڭ قارا كۆزلىرى يەنە پەيدا بولدى. بەش يىللىق مەكتەپ ھاياتى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان بىلىم بەرگەن شۇنداقلا ئۇنى سالامەتنىڭ ئىللىق باغرىغا ئىتتەرگەنىدى.

ئۇلارنىڭ كۈنلىرى ئەركىن ۋە بەختلىك ئۆتكەنىدى. ئۇلار غۇلجىنىڭ بۇلبۇللىرىغا ئوخشاش باھارنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى كۈيلەشكەنىدى، لېكىن ئوقۇش پۈتكەندە سالامەتنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىپ ئەرشىدىن بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلماي، ئۇنى خوتەنگە ئېلىپ كەتتى.

— مېنى كۈتۈڭ، ئەرشىدىن، سىز مېنىڭ كۆز نۇرۇم، سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن! — دېگەنىدى خوشلىشىش ئاخشىمى سالامەت ئەرشىدىنگە ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ.

مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەم ئازابلىق بولىدۇ. ئەگەر ئەرشىدىن بەزىلەردەك ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەيدىغان ماھارەتكە ئىگە بولغان بولسا، مۇنچىلىك ئازابقا قالمىغان، بەلكى شۇلارغا ئوخشاش ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتى. لېكىن مۇھەببەتكە سادىق بولۇش دېگەن قاراش ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مەھكەم ئورۇن ئالغانىدى.

قىش كىردى. قاغىلار غۇلجىنىڭ ئېگىز سۆۋادان دەرەخلىرىدىن ئورۇن ئالدى. شەنبە كۈنى كەچتە، ئەرشىدىننىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۇلار داستىخاندىكى نېمەتلەردىن ئوبدان بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن، قىزىق پاراڭغا چۈشتى ۋە دۇنيانى ئۇنتۇپ، تۈگىمەس ناخشىلارنى توۋلاشتى.

— قورغاسىننىڭ ئۆزىدىن پىۋا چىقسا مەن ئاق ھاراقنى تاشلايمەن، ئاغىنىلەر، بۇ ئاق ھاراق دېگەن نەرسىنى ئىچىۋەرسە ئەتىسى ئادەم بىر قىسما پۇراپ قالىدىكەن، ئوبۇكتام ئاغزىمدىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى، — ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئۆيدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئەرشىدىن، داشۆدە ئوقۇپ كەل-

دىلى ئاداش، ساڭا بىر رۇمكا خۇش كەتـ
تى قىلىپ قويـاي، ئاغىنىلەر ئىچىدىكى
بىلىملىكى سەن بولۇپ قالدىڭ، ياخشى
ئىشلە، ئاداش، ساڭا ئامەت كەلسە، سايىسى
بىزگىمۇ چۈشىدۇ! — سىپ-سىمزرەك كەلگەن
بىر يىگىت بىلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان
بىر رۇمكا هاراقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— رەھمەت، ئاغىنىلەر، سىلەر بولـ
ىاچقا، مەن مۇشۇ كۈنگە ئىگە بولدۇم.

— شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى سالامەت
بىلەن ئاراڭلاردىكى ئىشلار تۈگەشكەن بولـ
دىمۇ؟ — دەپ سورىدى ساقى.

— تۈگەشتى ...

— نېمە چاتاق چىقتى؟

— ھېچنېمە ...

— شۇ خۇيۇك تېخىچىلا ئۆزگەرمەپـ
تۇ-دە. ئۇ ساڭا تارتىشمىغاندىكىن سەنـ
مۇ ئۇنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتمەمسەن!

ئەرشىدىن جاۋاب بەرمىدى. ئۇ كەلـ
گەنلا رۇمكىنى ئۈتكۈزمەي ئىچىۋېرىپ،
مەست بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئاغىنىسىگە
ئۆمرىدە مۇنداق مەست بولۇپ باقمىغانـ
لىقىنى ئېيتتى.

بىر كۈنى، سالامەت ئەرشىدىننىڭ
ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ قىز بۇـ
گۈن بەكمۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى.
ئۇنىڭ كىيىشكەن چاچلىرى كىشىنى ئۆزىـ
گە مەپتۇن قىلاتتى، كۆزلىرى بولسا شېـ
ئىرغا ئوخشاش ھېسسىياتلىق ئىدى. ئامېـ
رىكىدا ئىشلەنگەن توپاقچە شىمى كىشىنى
تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ھېسسىـ
ياتقا چۆمدۈرەتتى.

— ياخشىمۇسىز، كىلىڭ، ئولتۇرۇڭ! —
ئەرشىدىن ئەدەب بىلەن بىر ئورۇندۇقـ
نى قىزنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، ئاندـ
ىن ئۇنىڭ كىيىشى بىلەن چاتىنقى يوق
ئادەمدەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تىرىشىپ
تاماكا تۈتاشتۇرۇپ، قىزنىڭ گەپ ئېچىشىنى
كۈتۈپ ئولتۇردى. ئەمما ئارىدىكى سۈكۈت
خېلىلا داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەر-
شىدىن ئۈستەلنى بوش چېكىشكە باشلىدى،
ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ جانلىق سۈرەتكە
ناۋان-ناۋاندا قاراپ قوياتتى. بىر نېمە
دېگۈسى بار ئىدى-يۇ، گەپنى نەدىن تېشىشـ
نى بىلمەيتتى.

سالامەت ئەرشىدىننىڭ خۇش خۇي
كەيپىياتىدىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قەدەم
تەشرىپ قىلىشى بىلەن يىگىتنىڭ ئەڭ نازۇك
سەزگۈر نېرۋىلىرىنىڭ ئويغانغانلىقىنى
بايقىدى.

— تۈنۈگۈن بىزنىڭكىدىكى ئولتۇرۇشقا
مەكتەپتىكى ياش مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى
بېرىپتۇ، سىز بارمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى
سالامەت.

— مەنمۇ بازاي دېۋىدىم، ئۇزۇمچىـ
دىن بىر نەچچە ئاغىنەم كېلىپ قېلىپ،
بارالماي قالدىم، ئەپۇ قىلىڭ!

— بايقىشىمچە، كىشىلەر بىلەن
ئارىلىشىشنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان ئوخشايـ
سىز! — دېدى سالامەت.

— خاتالاشتىڭىز، دەل ئەكسىچە،
مەن كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشنى
تۇرمۇشقا پىششىق ۋە تېخىمۇ كۆپ بىلىم
ئىگىلەشنىڭ بىر خىل يولى دەپ چۈشىـ
نىمەن، — دەپ كۈلدى ئەرشىدىن.

— مەن بىزنىڭ كافېدرادىكى
بەزى مۇئەللىملەرنى ياقتۇرمايمەن. ئۇلار-
نىڭ قىلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ زىيالى دېگەن
نامىغا ماس كەلمەيدۇ. مەنسەپنىڭ سۇنۇقى
تېگەرمىكىن دەپ كۈن بويى ئىلمىي مۇدىر

بىلەن مۇدىرنىڭ كەينىدە ئېگىلىپ، سوكۇلداپ يۈرىدۇ، ئىلىم ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماي، قانداق قىلىپ پىكاپقا ئولتۇرۇش ۋە يىغىنغا بارغاندا ئايروپىلانغا چۈشۈشنىڭ ئامالىنى تېپىش توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، سىزچە قانداق؟

— بۇ بىر خىل يۇقۇملۇق ۋابا. سالامەت، باشقا گەپلەرنى قىلمايلى! — ئەرشىدىن تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى ۋە سالامەتكە ھېسسىياتلىق كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى، — سىز بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنسىز!

— بۇ مېنى زاڭلىق قىلغىنىڭىزمۇ ياكى خۇشامەتمۇ، — سالامەتنىڭ يۈزى قىزاردى.

— ھەر ئىككىلىسى ئەمەس، مەن پەقەتلا خۇدا سىزگە ئاتا قىلغان نەرسىنى دەۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا سىز خەقتىن كېيىن قالدىڭىز، چۈنكى سىزدىن ئاۋۋاللا بىر نەچچە يىگىت مېنىڭ گۈزەللىكىمگە ئىقرار بولۇپ بولغان! — دېدى سالامەت.

— ئېھتىمال!

— ياق، ئېھتىمال ئەمەس، ئەمەلىيەتتە شۇنداق، — دېدى سالامەت.

— ئۇنداقتا ئاشۇ يىگىتلەر ھازىر قەيەردە؟

— بىلمەيمەن...

— بەزىلەر كۈلكىلا ئەمەس، بەلكى غەلىتە كېلىدۇ، ئۇلار ھەممىشە پالانچى قىز ئۇنداق چىرايلىق، مۇنداق يېقىشلىق دەيدۇ-يۇ، لېكىن ئۇ قىز بىلەن تونۇشقۇسى ۋە ئۇنى چۈشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ بىر خىل بىنورمال ئەھۋال!

سالامەت كۈلۈپ قويۇپ، گەپنى بىردىنلا باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

— بۇ دۇنيادا ماڭا سىرداش تېپىلمىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل!

— چوقۇم تېپىلىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيا بەكمۇ چوڭ، — دېدى ئەرشىدىن.

ئاشۇنداق سۆھبەت ۋە باردى-كەلدىلەر بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆز سېلىپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەر بوش ۋاقىتلىرىدا ھەدەپ ئۇياقتىن بۇياققا قاتىرىغىلى تۇردى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خەقنىڭ ئويلىغىنىدەك مۇناسىۋەت ئەمەس ئىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتتى، بىر كۈنى ئەرشىدىن دادىسىغا بىردىنلا:

— دادا، مەكتەپتە ئىشلىگۈم كەلمەي قالدى، خىزمەتتىن چېكىنەيمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— نېمە؟ — دادىسى ئوغلىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى. — ئىشلىگۈم كەلمەي قالدى دەمسەن؟! نېمىلەرنى دەپ يۈرۈسەن؟! جۆيلۈۋاتمايدىغانسەن؟!

— ياق دادا، جۆيلۈۋاتقىنىم يوق، بۇ خىيال كاللامغا كىرىۋالغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان.

دادىسى ئوغلىغا جاۋاب بەرمىدى. بىر ھازا ئىزدەپ يۈرۈپ تاماكا خالتىسىنى ئاران تاپتى. تەسلىكتە موخۇركا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن شورىدى.

— ماقۇل دېيىشىڭىزنى سورايمەن، دادا!

ئۆز ئوغلىنىڭ ئالدىدا بۇ ئادەم زادىلا مۇنداق ئۈن چىقارماي تۇرۇپ باقمىغان ئەمەس ئىدى. جاپا-مۇشەققەتلىك يىللارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئەر،

ئوغلىنىڭ سېزىلمەيلا ئەرلەر قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. بۇرۇنلاردا ئوغلى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان تەلەپلەرنى قويۇپ قالغۇدەك بولسا شۇ ھامانلا رەت قىلىۋېتەتتى، لېكىن ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئوغلى راستىنلا چوڭ بولدى، كۆڭلىدىكىنى ئېيتالايدىغان بولدى، ئەقىل تاپتى.

— خىزمەتتىن نېمىشقا چېكىنمەن دەيسەن؟

— چېكىنىش ئەمەس دادا، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئوشۇق ئىكەن، ھازىرچە ئۈچ يىللىق توختام بىلەن چىقماقچىمەن!

— داشۆدە ئوقۇشتىكى مەقسىتىڭ شۇمىدى؟

ئەرشىدىن جاۋاب بەرمىدى، ئۇ دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، بىر بىلىم ئىگىسى خىيالىغا كەلگەنلا ئىشنى قىلىمەن دېمەسلىكى كېرەك-دە!

— داشۆدە ئوقۇغانلار باشقا ئىش قىلسا بولمايدۇ دېگىلى بولماس، دادا، مەنمۇ بىر ئەر. يول ئىزلەپ باقاي دەيمەن!

— كەلسە-كەلمەس ئويلاردا بولما، بالام. ئەمەلىيەتكە يېقىنراق بولغىن، بۈگۈنكى كۈنۈڭ ئاسانغا توختىمىغان، خاتىرجەم خىزمىتىڭنى قىل!

— كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ، دادا!

— سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى نېمىشقا چۈشەنمەيسەن؟ — دادىسى ئوغلىغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى، — بىز بۇ كۈنگە ئاسان ئېرىشكەن ئەمەس، جاپا-مۇشەققەتنىڭ نېمىلىكىنى ئاز-تولا كۆردۈڭ، نېمە ئۈچۈن كەڭرەك ئويلىمايسەن؟

ئەرشىدىن دادىسىغا جاۋاب بەرمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارارىغا دادىسىنىڭ ئاسان قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. دادىسىنىڭ كۆڭلىنى دېسە، دادىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى.

— كۆڭلىڭىزنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ چۈشىنىمەن، دادا، سىز رۇخسەت بېرىڭ، مەن ئۆز يولۇمدا مېڭىپ باقاي.

— گېپىمنى ئاڭلا، بالام، مەن سېنىڭ داداڭ، قاراپ تۇرۇپ، خاتا يولغا كىرىپ قېلىشىڭغا يول قويسام قانداق بولىدۇ؟ پۇل كېرەك بولسا ماڭا دېگىن، ھەرگىزمۇ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىپ يۈرمە! — دادىسىنىڭ باشتىلا شۇنداق دېگۈسى بار ئىدى. بالىسىنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ كەتمىسۇن، دەپ دېمىگەنىدى.

— مەن بۇ ئىشنى پۇلنى دەپ قىلىمەن دەۋاتمايمەن، دادا! — ئەرشىدىن ئىشەنچ بىلەن كۈلدى.

ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قېتىمقى سۆھبەت شۇنداق ئاياغلاشتى. ئەرشىدىن مەيلى دادام قوشۇلسۇن-قوشۇلمىسۇن، چوقۇم ئۆزۈمنىڭ ئويۇم بويىچە ئىش قىلىمەن، دېگەن خىيالغا كەلدى.

— ئەمدى مەكتەپتە ئىشلىمەيدىغان بولدۇم، خىزمەتتىن چېكىنىپ ئاشخانا ئاچىمەن، سىزچە قانداق؟ — دېدى ئەرشىدىن سالامەتكە مەكتەپ ئۇلارنى ئورمانلىقتا باھار سەيلىسىگە ئېلىپ چىققاندا.

سالامەت ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— مەست بولۇپ قالمىغانسىز؟

— ياق، قىزلار بار يەردە ھەرگىز مەست بولمايمەن.

— مەكتەپ سىزنىڭ شۇنداق قىلىشـ

گىزغا قوشۇلامدىكەن؟

— بىلمەيمەن.

— نېمە ئۈچۈن باشقا بىر يولغا ماڭماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئۇقالماي قالدىم! — دېدى سالامەت.

— نېمە ئۈچۈن ھەممىلا ئادەم، بىرلا يولدا يول تالاشقۇلۇق! — دېدى ئەرشىدىن.

— مېنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قارىشىم مۇنداق، — دېدى سالامەت، — پۇل بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن خىراجەتكە يەتسىلا بولدى، چۈنكى تۇرمۇشتا نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ!

— سىز قانچە قېتىم ياتلىق بولغان؟ — دەپ سورىدى ئەرشىدىن ئۇشتۇمتۇتلا.

— مۇشۇنداقمۇ گەپ قىلامسىز؟ — سالامەتنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزاردى.

— ماقۇل، ئەمىسە، مەن سىلىقراق گەپ قىلاي، سىز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزگەنمۇ؟

— ياق، — سالامەت كۈلدى.

— بۇ گېپىڭىز بولدى، توي قىلمىغان ئادەم پۇلنى چۈشەنمەيدۇ!؟

— ماشىنىغا چىققايلى، قايتىدىغان بولدۇق! — سالامەت نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇردى.

ئۇلار مەكتەپكە قايتتى.

ئەتىسى ئەرشىدىن مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ، خىزمەتتىن چېكىنىش تەلىپىنى رەسمىي ئۇتتۇرىغا قويدى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەرشىدىن دادىسىغا مۇنداق دېدى:

— دادا، قورۇنىڭ كوچىغا يانداش تەرىپىگە ئاشخانا سالىمەن، ماڭا پۇل بېرىپ تۇرۇڭ، ئەگەر بۇ ئىشىمنى ئەخمەقلىق دەپ تونۇسىڭىز، مەن جاي خېتىنى بانكىغا رەھىنگە قويۇپ، ئۇلاردىن قەرز ئالىمەن.

دادىسى ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى دادىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، — خالىغىنىڭچە بولسۇن، مۇشۇ قورۇ-جاي بىلەن بارلىق مۈلۈكلىرىم ساڭا مەنسۇپ، «بېرىپ تۇر» دېگەن گەپ كەتمەيدۇ. لېكىن ساڭا دەپ قويۇۋدىغىنىم، سەن راستچىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغىن، بىر ئىشقا بەل باغلىغاندىن كېيىن، ئوغۇل بالىدەك ئاخىرىغا ئېلىپ چىققىن!

— رەھمەت، دادا!

ئەرشىدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى، ئۇ يەرگىلا ئەمەس، مەبلەغقە، قوللاشقا ئىگە بولدى. ئۇ تونۇشلار ئارقىلىق رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ، ئاخىرى تىجارەت كىنىشكىسىغا ئىگە بولدى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، چىرايلىق ھەم مىللىي ئۇسلۇبتىكى بىر ئاشخانا قەد كۆتۈردى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سالامەت ئەرشىدىننى ئىزدەپ كەلدى:

— ئەرشىدىن، ئاشخانىڭىز ئېچىلماي تۇرۇپلا داڭقىڭىز چىقىپتۇ. نېمىلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ باھاردا ئېچىلغان گۈللەردەك تەبەسسۇم بىلەن.

— ئەلۋەتتە ئاشخانام ئۈچۈن چېپىپ يۈرىمەن!

— بۇ ئاشخانىنى بەكمۇ چىرايلىق سالغۇزۇپسىز! — دېدى سالامەت خۇشاللىق

بىلەن.

— ئۆزۈممۇ بىر كىيلىشكەن يىگىت-تە، ئاشخانامىمۇ ئۆزۈمگە لايىق بولمىسا بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

— كىم سىزنى كېلىشكەن يىگىت دەيدۇ؟ — دېدى سالامەت ئوڭايسىزلىنىپ.

— تۇنۇگۇن بىر قىز كېلىپتىكەن. ئۇ مېنىڭ بىر ساۋاقداشىمنىڭ دوستى ئىدى، شۇ قىز ماڭا ئاشۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ماڭا كۆڭلىنى بېرىش - بەرمەسلىك ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ! — ئەرشىدىن كۈلدى.

— سىز ھەممە قىزنىڭ ياخشى كۆ-رۈشىگە ئەرزىيسىز! — سالامەتنىڭ يۈزلىرى قىزاردى ۋە يەرگە قاراپ داۋاملاشتۇر-دى، — كىنو بېلىتى ئەكەلگەنىدىم، چەت ئەل كىنوسىكەن بارامسىز؟

— نېمە كىنوكەن؟

— «ئۈچ پېشقەدەم ئەسكەر».

— ئۇ كىنونى تۈنۈگۈن بايا مەن سىزگە دېگەن قىز بىلەن كۆرگەنىتىم.

سالامەت ئۈنچىقمىدى.

— خوش ئەممىسە، ئازراق ئىشىم بار ئىدى! — دېدى قىز.

— بوپتۇ، بېلەتنى ئەكىلىڭ!

سالامەت خۇش خۇيلۇق بىلەن بېلەتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

كەچتە ئۇلار كىنوغا باردى. كىنو تۈگىگەندە، پۈتۈن ئاسمانىنى بۇلۇت قاپلىغانىدى.

— بەكمۇ ياخشى كىنوكەن، نېمە دېگەن ئېسىل چۈچەك - ھە! — دېدى سالامەت قىزغىنلىق بىلەن.

— ياق، بۇ چۆچەك ئەمەس، ئىن-سانىيەتكە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق، — دېدى ئەرشىدىن.

— نېمىشقا مۇشۇنداق دەيسىز، چۈشەنمىدىم؟

— چۈشىنىپ قالىسىز، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك! — دېدى ئۇ.

ئۇلار قوشلار سايراپ، گۈللەر ئېچىل-غان كوچىغا كىرگەندە، ئەرشىدىن بوش ئاۋاز بىلەن ناخشا غىڭشىشقا باشلىدى.

— مەكتەپتىكىلەر ئەرشىدىن پۇلنى دەپ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغۇەت-تى، دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى سالامەت.

— ئۇلار مېنى چۈشىنىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئىستىقبالى ھەر خىل بولىدۇ. ئىستىقبال ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ ھەر-خىل بولىدۇ، بەزى ئىشلارنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق!

ئۇلار سالامەتلەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

— ئۆيگە كىرمەمسىز؟ — دېدى سالامەت.

— خوش، ئاپىڭىزدىن ئەدىبىڭىز-نى يەپ يۈرمەك يەنە!

— ئاپام ئەزەلدىن ئەدىبىمنى بېرىپ باقمىغان.

— خوش ئەممىسە! — دېدى ئەرشى-دىن، — ئەتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

— قانداق چاغدا؟ — دېدى قىزيې-قىملىق ئاۋازدا.

— چۈشتىن ئاۋۋال!

— چۈشتىن ئاۋۋال ئىككى سائەت دەرسىم بار. توققۇزۇپلا باراي!

— خوش ئەممىسە، ئاپئاق قىز! — ئەرشىدىن ئۇنىڭ ئوتتەك يۈزىنى سىلاپ قويدى.

ئەرشىدىن كەتكەندىن كېيىن سالا-

مەتكە ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بارغانسېرى
چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنىدى. سالامەت
دەرۋازا يېنىغا ئورنىتىلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقـ
قا ئولتۇرۇپ، قورودىن چىقىدىغان ئېرىقـ
تىكى سۇ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ خىيالـغا
چۆمدى. يىراقتىن ئەرشىدىنىڭ ناخشا
ئاۋازى ئاڭلاندى...

ئەتىسى چۈشتە، سالامەت ئەرشىدىنـ
نىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— مەن سىزنى ياخشى قىز دەپ
بىكار ئېيتماپتىمەن، مانا، ئاپامنىڭ ئەتكەن
پولۇرىغا ئۈلگۈرۈپ كەلدىڭىز. كىچىكىمدە
بوۋام دائىم ماڭا: ياخشى مېھمان تاماق
ئۈستىگە كېلىدۇ، دەيتتى، — دېدى ئەرـ
شىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىزمۇ شۇنداق گەپلەرگە ئىشەـ
نىدىكەنسىز ـ دە!

— قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىنسانلارـ
نىڭ بىر خىل ئارزۇسى، بىز بۇنداق
ماقال ـ تەمسىللەرنى ئېسىمىزدىن چىقارماسـ
لىقىمىز كېرەك.

— سىز بەكمۇ گەپدان ئىكەنسىز، —
دېدى سالامەت.

— سىزنى چاقىرىشىمدىكى سەۋەبنى
بىلەمسىز؟ — دېدى تاماقتىن كېيىن ئۇ
سالامەتكە.

— بىلمەيمەن، مەن سىزگە ئوخـ
شاش ئەقىللىق ئەمەس! — دېدى سالامەت.

— بۇنداق دېمەڭ، ئاپپاق قىز، —
دېدى ئەرشىدىن، — مەن سىز بىلەن
پاراڭلاشماي دېۋىدىم!

— نېمە ئىش توغرىسىدا؟

— ئاشخانا ئىچىش توغرىسىدا!

— لېكىن مەن ئاشخانىغا دائىر ئىشـ
لارنى بىلمەيمەن ـ دە.

— بىلىپ قالىسىز، — دېدى ئەرشىـ
دىن، — مەن ئاچماقچى بولغان
ئاشخانامىغا «ئاياللار ئاشخانىسى»
دەپ ئىسىم قويماي دەۋاتىمەن، سىزـ
چە قانداق؟

— بۇ ئاڭلىمىغانلا بىر گەپىكەن! —
دېدى سالامەت خۇشخۇيلۇق بىلەن. ئۇـ
نىڭ كۆزلىرىدىن كىشىنى مەستقىلىدىغان
نۇرلار چاقنىدى.

— كېيىمگە قۇلاق سېلىڭ، ئاپپاق
قىز، مەن ئاشخانامغا بۇ ئىسىمنى مۇنداقلا
قويۇۋاتمايمەن، چوڭقۇر ئويلانغاندىن
كېيىن مۇشۇنداق قارارغا كەلدىم. ھازىر
غۇلجىدا ئاشخانىلار بەكمۇ كۆپ، لېكىن
بىرمۇ ئاياللار ئاشخانىسى يوق، دېمەك
ئاشۇ ئاشخانىلار ئەرلەر ئۈچۈنلا ۋە ئىچمە
لىككە تەشنا ئەزىمەتلەر ئۈچۈنلا ئېچىلـ
غان، ئاياللار بۇنداق ئاشخانىلارغا كىرىشكە
جۈرئەت قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ ئائىلە
ئاياللىرى ۋە يېزىلاردىن، باشقا ناھىيىلەرـ
دىن كەلگەن ئاياللارنىڭ بىرەر ئاشخانىغا
كىرىپ تاماق يېيىشى بەكمۇتەسكە توختايدۇ.
مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقاندا جەنۇبىي شىنـ
جاڭنىڭ بىر نەچچە شەھىرىگە بارغان،
ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچىرەك، غۇلجىغا
ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەردە خوتۇن ـ قىزلار ھەر
ھالدا ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېيەلەيدۇ،
لېكىن غۇلجىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىدا بۇنـ
داق ھوقۇق يوق، ئۇلاردىمۇ ئاشۇنداق
ئارزۇ بار. ئەمما ئارزۇلىرى جەمئىيەتنىڭ
چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئىگە بولالمىغان،
غۇلجىنىڭ ئاياللىرى يەنىلا بېسىم ئاستىدا
ياشاۋاتىدۇ، ئۇلار ئېغىر ئائىلە يۈكلىرىنى
ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشچان
ۋە چىرايلىق قوللىرى بىلەن بىرگە مەزـ

لىك لەگەن ۋە پولۇ، مانتا قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىپ بېرىدۇ، باش - كۆزىنى چوغدەك قىزارغان تونۇرنىڭ ئىچىگە تىقىپ نان يېقىپ بېرىدۇ، بىر ئائىلىنىڭ كىر - قېتىنى يۇيۇدۇ، لېكىن ئۇلار بوسۇغا ئاتلاپ تالاغا چىققاندا، ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت قىلىدىغان بىرەر ئاشخانا ياكى باشقا سورۇنلار يوق، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، — ئەرشىدىن سەل تىنىۋالدى، — راست، بۇ گەپلىرىمگە رەددىيە بەرگۈگىز يوقتۇ؟

— يوق، — دېدى سالامەت.

— ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، — دېدى ئەرشىدىن گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇلار ھەقىقىي ئائىلە خوجايىنى، پۇل ئاياللارنىڭ قولىدا، غۇلجىدا، مەن روھىي جەھەتتە ئۇلارغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرمەكچىمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم غۇلجا بويىچە، ھەتتا شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئاياللار ئاشخانىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان چىرايلىق قاپچۇقتىن چىقىرىش! سىزچە مېنىڭ بۇ خىياللىرىم ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ — ئەرشىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— سىز بەكمۇ جىق ئىشلارنى بىلىدىكەنسىز، سىزنىڭ تەسۋىرلىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى، — دېدى سالامەت ھاياجان ئىلكىدە.

— رەھمەت سىزگە، ئاشخانام تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، دوستلىرىڭىز بىلەن كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەرسىز، مەن سىلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋالىمەن!

— ئاشپەز ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنى تاپتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سالامەت.

— ياق، تېخى، مەن ئەتە گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ بىر ئاشپەز، بەش خىزمەتچى تەكلىپ قىلىمەن. بۇلار، ئەلۋەتتە، قولى ئەپلىك، ئايىغى چاققان يىگىتلەر بولىدۇ، قىسقىسى، خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈپ، رازى قىلىمىز.

— ئىشىڭىز چوقۇم ئوڭدىن كېلىدۇ!

— رەھمەت!

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، گېزىتتىكى ئېلاننى كۆرگەن ئونىنەچچە ئاشپەز ۋە خىزمەتچى ئەرشىدىننى ئىزدەپ كەلدى. ئەرشىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئاشپەز، بەش خىزمەتچى تاللىۋالدى.

— ئاغىنىلەر! — دېدى ئەرشىدىن قىزغىن ۋە سەمىمىي ھالدا ئۇلارغا، — ئاشخانىمىزنى بىر نەچچە كۈنگە قالماي ئاچىمىز، مەن سىلەرنىڭ ياخشى ماسلىشىپ، ئاشخانىمىز ئۈچۈن كۆيۈنۈپ ئىشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىزنىڭ ئاچىدىغىنىمىز ئاياللار ئاشخانىسى، ئەر مېھمانلارنى مەيلى ئەۋلىيانىڭ بالىسى بولسىمۇ قوبۇل قىلمايمىز. خىزمەتتە قىزغىن بولۇش، خۇش خۇي بولۇشنى ئېسىمىزدىن چىقارمايلى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تېخىمۇ كۆپ خېرىدارلارنى جەلب قىلالايمىز، ئاشخانىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئاچالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، كىمىكى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئەمەلىي تەكلىپلەرنى بېرىدىكەن، شۇ كىشى مۇكاپاتلىنىدۇ. خېرىدارلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلايلى، كىچىكلەرنى سىڭلىم دەيلى، چوڭلارنى ھەدە، چوڭ ئاپا دەيلى، خېرىدارلارنى ئاشخانىمىزدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان قىلىشقا تىرىشايلى!

— خوجايىن، كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئاشپەز مىرزا، — ئاشپەزنى ئىككى قىلساق، بولمىسا مەن ئاغرىپ قالسام ياكى كېلەلمەي قالسام ئىش ئاقساپ قالىدۇ!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭمۇ قولۇمدا چۆمۈچ توختايدۇ! — دېدى ئەرشىدىن ناھايىتى ئىشەنچلىك بىلەن.

— ئەڭ ياخشىسى، ئاشخانىغا تېلېفون ئورناتساق، — دېدى مىرزا.

— پىكرىڭ ئورۇنلۇق، مىرزا، بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى، مەن سېنى مۇكاپاتلايمەن! — دېدى ئەرشىدىن خۇشاللىق بىلەن.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، ئەرشىدىن ئاشخانىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن يېقىملىق ناخشىلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختاپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدىغان «غۇلجا ئاياللار ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىغا كۆز يۈگۈرتىشەتتى.

مانا ھازىر ئاشخانا مېھمان بىلەن لىق تولدى، قىزلار كۈلكە-چاقچاق ئىچىدە غىزالىناتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئاشخانىدىن كۆرۈنۈش ئېلىۋاتاتتى.

مۇخبىر كېلىشكەن بىر قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىلى بىرىنچى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

— سىزچە بۇ ئاياللار ئاشخانىسى بولامدۇ؟!

— بىزچە بۇ ئاشخانا بەكمۇ ياخشى ئېچىلىپتۇ، بىزمۇ ئەمدى يىگىتلەرگە ئوخشاش ئاشخانىدا كۆڭۈللۈك ئولتۇرالايدىغان بولدۇق، چۈنكى بىز ئون يەتتە، ئون سەككىزگە كىرگەن قىزلار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئورغۇنلىغان ئۆرپ-ئادەت كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسى بولغاچقا، باشقا ئاشخانىلاردا ئازادە ئولتۇرالمايتتۇق.

غۇلجىنىڭ ياز كۈنلىرى بەكمۇ گۈزەل بولىدۇ، ياز — قىز-يىگىتلەرنىڭ دۇنياسى، لېكىن سالامەت يازنىڭ ئېسىل كۈنلىرىدىكى شېكەر شەنبىنى باشقا قىزلارغا ئوخشاش باغچىدا ياكى كونا ئۇسلۇبتا سېلىنغان كىنوخانىدا ھۇزۇرلىنىپ كۆتۈۋالالمىدى. ئەكسىچە، كاردىۋاتتا يېتىپ، خىيالغا چۆمدى.

— تامىقىڭنى يەۋال، سالامەت! — سالامەتنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— بىر نېمە يېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ئاپا! — دېدى سالامەت روھسىز ھالدا.

— خىيالىڭغا كەلگەنلا ئىشنى قىلىمەن دەپ يۈرمە قىزىم، جاھىللىق قىلما، سەن دېگەن داشۆ پۈتتۈرگەن قىز، ئۆزۈڭنىڭ قەدىر-قىممىتىڭنى بىلسەڭ بولىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئاياللار ئاشخانىسىغا بېرىپ ئىشلىمىسەڭ بولمايدىكەن؟! قىز بالا دېگەن خىيالىغا كەلگەنلا ئىشنى قىلىمەن دېسە بولمايدۇ!

— مەن كىچىك بالا ئەمەس، ئاپا، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بىلىمەن! — سالامەت گېپىنى تۈگىتىپ، ئۆيدىن چىقتى-دە، ئەرشىدىننىڭ ئاشخانىسى تەرەپكە

قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆز قەلبىنى ئەرشىدىنگە ئاتا قىلىشنى خالايتتى. ئەرشىدىن سالامەتنىڭ قىزغىن ۋە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنچلىك كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئەرشىدىن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، سالامەت بىلەن سوغۇق يېمەكلىكلەر ئاشخانىسىغا كىردى. ئاشخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى جىمجىت ئىدى. قىزلار بىر-بىرى بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، شوخ يىگىتلەر ئىلى ئاق ھارىقىنى شىخۇ پېۋىسىنىڭ بوتۇلكىسىغا قۇيۇپ ئىچىشۋاتاتتى.

— مەنمۇ سىز بىلەن بىللە ئىشلەي دەۋاتىمەن، قوبۇل قىلامسىز؟ — سالامەت ئىچىۋاتقان پېۋىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئەرشىدىننىڭ كۆزىگە قارىدى.

ئەرشىدىن دەرھال جاۋاب بەرمىدى، سالامەتنىڭ مۇنداق دېيىشى ئەرشىدىننىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. ئۇ بۇ قىزنى ھۆرمەت قىلاتتى، سالامەتنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىنىمۇ بىلەتتى، لېكىن تامامەن ھېسسىياتقا تايىنىپلا بۇ گەپنى قىلىۋاتقان قىزغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلمايمەن، سىز كۆڭلىڭىزنى باشقا ئىشقا بۆلمەي، مەكتەپتە ئىشلەۋېرىڭ! — دېدى ئەرشىدىن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن دېگەن ئوغۇل بالا، نېمە قىلغۇم كەلسە، شۇنى قىلالايمەن؟ — دېدى ئەرشىدىن، — ئەلۋەتتە، دۇنيادا ئەۋلىيادەك مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ، قىزلارنىڭمۇ، يىگىتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاجىزلىقى بولىدۇ، بىز مۇشۇ ئاجىزلىقىمىزنى ئېقرار قىلغاندىلا، ئۆزىمىزنى ئازاد قىلالايمىز؛ بارا-بارا ئەقلىمىزنى تاپىمىز. شۇڭا مەن سىزنىڭ قارارىڭىزغا قوشۇلمايمەن!

— لېكىن مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاشخانىڭىزغا كېلىپ ئىشلەيمەن، — دېدى سالامەت.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، مېنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنى تەڭ قىلماڭ، يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دۇنياسى بولىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى سالامەت، — قىزلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا دۇنياسى بولىدۇ، يىگىتلەرنىڭ دۇنياسى بىلەن قىزلارنىڭ دۇنياسىنى قوشقاندا، مۇكەممەل دۇنيا بولىدۇ. سىزگە ئىشلىرىڭىزنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان بىر قىز كېرەك ئەمەسمۇ؟

— قىز دېگەن نېمانچە يېقىملىق ئاتالغۇ-ھە؟! — دېدى ئەرشىدىن.

سالامەت كۈلدى. ئاندىن ئەرشىدىنگە:

— تالاغا چىقىپ بىر دەم ئايلانساق قانداق دەيسىز، يۇلتۇزلار بىزنى تەكلىپ قىلغاندەك قىلىشىدىغۇ؟ — دېدى.

ئۇلار سۇۋادان تېرەكلەرنى ئارىلاپ ماڭدى، مەيىن شامال ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى، غۇلجىنىڭ كېچىسى قانداق گۈزەل-ھە؟!

— خەقلەر ئاسماندىكى ھەر ئىككى يۇلتۇزنى بىر جۈپتىن ئاشىق-مەشۇقلەرمىش دېيىشىدىكەن! — دېدى سالامەت ئۇماق ئاۋازدا.

— بەلكىم!

— كىشىلىك دۇنياسى ئۇلارنى قويىنىغا سىغدۇرماسمىش. شۇڭا ئۇلار كىشىلىك دۇنياسىغا كېلىپ ھايات كەچۈرۈشنى خالىماسمىش.

— نېمىشقا سىغدۇرمايدىكەن؟ — ئەر-

شىدىن سورىدى.
— چۈنكى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ مۇھەب-
بىتىنى چۈشەنمەي، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ
ئارىسىدا ياشىغىلى قويمايمىش.
— بەلكىم.
— نېمە بولدىڭىز، كەچكىچىلا بەلكىم،
بەلكىملا دەيسىزغۇ؟
— بەلكىم مەن مۇھەببەتنى چۈشەن-
مەيدىغاندىمەن! — دېدى ئەرشىدىن.
ئۇلار ئۇزۇنغىچە جىم مېڭىشتى.
— كىشىلىك ھاياتتا مەڭگۈلۈك نەر-
سە يوق، ئەرشىدىن، — دېدى سالامەت، —
ئادەم دېگەن بەكمۇ ئەقىللىق بولۇپ كەت-
سە بولمايدۇ!
ئەرشىدىن ئۇنچىقماي ئۇنىڭغا مۇ-
ھەببەتلىك كۆزلىرىنى تىكتى.
ئۇلار سۇۋادان دەرەخلىككە كىردى،
جىمجىت ئاسفالت يول ئىككى قانىتىدىكى
سۇۋادان دەرەخلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە شې-
رىن چۈش كۆرۈۋاتاتتى، قۇشلار توختى-
ماي سايرايتتى.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن، سالامەت ئەرشىدىننىڭ ئاشخانىس-
ىغا كېلىپ ئىشقا چۈشتى.
يازنىڭ گۈزەل كېچىلىرىنىڭ بىرىدە
ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا باردى. جىم-
جىت ھالدا غەربكە قاراپ ئېقىۋاتقان دەر-
يا سۈيىنىڭ شاۋقۇنى بىلەن ئۇلارغا سىر-
داش بولدى. ئېتىزلىقلاردىن، يايلاقلاردىن
مەيىن شامال ئۇرۇلماقتا ئىدى. يىراق-
يىراقلاردىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى...
— يازغان خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم! — دې-
دى ئەرشىدىن دەرياغا قاراپ تۇرۇپ، —
ھەر بىر ئادەم مۇھەببەتنى قوغلىشىدۇ، لې-
كىن مۇھەببەت تولىمۇ كۆلكىلىك نەرسە.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ يۈ-
رىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ ئەرشىدىن-
نىڭ ئاي نۇرى غۇۋا يورۇتقان كۆزىگە
قارىدى.
— مۇھەببەت ئۇنچىۋالا ئاددىي نەر-
سە ئەمەس، سالامەت، ھەقىقىي مۇھەببەت-
كە ئېرىشىش ئۇچۇن ئۆمۈر بويى تىرىشىشقا
توغرا كېلىدۇ، مېنىڭمۇ ئۆز مۇھەببىتىم
بار، لېكىن ئۇ سىز بىلەن ئىسمىداش يەنە
بىر سالامەتكە مەنسۇپ، دېدى ئەرشىدىن.
— نېمە دېدىڭىز؟ باشقا بىر سالامەتكە؟
— ئۇ ھازىر خوتەندە، بىز مەكتەپنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاپىسى بىز-

نىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلماي، ئۇنى ئە-
كەتكەن، مەن ھازىرغىچە شۇ سالامەتنى
كۈتۈۋاتىمەن!

سالامەت جىم بولۇپ قالدى، ئۆزى-
نىڭ مۇشۇنداق بەختسىز بولۇپ قېلىشى ئۇ-
نىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. ئۇ بىردىن خاتا
ئىش قىلىپ قويغاندەك تۇيغۇ ئىچىدە
ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى.

ئۈچىنچى كۈنى، سالامەت ئەرشىدىنـ
گە ھېسابات ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتا مۇنداق
دېدى:

— مەن مىرزا بىلەن ئۇرۇمچىگە بې-
رىپ ئاشخانا ئېچىشنى قارار قىلدىم، ئەتىلا
ماڭىمەن، خوش ئەمىسە، تېخى گۈزەل،
ئىچى زەھەر يىگىت.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىزنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ.

—خاتالاشتىڭىز، سىز بۇ يولغا ماڭماڭ،
ئەڭ ياخشىسى، مەكتەپكە كېتىڭ.

— سىز بەكمۇ سۆزمەن ئىكەنسىز، لې-
كىن مەن سىزنىڭ بۇ تەلىملىرىڭىزنى چۈ-
شىنەلمەيمەن، — سالامەت گېپىنى تۈگى-
تىپ، خاپا ھالدا كەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تېلېۋىزىيە ئىس-
تانسىسىنىڭ ھېلىقى بىرنەچچە مۇخبىرى
سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئەر-
شىدىننىڭ ئاشخانىسىغا يېتىپ كېلىشتى.

— يولداش ئەرشىدىن، تۈنۈگۈن بىز
گېزىتتىن سىزنىڭ ئانا مەكتىپىڭىزگە پۇل
ئىئانە قىلغانلىقىڭىز ھەققىدىكى خەۋەرنى
ئوقۇپ، بەكمۇ تەسىرلەندۇق، بۇ ھەقتە
ئويلىغانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇمىز بار ئىدى.

— مەن ئانا مەكتىپىمگە بەش مىڭ
سوم ئىئانە قىلدىم، مەن تېخىمۇ كۆپ
كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا مەكتەپلىرىنى ئۇنتۇپ

قالماسلىقىنى ۋە چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئۆز
ئانا مەكتىپىگە ئاز-تولا ئىش قىلىپ بې-
رىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئايال مۇئەل-
لىملەرنى ھۆرمەت قىلىمەن، ئۇلار پۈتۈن
مىللىتىمىزنىڭ ئانىسى.

— بەزىلەر سىزنى پۇل تاپىمەن دەپ
ئاشخانا ئېچىۋالدى دېيىشىدىكەن، بۇ ھەقتە
بىر نېمە دەپ بېرەلەمسىز؟

— ياق.

— باشقا ئويلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ
سورىدى مۇخبىر.

— بار.

— بىزگە ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— ياق، — دېدى ئەرشىدىن، — ئە-
مەلگە ئاشمىغان ئىشلىرىمنى خەققە زادىلا
دېگەن ئەمەسمەن. كەچۈرۈڭلار.

مۇخبىرلار كەتتى.

ئەرشىدىن ئاياللار ئاشخانىسىنى تې-
خىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى پىلانلاۋاتات-
تى. كۆڭلىدىن غۇلجا ئاياللىرىنىڭ كەلگۈ-
سى نامايان بولۇپ ئۆتمەكتە ئىدى.

سالامەتنى تونۇيدىغان كىشىلەر
ئۈرۈمچىدىن ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ھەر خىل
خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

بىر ئايدىن كېيىن، ئەرشىدىن سالا-
مەتنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتنىڭ
مەزمۇنى مۇنداق ئىدى. «... سىزگە نېمە
دېسەم بولار، ئەرشىدىن مەن سىزنى ئەم-
دى چۈشەنگەندەك قىلىمەن. سىز بەكمۇ
توغرا ئېيتقان ئىكەنسىز، تۇرمۇش بىلەن
چاقچاقلاشقىلى بولمايدىكەن، ھەر ئادەم ئۆ-
زىنىڭ يولىدا مېڭىشى كېرەك ئىكەن، مەن
سىزنىڭ يېنىڭىزدىن كەتكىنىمگە بەكمۇ پۇ-
شايمان قىلدىم، مەن مىرزا بىلەن ئۈرۈم-
چى پويىز ئىستانسىسىدا بىر ئاشخانا ئاچ-

قان، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كۈنى بازاردىن كەلسەم ھېلىقى مىرزا دېگەن ساختىپەز بىزنىڭ ئاشخانىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان كىچىك قىزنى باشلاپ گۇاڭجۇغا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى. مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ۋاپاسىزلىق قىلدى. مەن ئەمدى ئازاب ۋە نومۇس ئىچىدە بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. قانداق قىلىشىمنىمۇ بىلمەيمەن، ئەرشىدىن، ئەگەر سىز مېنى قايتىپ كېلىڭ دېسىڭىز مەن چوقۇم قايتىپ كېتىمەن ...»

ئەرشىدىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىدى. ئەتىسى، ئەرشىدىن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازدى. لېكىن ئارىدىن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، سالامەت قايتىپ كەلمىدى. ئەرشىدىن قاتتىق ئويلىنىپ قالدى، پەقەت ئونىنچى ئاينىڭ بىر كۈنى سالامەت ئەرشىدىننىڭ ئاشخانىسىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قايغۇ-ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەرشىدىننى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن بەكمۇ خۇشالمەن، ساق-سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟

— رەھمەت، قايتىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بولۇپتۇ، ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئەرشىدىن.

— لېكىن مەن سىزگە بىر يامان خەۋەر ئەكەلدىم. بەلكىم بۇ خەۋەر مېنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن، بۇ ئىشقا كەلگەندە خۇدايىم ماڭا كۈچ-مەدەت بېرەر دەپ ئويلايمەن. سىزگە كۆڭلىنى بەرگەن ھېلىقى سالامەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ؟ — دېدى سالامەت بەكمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— سىز خوتەنگە باردىڭىزمۇ؟

— ھەئە، خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، سالامەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلەي دەپ خوتەنگە باردىم، سىزنىڭ سالامىتىڭىز بىلەن كۆرۈشتۈم.

— ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟ — ئالدىراپ سورىدى ئەرشىدىن.

— تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىپتۇ!

— نېمە ... سىز باشقا بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالمىغانسىز؟ — دەپ سورىدى ئەرشىدىن.

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، مەن تېخى ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن قوندۇم! ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىكەن، كۆڭلىمۇ ناھايىتى يۇمشاق ئىكەن، ئۇ ماڭا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلدى، يۇرتىڭىزغا كېتىڭ دەپ مەسلىھەت بەردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆزلەشتىم، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا چىققانلىقىنى بىر خاتالىق دەپ تونۇيدىكەن، ئانىسى ئۇنى تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا مەجبۇرلاپ بېرىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئۇرغۇنلىغان تەرىپىڭىزنى قىلىپ بەردىم، لېكىن ئۇ ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلمىدى ...

ئەرشىدىن تاماكىسىنى چېكىپ بۇتتەك ئولتۇراتتى.

— مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاشخانىڭىزغا كېلىپ ئىشلىسەم قانداق دەيسىز؟ — دېدى سالامەت.

— مەكتەپكە بارغىنىڭىز تۈزۈكمىكىن، مەكتەپ سىزنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى.

— مەكتەپ مېنى راست قوبۇل قىلامدىكەن؟

— شۇنداق، سىز ئەتىلا مەكتەپكە بېرىڭ، تۇرمۇش بىلەن چاقچاق قىلماڭ.

زۇلپىقار

# «ھال سوراش»

(ھېكايە)

ـــ ناھىيىمىزدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان
رايوندىن ھال سوراش، ـــ دەپ سۆز باشـ
لىدى مەلۇم ئىدارىنىڭ بۆلۈم خادىملىرى
يىغىنىدا بۆلۈم باشلىقى، ـــ نۆۋەتتە ھەر بىر
ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مەيدانىنى سىنايـ
دىغان مۇھىم مەسىلە، ھەممە ئىدارە ـ ئورـ
گانلارنىڭ ھال سوراش ئۆمەكلىرى ئارقاـ
ئارقىدىن ھال سوراشقا بېرىشماقتا، ئىداـ
رىمىزمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالماسلىقى كېرەك.
ـــ مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن، ۋىـ
لايەتتىكى ھەممە ئىدارە، مەھكىمىلەر ھال
سوراش ئۆمەكلىرى ئەۋەتىشمەكتە. ئاپتوـ
نوم رايوننىڭ ھال سوراش ئۆمىكىمۇ كەلـ
گۈدەك دەيدۇ، بۇ تازا ياخشى پەيت، بىز
يۇقىرىنىڭ ھال سوراش ئۆمەكلىرى بىلەن
بىرلا ۋاقىتتا بارساق تېخىمۇ ياخشى.
ـــ ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر بولسىمۇ
ئوتتۇرىغا قويايلى، پىكىر بېرىشتە دادىل
ۋە قىزغىن بولايلى، دېموكراتىيىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇش كېرەك.
ـــ مېنىڭچە، ھال سوراشقا بېرىش
مەسىلىسىدە باشقا پىكىر يوق، ھەممەيلەن
قوشۇلىدۇ.
ـــ شۇنداق، قارشى پىكىرلەر يوق.
ـــ ھە، ئۇنداق بولسا، دېمەك، كۆپـ
چىلىك بۇ مەسىلىدە بىر پىكىرگە كەلدى،
ئەمدى بېرىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار ئۆزىـ
نى مەلۇم قىلسا، رەھبەرلىك ئەھۋالغا قاـ

---

ـــ مەن بەكمۇ خۇشالمەن، ئەرشىـ
دىن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ...
ـــ بولدى، ئۇ گېپىڭىزنى دېمەڭ، بەـ
زى گەپلەرنى ئۆمۈر بويىمۇ دېمىگۈلۈك ...
ـــ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەرشىـ
دىن، مېنى ئاپىرىپ قويالامسىز؟
ـــ سىزگە نىمە دېسەم بولار، ـــ ئەرـ
شىدىن بىردىنىلا بىرمۇنچە نەرسىنى
چۈشەنگەندەك بولدى، ـــ سالامەت، باتۇر قىز
بولۇپ يېتىلىشىڭىز كېرەك، دۇنيادا يول
دېگەن كۆپ، ھەر ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك
يولنى تېپىشى كېرەك، ئۆزىڭىز كېتىۋېـ
رىڭ، قاراڭغۇدىن قورقمىسىڭىزلا، چوقۇم
ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولغان يولىڭىزنى
تاپالايسىز.
سالامەت يىغلىۋەتتى.

راپ مۇۋاپىق تاللاپ، بىر «ھال سوراش ئۆمىكى» تەشكىل قىلساق قانداق؟

— بولىدۇ، ئالدى بىلەن مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلاي، بېرىشنى خالايمەن.

— مەنمۇ باراي ...

— توختاڭلار، توختاڭلار، يولداشلار، ھەممەيلەن بارغىلى تۇرساق بۇنىڭ كاماندىروپكا خىراجىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟

— كاماندىروپكا پۇلى دېگەن بار نەرسىغۇ؟

— ئۇغۇ بار، بىراق. بىر كۈنلۈك كاماندىروپكا پۇلى ھازىر بىر ۋاقلىق تاماقىمۇ يەتمەيدۇ، شۇڭا قوشۇمچە ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى ياكى كاماندىروپكا پۇلىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى ئويلاشمىسا، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار يولداشلارغا تەس بولىدۇ.

— توغرا، بۇنى ئويلاشماي بولمىغۇدەك، بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ئىكەن.

— قىيىنچىلىقى بار يولداشلار ھال سوراشقا چىقمىسا بولمىدىمۇ؟

— ئەگەر ئۇلار بېرىشنى خالىسا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپەمدۇق؟

— ئەمىسە، مۇشۇ ھەقتە مۇزاكىرىلىشەيلى. تېخى، مېنىڭچە، پاراۋانلىق فوندىدىن ئازراق چىقىم قىلساق قانداق بولار؟

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ...

— ئەمدى، ھال سوراشقا نېمە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى بار ...

— مېنىڭچە، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك بىر نەرسە ئېلىپ بارساق، مەسىلەن، ئەڭ ياخشىسى، نەق پۇل ئېلىپ بارايلى.

— نەق پۇل؟ پۇلنى قەيەردىن چىقىم قىلىدۇ؟ بۇ گەپ پەقەت ئېيتماققىلا ئاسان!

— ئىدارە چىقىم قىلسىمۇ بولىدۇ، بولمىسا، ئىئانە يىغسا ...

— ئىئانە!؟

— خەپ-شۇك! ھەرگىز ئۇ گەپنى قىلماڭ! بۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى.

— راست ئەمەسمۇ، پالانى يېزا، پوكۈنى ناھىيىنىڭ بىزگە نېمە پايدا-زىيىنى؟ پايدىسى بولسا ھۆكۈمەت كۆرىدۇ، زىيىنىغىمۇ ئىگە بولسۇن-دە!

— ھەي، يولداشلار، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ پىكىر بېرەيلى، كىچىك يىغىن ئاچمايلى.

— مېنىڭچە، ئىدارە بىر ئاز پۇل چىقىم قىلسا بولارمىكىن.

— قايسى ھېساب تۈرىدىن چىقىم قىلىدۇ؟

— بۇ دېگەن مەمۇرىي ئورۇن، كىرىم يوق، يولداش!

— پاراۋانلىق فوندىدىن چىقىم قىلسا بولىدىغۇ؟

— پاراۋانلىق پۇلى؟ بۇمۇ خۇددى يانچۇقىڭىزدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، كاماندىروپكىغىمۇ شۇنىڭدىن قوشۇمچە قىلىمىز دەۋاتىمىز. ھېيت-بايرامدا ئۇنى-بۇنى سېتىۋالساق قوشۇپ بېرىدىغانغا پۇل ئاز قالسا پىكىر چىقماسمۇ؟

— راست دەيدۇ، ھەرگىز بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولماڭلار.

— مېنىڭچە، دۆلەت خېلى كۆپ قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجراتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بىزدەك مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشىغا ھاجەت يوق، بىز ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە مەنىۋى جەھەتتىن مەددەت بەرسەكمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— توغرا، بۇ پىكىر خېلى جايىدا بولدى.

— پىكىرىڭىزنى كونكرېتراق ئېيتىپ باقمامسىز.

— مەسىلەن، بىز ئۇلارغا بىر دانە بايراق تەقدىم قىلساق قانداق؟ بايراققا ئۇلارغا مەددەت بولىدىغان سۆزلەرنى يازساق، بىر بايراق دېگەنگە ئانچە كۆپ چىقىم كەتمەيدۇ.

— توغرا، ئىنتايىن ئورۇنلۇق پىكىر

بولدى. بۇ پىكىرگە بىرىنچى بولۇپ مەن قوشۇلىمەن.

— ھەممەيلەن قوشۇلىمىز، بۇنىڭدىن ياخشى چارىگە نەگە باراتتۇق.

—...

— ئۇنداق بولسا پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۇرەيلى. بايراق تەقدىم قىلىشقا كۆپچىلىك بىردەك قوشۇلدۇق، ئەمدى بايراققا نېمىدەپ يېزىش ھەققىدە ئويلىشىپ باقاق، ئادەم كۆپ بولسا تەدبىر كۆپ بولىدۇ، ئەقىل كۆپ بولىدۇ.

— شۇنداق، بايراققا يېزىلىدىغان خەت ھەم ئاز، ھەم ساز بولسۇن.

— ئۆزى ئاددىراق گەپ بولسىمۇ، مەنىسى تىرەن بولسۇن.

— مەن دەپ باقاي، مېنىڭچە: «ئاپەتكە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىڭلار» دەپ يازساق.

— بۇنىڭدا بىز يۇقىرىدا تۇرۇپ ئۇلارغا چاقىرىق قىلىۋاتقاندەك بولىدىكەن. مېنىڭچە، شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «تىرىشىڭلار» نى «تىرىشايلى» دەپ ئۆزگەرتسەك.

— بۇمۇ بىر «نامزات» بولۇپ تۇرسۇن، يەنە ئويلىشايلى.

— مېنىڭچە، شۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «ئورتاق» دېگەن سۆزنى قوشۇپ «... ئورتاق تىرىشايلى» دېسەكچۇ؟

— ھە، بۇمۇ بىر «نامزات» بولسۇن.

— «ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتەيلى» دەپ يازساق تېخىمۇ داغدۇغىلىق بولامدۇ!

— بۇ گەپنى يېزىش ئۈچۈن ئىككى بايراق كەتكۈدەك...

— يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قېلىپلاشقان تەشۋىقات شوئارلىرىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىۋاتقان نەرسە بولغاندىكىن باشقىچىرەك سۆزلەرنى يازغىنىمىز تۈزۈك، مەسىلەن: «ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا ئېھتىرام» دېگەندەك...

— بۇنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىكەن.

— ئىككى مىسرا بېيىت يازساق تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ. مەسىلەن: «ئۇرغىتىپ بىز غەيرەتنى، تۈگىتىمىز ئاپەتنى»...

— ھا...ھا...ھا...بۇمۇ بىر گەپ بولدى - دە!...

— مېنىڭچە، بۇ بېيىت خامراق بولۇپ قالدى، لېكىن بېيىت يېزىش تەكلىپى خېلى جايىدا قويۇلغان.

— ئۇنداق بولسا ھەممىمىز بېيىت ئويلايلى...«بىز يۈيگۈك ئەۋلادى...» ھەي، تازا قاملاشتۇرالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

— بۇنداق بولغاندا بەك تەس كېچىككە كىرىپ قالىمىز. بېيىت - پېيىتنى قويۇپ، باشتىكىدەك بىرەر جۈملە ئويلىساق بولمىدىمۇ، مېنىڭچە، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «...ئېھتىرام» دېگەن سۆز ئىنىتايىن مۇۋاپىق.

— ھەي، بايراق دېگەنگە بۇنداق سۆزنى يازغاننى كۆرمەپتىكەنمەن.

— ئەمدى كۆرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، بۇمۇ بىر يېڭىلىق!

— گەپنى كۆپ ئۇزارتماي شۇ سۆزنىلا يازساق قۇتۇلامدۇق. سائەت توشۇپ قېلىۋاتىدۇ. يەسلىدىن بالىنى ئېلىپ كېلىدىغان گەپ...

— شۇنداق قىلايلى،ھەممىمىز قوشۇلدۇق.

— ئەمىسە، بايراق ئەتىگىچە تەييار بولسۇن، سەھەردىلا يولغا چىقىمىز. تۆۋەندە ئىسمى چىققان يولداشلار قېلىپ قالساق، بايراقنى قانداق تەييارلاش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋالايلى...




ئارسلان

# كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكان

(سىكىل)

## ئانا تارباغاتاي

بىر قارىسام، تاغلار قەددى باش ئۈستىدە،
ئۈگدىيىشىدۇ چوققىلىرى كۆكتە ئېگىز.
مۇز داۋانلار چاقنىتىپ ئاق قويىمىسىنى،
قارار ماڭا ئىنچىكىشكەندەك بولۇپ تېز - تېز.
بىر قارىسام، بۇلۇتلۇق تاغ قالار پەستە،
مەن ئاسمانغا چىققاندەكلا بولۇپ گويا.
يېقىنلايمەن قۇياشقىمۇ،
ئاچار جامال
سەلتەنەتلىك تاغلار ھۆسنى گۈزەل دۇنيا.
بۇلۇت بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرار بوندا
قارىغاي ۋە ئارچا، شەمشاد ئەرسىر بويى.
شارقىراتما سايىسىنى ئېتىپ كېتەر
بەلدىن ھاڭغا سەكرىگەندە دەريا سۈيى.
بىر قارىسام، ئايىغىمدا لەھەل ئېقىن،
يېشىل چۆپلۈك ئېتەك يايغان ئۇپۇقلارغا.
ئالتۇن ئېتىز، ياقۇت چىمەن مىسلى دېڭىز،
تارار كۆكتىن لاچىن ئۈنى ئۇزاقلارغا.
تارباغاتاي، قۇچاقلىدىم تاغلىرىڭنى،

كۆزلىرىمگە ئېقىپ كىردى دەريا گويا.
گۈل ۋە ئورمان ھەدى، بۇلاق سالقىنلىرى،
تاڭ تۇمانى، بۇلبۇل كۈيى جانغا شىپا.
ئاچ قويىنۇڭنى گۈل مەنزىرە، گۈلگۈن گۈلشەن،
ئوغلۇڭ كەلدى، باغاشلىسۇن باغرى تويۇپ.
دىلغا كىردى قار ۋەتىنى—تىك چوققىلار،
بەرگەن ئۇلار سۆيگۈ، ھۇرلۇك ماڭا كۆيۈپ.
تارباغاتاي، تاغلىرىڭغا قويدۇم ھەۋەس،
چوققىلاردا ئۇچىسمۇ قار - يامغۇر تىنماي.
بۇلاق، ئېقىن كۆپ كۆتەردى ئەينىكىنى،
تارباغاتاي، سەن كۆڭلۈمدە يورۇغان ئاي.
بالا چاغلار يۈرگەنىدىم بۇ يەرلەردە،
چەۋىقنى ئات قىلىپ چېپىپ يالاڭ ئاياق.
ئەپسانىۋى باتۇرلارنى ئويلار ئىدىم،
قاپقاراڭغۇ ئورمانلارغا قاراپ ئۇزاق.
تەسەۋۋۇرنى ئويغىتاتتى رىۋايەتلەر،
ھايات نىمە، مەن چۈشەنمەي تۇرۇپ تېخى.
ئاھ، سەندە بار قانچە چۆچەك، قانچە كەچمىش،
بارمىش گۈلدە قان، كۆكاتتا تەرنىڭ دېغى.
تارباغاتاي، سېنى گۈللەش — قوغداش ئۈچۈن،
قانچە مىليون ئەجداد بولغان تۇپراق يېمى؟
بوراندا بار بوۋىلارنىڭ ھۆركىرىشى،
قىلىچلىرى چاقنار چاقماق چاققان چېغى.
ئاھ، سەندە بار قانچە تۆھپە، قانچە قىسمەت،
كۈيلىنىدۇ شامالىلارنىڭ سازلىرىدا،
تالاي يىللار بولدى سەندىن ئايرىلغىلى،
ھۆسنىڭ چاقناپ كەلدى تۈيغۇ نازلىرىدا.
مەن سۆيۈمەن سېنىڭ رەڭدار ئاسمىنىڭنى،
ئاق بۇلۇتنىڭ، كۈلۈپ چىققان كۈنلىرىڭنى.
قىز - يىگىتلەر دەريا بويلاپ سىر ئېيتىشقان،
كۆكتىمۇ ئاي، سۇدىمۇ ئاي تۈنلىرىڭنى.
مەن سۆيۈمەن گىلەم ياپقان دالىلارنى،
گۈلگۈنلۈكنى، يېشىللىقنى، گۈزەللىكنى.
گۈل پۇراشقا كەلدىم بۈگۈن تارباغاتاي،
جەڭگاھتىغۇ كۆپ كۆرسەتكەن مەن ئەرلىكنى.

## سالام، ئېمىل!

قايتتىم يەنە ئاي پارلىغان بويۇڭغا،
سالام ئېمىل، بۇدۇر چاچلىق دولقۇنلار.
قايتتىم يەنە كۈن تۇغۇلغان قوينۇڭغا،
ئانا دەريا، ئەللەيگە باي شاۋقۇنلار.
باقتىم ساڭا، باقتىم سۈزۈك تاڭغا مەن
گارمون تارتىپ جىر جىرلىغان شوخ دەريا.
سالام، بۇغا مۈڭگۈز چايقاپ ئۆتكەن سۇ،
ئارقار پەسكە قاراپ تۇرغان تىك قىيا.
سالام ساڭا، تاجىلىق تاغلار دۇنياسى،
قۇش ئۆتەلمەس چوققىلاردىن كەلگەن سۇ.
گۈل قۇچاقلاپ ياتار يايلاق يولۇڭدا،
ھەر تامچاڭدا ھەسەن - ھۈسەن كۈلگەن سۇ.
توقايلىق قاش. قاراڭغۇ باغ ئەسسالام،
لاچىن كۆكرەك ئۇرغان ئاسمان ئەسسالام!
بەيگە چاپقان، ئوغلاق تارتقان داللار،
جەرەن سەكرەپ قاچقان ئورمان ئەسسالام!
سالام كىندىك قېنىم تامغان ئالتۇن يۇرت،
ئېغىزلانغان ئىدىم زەمزەم سۈيىڭدە.
مەن شۇ يەردىن كىرىپ كەلگەن دۇنياغا،
باشلاپ ھايات سەپىرىنى كۈيىڭدە.
سالام، گۈللەر، سۈيى گۈلگۈن مەنزىرە،
سالام، تۇغقان يەر، ئېپارلىق گۈلباھار.
كۈلسەڭ ئېمىل، كۈلدى تاڭمۇ قىزىرىپ،
سالام، قۇياش كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇغۋار.
تاڭنى يۇيۇپ، كۈننى سۆيۈپ ئاققان سۇ،
گويا ماڭا قۇچاق يېيىپ كېلىسەن.
ئاۋازىڭدا بار ناخشىنىڭ ئاھاڭى،
پىچىرلايسەن، چاقىرىسەن، كۈلىسەن.
ئاققۇش ئاتار دولقۇنلارغا ئۆزىنى،
بەزەن چۆچۈپ كېتەر يىراق ۋارقىراپ.
بەزەن كىشنەر ئايغىر يەلپۈپ يايلىنى،
كونكا ئۆتەر كۆۋرۈكىڭدىن غارقىراپ.
دولقۇن ئېيتار پۈتمەس چۆچەك قىرغاققا،
دەريا ئاقار بۇرما - بۇرما يول سىلىپ.
بۇلبۇل ئۈنى، گۈلنىڭ ھىدى ھاۋادا،
دەريا ئاقار يەر - زېمىننى مەست قىلىپ.
مەجنۇنتاللار سۇ بويىدا چاچ تارار،
نازلىق شامال لەۋ تەككۈزەر يۈزۈمگە.
ماڭا تونۇش ۋە ناتونۇش بۇ جايلار
ئوخشاش ئىسسىق كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە.
شاۋقۇنلىرىڭ يۇرتنىڭ ئانا تىلىمۇ،
مېنى كۆرۈپ كۆپەيدى سۆز كۈلكىسى.
چاقنار بالا چېغىمدىكى خىيالدەك
دولقۇنلىرىڭ دۇنياسىنىڭ جىلۋىسى.
ساقلىنىپتۇ قاش بويى، سۇ ئاستىدا
مەن سۈزۈشكە ئامراق سۈزۈك — ئاپئاق تاش.
قويرۇق يەلپۈپ ئۈزگەن ئالتۇن بېلىقلار
ۋە قۇلۇلە قېپى ھەتتا ئاي، قۇياش.
تىك يارلارغا، چىمەنلەرگە قارايمەن،
كىرپىكلىرى نەملىنىپتۇ گۈللەرنىڭ.
مەنزىرىسى كېلەر خىرە ئالدىمغا،
مەن بۆلجۈرگەن تېرىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ.
تۇيۇلىدۇ چۈشۈمدىلا كۆرگەندەك
بۇ مەللەر، بۇ كوچىلار، بۇ باغلار.
سەبىيلىكىم قەيەرلەردە قالغاندۇ،
تال چىۋىقتىن ئات ياسىغان شۇ چاغلار؟
بالىلىقىم كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ،
بالىلاردەك قىيغىتىشقان — ئوينىغان.
ئاڭلانغاندەك تۇيۇلىدۇ ئانامنىڭ
تونۇش قەدەم ئۈنى يېنىك تاشلىغان.
تاغقا تۇتاش يوللار ياققا قارايمەن،
قارىغات ۋە ئالما سۇنار ئورمانلار.
يۈرىكىمدە بۇ جايلارنىڭ يوللىرى،
گۈزەل يازى، سوغۇق قىش، نەم تۇمانلار.
يۈرىكىمدە بۇ جايلارنىڭ بوستانى،
ئىللىتقۇچى ئاپتىپى، ئاق ئاي نۇرى.

ياۋا بادام، ئەترە گۈللەر چاتقىلى،
قوي بۇلۇتى، يەلقا دۈپۈر ـ دۈپۈرى.

*　*

ياشلىقىمدا قايتتىم ئېمىل قوينىغا،
كەتكىنىمدە يېشىم ئىدى گۆدەك ياش.
شاۋقۇنىڭ كۆپ تووۇلاپ مېنى چۈشۈمدە،
دولقۇنلىرىڭ ياستۇقىمغا تۆككەن ياش.
توكسام ئويلاپ ئاپتىپىڭنى ئىسسىنغان،
يۈرىكىمدە دولقۇنلايتتىڭ چاڭقىسام.
يۈلەنگەندەك ئانىسىغا باللار
يۈلىنەلمەي قىرغىقىڭغا چارچىسام.
باللىقنىڭ كۆپى قالدى ئاتۇشتا،
ئۇنتۇمىدىم لېكىن سېنى بىر كۈنمۇ.
كۆپ يۇرتلارنى كېزىپ كەلدىم ياش تۇرۇپ،
چۈشۈمدىن يوق چەققان چېغىڭ بىر تۈنمۇ.
سەن جەننەتتەك گۈزەل ئەمەس ۋە لېكىن
سېغىنغاندا جەننەت ئوخشاش تۇيۇلدۇڭ.
سەندە جاپا، سوغ قارا كۈنۇ، بەخت بار،
سېغىنغاندا داغسىز قۇياش تۇيۇلدۇڭ.
كۆپ يۇرتلارنى كەزدىم، يۈرەك يۇردى مەس،
گويا گۈل ۋە باغلىرىڭدىن ھىد ئېلىپ.

بۇ يەردىكى گىياھ، تۇپراق، يامغۇرلار
جېنىم بىلەن كەتكەچ مەڭگۈ چېتىلىپ.
چاتقاللارنىڭ سايىسىنى تۇيار دىل،
جىلغىدىكى ئەكس سادا قوزغار ھېس.
مەن سېنىڭدىن كۆردۈم ۋەتەن ھۆسنىنى،
سېنى دېدىم، يىغلاپ، كۈلدۈم يازۇ ـ قىش.
كىندىك قېنىم تامغان بۇيەر سۆيۈملۈك،
سۆيۈملۈكتۇر ھەر بىر تىكەن، ھەر بوستان.
ياپراقلارغا تامغان شەبنەم تامچىسى
سۆيۈملۈكتۇر مۆلدۈر بولاق، كۆك ئاسمان.

*　*

كۆكۆل كۆرۈپ ئۆز يۇرتىنى سۆيۈندى،
ئانا دۇنيا ئاچتى قايتا كەڭ قۇچاق،
مېنى باققان، نە بىر مېنى،
سۇتىدە ـــ
ئەلنى باققان ئانا كۆكسى بۇ تۇپراق.
ياش ئاققۇزار كۆزدىن يۇرتىنىڭ جامالى،
بېرىپ سۆيگۈ، ئۈمىد، ئارام جانلارغا.
ماڭدىم دەريا بويلاپ قايناپ ھاياجان،
ماڭغىنىمدەك قاراپ پارلاق تاڭلارغا.

سالام ساڭا، سۆيگۈگە باي شاۋقۇنلار،
گارمون تارتقان، جىر جىرلىغان دولقۇنلار.

## ياۋا بادام ئورمانلىقى

(تارباغاتاي رايونىدا 20 مىڭ مودىن ئوشۇق مەيداندا ياۋا بادام ئورمانلىقى بار)

گېزىت خەۋىرى

قەيەردە بار سەندەك چەكسىز بادامزارلىق،
بىر ئۇيۇقنى بىر ئۇيۇققا تۇتاشتۇرغان؟
گۈمبەز كەبى كۆكنى، كۆكتەك كەڭ زېمىننى
ئەبەدىيلىك قۇچاقلىغان رەڭدار ئورمان.
تەۋرىنىسەن، شاۋقۇنلايسەن ئالدىمدا سەن،
قات ـ قات زەڭگەر دولقۇن قوزغاپ دېڭىزسىمان.
سەن جىلغىغا، قاپتاللارغا ئېتەك يايغان
يېشىل قالقان، يېشىل قەلئە، يېشىل جاھان
زۇمرەت دەرەخ ـــ گۈللەر قاقار كىرپىكىنى،

باھار سۆيگەن دالا دىلنى ئەيلەيدۇ مەس.
لىڭشىپ تۇرغان شاخ ئۈستىدە سايراپ چىقار
شوخ بۇلبۇللار تاڭ ئاتقىچە قايناپ ھەۋەس.
شەبنەم تەۋرەر چىغىر يولدا، گىياھلاردا،
ئەتىر گۈللەر توقايلىقى ئىرماش ـ ئىرماش.
قوينۇڭ ماكان قاراڭغۇلۇق، سالقىنلىقتا،
كۆلەڭگەڭنى قوغلىيالماس ھەتتا قۇياش.
ئاق چېچەكلەر دولقۇنلىسا باھار چېغى،
ياقۇت بادام تۆكۆلىدۇ كەلگەندە كۈز.
ئارچا باسقان قىيا مارار مۇئەللەقتىن،
قارايمەن دەپ چوققىلاردىن غۇلار قار ـ مۇز.
جىلمىيىپلا ھاياجاندىن تىترىدىڭسەن،
ئاھ، بادامزار كەلسەم بىللە تاڭ بىلەن مەن.
كۆزلىرىمدە ئىپقىن ئەكسى، چېقىن ئەكسى،
بادام ھىدى، ئالما ھىدى پۇركىدىڭسەن.
چىقتى قۇياش، چىقتى ئالەم پادىشاھى،
تەنتەنىدە بالقىپ يېشىل دولقۇنلاردىن.
سەن ئويغاندىڭ، كۆرگەنلىرىڭ غەممۇ، خوشلۇق؟
چۇشلىرىڭدە ھاياتنىكى شاۋقۇنلاردىن.
سىنىڭدە بار ياۋايىلىق، قەدىمىلىك،
ھەر خىل ھايۋان، ھەر خىل ھەرىكەت، ھەر خىل سۈرەت.
تارىخ سىڭگەن سۈكۈتتىكى مەڭگۈلۈككە،
جىلمىيىشتى كونا چۇشلەر بىر ـ بىر ھەيۋەت.
بۈزدى قەدىم جىمجىتلىقنى بۈك ئورماننىڭ
يىراق كەچمىش زامانلارنىڭ ئات دۈپۈرى.
خىرە پارلاپ كۆرۈندىڭ يىللار چوققىسىدا،
ئەجدادلارنىڭ ئاياغ ئىزى، قەلب نۇرى.
ئاھ، سەن تاغلار، سۈرۈسەنكى قاچان زۇۋان؟
كىم ئۈستۈرگەن بۇ ئورماننى، قايسى زامان؟
كىم يىقىلغان پارلاپ كىمنىڭ زۇلپىقارى،
قايسى شۆھرەت كۆمۈلگەن ۋە قايسى قالغان؟!
تەۋرىنىسەن، ئۈنچىقمايسەن نېمىشقا سەن؟
قانداق چاقماق چاققان، چىققان قانداق بوران؟
ۋاقىتنىڭ بۇ ئەبەدىيلىك سەپىرىدە،
سەن شۇۋىرلاپ ئېيتماقچىسەن كىمگە داستان؟

## ياۋا ئەتىر گۈل

(تارباغاتاي تاغ باغرىدا 380 مىڭ مو مەيداننى ئىگىلىگەن ياۋا ئەتىر گۈللۈك بار)

گېزىت خەۋىرى

قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭ ياۋا ئەتىرگۈل
چەكسىز دېڭىز كەبى سالغان ئۈپۈققا.
ئانىسىدۇر قۇياش جىمى رەڭلەرنىڭ،
ئەتىرگۈللەر باقار قۇياش — يورۇققا.
ئېقى ۋىجدان، قىزىلى قان قىزارغان،
سېرىقلىرى سارغايغانمۇ ھىجراندىن.
قالغان قايسى ئەجدادنىڭ دەرد، كۆز يېشى؟
نازۇك تىترەر يېشىل ياپراق پىغاندىن.
ئۈيىنتىدۇ ئاينىڭ نۇرى كېچىسى،
ئۈيغىتىدۇ ئۈپۇقدىن تاڭ جىلۋىسى.
قۇچاقلايدۇ شەپەقنى گۈل تارتىنىپ
غۇنچىلاردا قىز لېۋىنىڭ كۈلكىسى.
ئۇششۇتەلمەس تومۇزدىكى جۇدۇنلار،
كۆلپەتتىمۇ گۈللىنىدۇ داتلىماي.
ئەلگە بېرەر ئەتىر، دورا، گۈزەللىك
ئەجىر كۈتمەي، مىننەت قىلماي، بۇتنىماي.
گۈلنىڭ غۇنچە ئېچىشىنى كۆرەي دەپ،
بۇلبۇل سايرار كېچە بويى پىغاندا.
گۈل ئېچىلار باسقاندا تاڭ غەپلىتى،
بۇلبۇل قالار كۆرەلمەستىن ئارماندا.
ساداقەتنى شۇنداق ئۆنسىز سىنايدۇ،
بۇلبۇل سايرار گۈل كۆڭلىنى ئالالماي.
گۈل تارقىتار ئەتىر ھىدى سۆكۈتتە
ۋە ياش تۆكەر سۆيگۈسىنى باسالماي.
سۈزۈك تۇمان لەيلىگەندەك دېڭىزدا،
ئۇچار ھەرە، كېپىنەكلەر توپلىنىپ.
كۆتۈرۈلەر ناخشا، سوقسا شاماللار
جۇشقۇن ھايات ئويىنار ئۇسسۇل تولغىنىپ.

### سوغىگۈل

سوغىگۈل ئۆزىگە يۇرت قىلغان ئېمىش
دۇنيادىن بەشلا چوڭ ماكانىنى تاللاپ،
شۇ يۇرتنىڭ بىرىدۇر باي تارباغاتاي،
خىلمۇ - خىل سوغىگۈل ئۆسىدۇ ياشناپ.
ئېچىلار ئاق، يېشىل، سۆس قوڭۇر، سېرىق،
چايقىلار ناز قوشۇپ چىمەنلىكلەرگە.
گۈللىسە بېزەيدۇ چەكسىز دالىنى،
قۇرۇسا شىپا كۆپ كېسەللىكلەرگە.
بۇ گۈلنىڭ بېشى خوپ پەسكە ئېگىلگەن،
گويىكى دىل رىشتى يەرگە چېگىلگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## ئىنسان ھەققىدىكى لىرىكىلار

### كەم ئىزىلدى يېپقا مەرۋايىت

مەرۋايىتنى ئۈزۈپ ئالدى قىز،
بىر ھاياجان، خىيالەن ئويناپ.
دۇمىلاشتى مەرۋايىتلار تېز،
مەن تۇرغان بۇ تەرەپنى بويلاپ.

قىز ئېگىلدى مەرۋايىت تېرىپ،
بولى كۆرۈپ ئېگىلدىم مەن ھەم.
تەڭ توختاشتۇق قالغاندەك ھېرىپ،
بىر مەرۋايىت قالغاندا بۇ دەم.

قول سوزمىدىم، قىزنى ئالار دەپ،
ماڭا بېقىپ قول سوزمىدى قىز.
ياندى ئۆتتەك قىز مەڭزى ھەدەپ،
شۇ ھالەتتە قالدۇق ئىككىمىز.

كەم تىزىلدى يىپقا مەرۋايىت،
يۇرەكلەرنى تىزغاندا رىشتە.
مەرۋايىتقا سوققانمۇ ماگنىت،
ئۆزگە ھېسقا تولدى پەرىشتە...

## ۋىسال چېپى

تولۇن ئايدا كۆلەر ئىككى ياش،
يېرىم ئايدا يىغلار تەنھا قىز.
تولۇن ئايغا قارايغاندا قاش —
پەنجىرىدىن باقتۇق ئىككىمىز.

ئاي بېقىپتۇ بىزگە ئاسماندا،
ئايغا بوپتۇق ئىككىمىز قۇياش.
ئايمۇ ھىجران چېغى پىغاندا،
ھۇددى بىزدەك تۆكەر ئىكەن ياش.

قىزاردى ئاي مەي ئىچىپ بۇ دەم،
كىيگەن كەبنى قىزىل ئۇستىباش.
بىر چەينەكتىن چاي ئىچىپ بىز ھەم،
قىزىرىپتۇق شۇ ئايغا ئوخشاش.

## ئۈمىد پەقەت ئىنسان ئىلكىدە

تىك چوققىدا بىر بۈركۈت تۇرار،
كۆكسىدىكى ساداقنى تىرناپ.
تاغ باغرىدا بىر يىلان سويلار،
قان تامچىسىن سېزىپ يېقىنلاپ!

قۇياش تاغقا ئالدىرار بۇ دەم،
تۇرالماستىن كۆكتە مۇئەللەق.
زەخمىلەنگەن قۇشتەك ئۇمۇ ھەم
تاشلاپ كېتەر قان رەڭلىك شەپەق!

تاغ تېگىدە تۇرۇپتىمەن مەن،
يېشىم تۆكۈپ بۇلاققا بۇ ئان.
مەنمۇ خۇددى ئاشۇ غەم بىلەن،
تامىسىمۇ ھېچ يېرىمدىن قان...

باش كۆتۈرۈپ، ئۇرسام يىلاننى،
ھالاكەتتىن قۇش بولسا خالاس.
نۇرغا كۆمۈپ چەكسىز ئاسماننى،
كۆتۈرۈلسە ئۇپۇققا قۇياش!!

ئۈمىد پەقەت ئىنسان ئىلكىدە،
شۇنچە سىرلىق بولسىمۇ جاھان.
تەبىئەتتە قۇدرەت كۆپ نېمە،
ئەمما ئەقىل مۆجىزى ئىنسان!!

## قىش قەلئەسى ئورماندا تەنھا...

كۈز كېچىسى، ئەرۋاھمۇ، شامال،
يا نەي چالغان پادىچى بالا؛
كۆڭۈلسىز بىر چۈشمۇ، يا خىيال،
مېنى ئەنسىز قىلغان شۇنچىلا...

كۈزگى ئورمان يەڭگۈشلەپ ئېگىن،
سارغۇچ تۇغلار تاققان شاخلارغا.
كۈز شامىلى پەچىرلاپ، سېكىن
دېيىشىدۇ: «ھايات، ئەلۋىدا...»

كۆلچەكلەردە دات رەڭگى ياپراق،
پېتىق - لايلار ئىچىدە خازان.
ھازىداردەك ئايمۇ كىيىپ ئاق،
بۇلۇتلارغا تامچىتار پىغان.

مەن يۈرىمەن دۇغدىيىپ، غەمكىن،
سۆكۈناتتا بېشىم سىلىپ جىم.
كۆلگە باقسام خازاندەك لېكىن،
غىل - پال لەيلەپ تۇرار چىرايىم...

پەرياد قىلغۇم كېلەر شۇ تاپتا،
ماڭا زىندان توختام كۆل گويا.
تالقان بولۇپ كەتسەممۇ ھەتتا،
مەيلى ئىدى ئېپكەتسە دەريا.

«دەريا!» دەيدۇ مۇردىلارمۇ ھەم
قەبرىلەرنىڭ توپىسىن تېشىپ.
تۇرغۇن ھالەت ئۆلۈككىمۇ غەم،
كۆز شامىلى سۆزلەر ياندىشىپ...

چۆچىگەندەك خىيالدىن تۇگەل،
تۇمان باسقان ئاسمانغا باقتىم.
مۇخلار بېسىپ كەتكەن بىر ھەيكەل،
سۇكۇناتتا تۇرار ئىدى جىم.

ئۇچقۇندىدى قارمۇ ھاۋادا،
جۇدۇن بىلەن غالىبتەك گويا.
قالدى ھېسسىز ھەيكەل بىپەرۋا،
قىش قەلئەسى ئورماندا تەنھا.

كۆز كېچىسى ئەرۋاھمۇ، شامال،
يا نەي چالغان پادىچى بالا.
بىر كۆڭۈلسىز چۈشمۇ، يا خىيال،
مېنى ئەنسىز قىلغان شۇنچىلا...

ھاجى ئەخمەت

# شېئىرلار

## شېئىر دېگەن...

شېئىر دېگەن ئوزۇق بولسا ئەقىلغا،
ئوقۇغانلار مەنىسىنى چۈشەنسە.
شېئىر دېگەن سىڭىپ كىرسە ھەر دىلغا،
كىشى ئۇنىڭ چىنلىقىغا ئىشەنسە.

شېئىر دېگەن شېرىن بولسا مەي كەبى،
ئوقۇغانلار تامىقىنى تامشىسا.
شېئىر دېگەن يۇيۇپ دىلدىن غۇبارنى
خاسىيەتلىك يامغۇر بولۇپ تامچىسا.

شېئىر دېگەن بولۇپ زەمزەم بۇلىقى،
چاڭقىغانىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرسا.
شېئىر دېگەن بولۇپ قۇياش يورۇقى،
دىلدا سۆيگۈ گۈلخانىنى ياندۇرسا.

شېئىر دېگەن بولسا سۆيگۈ رىشتىسى،
ئىككى يۈرەك بىر ـ بىرىگە چېتىلسا.
شېئىر دېگەن بولسا جاننىڭ شىپاسى،
زەئىپلەرنىڭ جېنىغا جان قېتىلسا.

شېئىر دېگەن گۈلدۈرماما چېقىنى ــ
بولۇپ، ئۈگدەك غاپىللارنى ئويغاتسا.
شېئىر دېگەن بولۇپ ھاۋا ئېقىمى،
يۈرەكلەردە كۈچلۈك بوران قوزغاتسا.

شېئىر دېگەن ھۆرلۈك سۆيەر ئىنسانغا
چىن مەدەتكار،
ھەقىقەتكە تۇغ بولسا.
شېئىر دېگەن نىقاب ئەمەس يالغانغا،
رەزىللىككە قارشى نەشتەر ــ تىغ بولسا.

شېئىر دېگەن ئەلنى ئالغا ئۈندىسە،
ئىگە بولۇپ جەڭ مارشىدەك ئۈنۈمگە.
شېئىر دېگەن ئېتىقادنى كۈيلىسە،
ئوقۇپ جەڭچى بارسا دادىل ئۆلۈمگە.

شېئىر دېگەن ياخشىلىقنىڭ كانىدەك،
بارچە ئىنسان ئۇنى ئوقۇپ سۆيۈنسە.
شېئىر دېگەن بولسا جاھاننامەدەك،
ئارزۇلارنىڭ مەنزىلگاھى كۆرۈنسە.

شېئىر دېگەن ئاچسا قاندىن گۈل -
چېچەك،
يەمچۈك بولماي ساختىپەزلەر دامىغا.
شېئىر دېگەن بولسا راستىن شېئىردەك،
داغ چۈشمىسە شائىرلارنىڭ نامىغا...

## نەۋرە

گۈل شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل،
ئىشقىنى كۆي - قوشاقا قېتىپ.
غەمسىز ئۇخلار ئوغۇل ۋە كېلىن
تال باراڭنىڭ ئاستىدا يېتىپ.

لېكىن ئۆيدە ئىككى قەدىناس
تۈن - كېچىنى ئۆتكۈزەر بىدار.
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆشۈك،
موماي ئەللەي قوشىقىنى ئېيتار.

ئەگەر يىغلاپ ئويغانسا نەۋرە،
بوۋاي چۆچۈپ توختار خورەكتىن.
بىر بۆشۈككە سوزۇلار شۇندا
ئىككى قول تەڭ ئىككى تەرەپتىن.

ئوغۇل بىلەن ئەپ ئۆتسە كېلىن،
ئاتا - ئانا كۆڭلى سۇ ئىچەر.

## تۈلكە

تۈلكە چۈشۈپ قاپقانغا،
پۇتى سۇندى - قايرىلىپ.
ئاران قېچىپ قۇتۇلدى،
قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ.
تەقدىر دېگەن شۇ بولسا،
ئامال نېمە شورلۇققا؟!

نەۋرىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن،
ئۇلار ھەتتا جېنىدىن كېچەر.

مانا شۇنداق ياشايدۇ ئۇلار،
كۆچكىنىگە قەدەر قەبرىگە.
جان ئارامى، مېھرىنى بېرەر
دەسلەپ بالا، كېيىن نەۋرىگە.

## ئارزۇ

(لېرمونتوۋغا تەقلىد)

گەرچە «مەھبۇس» بولسىمۇ ئېتىم،
ياخشىلىق قىل، پەقەت بىر قېتىم!...
توختا، يەنە توختىغىن بىر پەس،
ئۆز ئەركىمدە ئېلىپ بىر نەپەس،
ئاندىن گۆرگە كىرسەممۇ كىرەي!
قۇلاق سالغىن ماڭا، بۇرادەر،
يوق ئىلكىمدە ئەسلا كۈمۈش - زەر،
سەدىقەڭگە جېنىمنى بېرەي!
يورۇقلۇقا كۆنۈكسۇن كۆزۈم،
مەنمۇ كۈننىڭ نۇرىنى كۆرەي.
كۆز يېشىمدا يۇيۇلسۇن يۈزۈم،
بىردەم ھۆرلۈك پەيزىنى سۈرەي!
ئۆز ئەركىمدە ئېلىپ ساپ نەپەس،
غەمنى ئۇنتۇپ، ئېچىلىپ - كۈلەي.
گەر ئۆلسەممۇ
زىنداندا ئەمەس،
ئەل - يۇرتۇمنىڭ باغرىدا ئۆلەي!...

ئۆزى تاپقان بالانى
دۈككەپ قويدى قۇيرۇققا:
«شۇ قۇيرۇقنىڭ پەيلىدىن
مەن قاپقانغا تۇتۇلدۇم.
جان ساق قالدى...
مىڭ شۈكرى!
ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلدۇم.»

تەلئەت ناسىرى

## تەلمۈرۈش

باللىقتا تەلمۈرۈپ ئايغا،
«يېتىم قىز» نى كۆرەتتۈق ئايدا.
ئايغا بېقىپ ئايدىڭ كېچىلەر،
پىچىرلاشقان ئىدۇق ئارماندا.

توي قىلماققا باغلىدۇق نىيەت،
مۇرادىمىز بولمىدى ھاسىل.
دەۋر بەرگەن مەرىپەت شەرتى،
بولدى بىزگە يېمىرىلمەس پاسىل.

قالدىم، كەتتىڭ ئايرىلدۇق خۇشال،
ھەر ئىككىمىز ئىككى توچكىدا.
مەستان بولۇپ يۈردۇق ھەر يانە،
ئىختىرا ھەم ئىجاد ئىشقىدا.

خوپ سېغىندىم، سېغىندىڭ سەنمۇ،
ئېچىلمىدى يولىمىز بىراق.
يەر شارىدا تۇرساقمۇ بىللە،
بولدى شۇنچە ئارىمىز يىراق.

ئىشقى ئوتى چوچۇلا ئېتىپ،
ۋۇجۇدىمدا قالمىدى ماجال.
ئىرادىدە ئىككەگدەپ شەرتنى
بەسلىشەيلى، تاپايلى ئامال.

يالغۇز بېقىپ ئايغا كېچىلەر،
كۆرمىكىم بەس ئايدا سايەڭنى.
يەتمەك ئۈچۈن ئارزۇ- ئارمانغا.
ئىشقا ئاشۇر سەنمۇ غايەڭنى.

ئىشقىمىزنىڭ يالقۇنلىرىنى،
راكىتىغا تۇترۇق قىلايلى.
تەلمۈرۈشنى ئىجادتا ئۆرتەپ،
ئايدا ئوينىاپ، ئايدا كۈيلەيلى.

مەھمۇد زەيدى

## شېئىرلار

### كىتاب

كىشىكى كىتابقا دىل بەرسە ئەگەر،
باغلايدۇ بىلىگە ئالتۇندىن كەمەر.
مۇقەررەر ئۇنىڭكى كۈچى ئۇلغىيىپ،
قول سۇنسا ئەگەردە تاغلار باش ئىگەر.

كىتاب كۆر، كىتابتىن نىجاتلىق كېلۇر،
بىلىم ئۇ ساڭا يار، قول- قانات بولۇر.
ئىگەللە كۆپ بىلىم، ئۆرلە پەلەككە،
مېۋىسى — ئەجرىڭدە يۇرت ئاۋات بولۇر.

ئەجدادلار نام ئالغان ئىلىم- پەن بىلەن،
ھاياتنى بېزىگەن ئەمگەك، جەڭ بىلەن.
كارۋانلار سەپەردە ئازماي يۈرسۇن دەپ،
كومپاسنى ياراتتى ئىشلەپ پەم بىلەن.

## گۈزەللىك

گۈزەللىك پەرىشتىسىن كۆرمەك ئىزدەيمەن،
گۈزەللىك بابىدىن ئۆرنەك ئىزدەيمەن.
باھاردا باغ ئارا گۈزىلىم بىلەن،
گۈزەللىك زوقىنى سۈرمەك ئىزدەيمەن.

مەن چىن گۈزەللىككە كۆڭلۈمنى بەردىم،
كۆڭلۈمگە گۈزەللىك گۈللىرىن تەردىم.
تېخى گۈل ئاچمىغان ئۆمۈر شېخىمنى
گۈللىتىش ئۈچۈن مەن غۇلچىم كەردىم.

تۈز ئەمەس ھەم چەكسىز ھاياتلىق يولى،
بوران ھەم يامغۇردىن ئەمەستۇر خالىي.
داۋانلار ھالقىسالىق مۇشەققەت چېكىپ،
يۈز ئاچار بەختىڭنىڭ ئۈمىد ـ ئىقبالى.

## ئۆمۈر ۋە ياشلىق

ئېقىن سۇ ئاققاندەك ئۆتىتى بۇ ئۆمۈر،
قارايدى بۇ تېنىم، كۆيگەندەك كۆمۈر.
قەلبىمگە ياشلىقتىن بىر ئوت تۇتاشقان،
مۇسكۇلىم شۇ ئوتتا تاۋلانغان تۆمۈر.

بىر شېرىن چۈش كەبىي ئۆتەر ياش ئۆمۈر،
ياشلىقنىڭ بېغىغا سۇ باشلا، يۈگۈر.
ئېرىق چاپ، تۇغان تۇت، ئەجىر قىلمىسالىق
ياشلىقنىڭ گۈل ئاچماي، كېتەر بىھۇزۇر.

## جەڭچى

جەڭلەردە جەڭچىنىڭ نىشانى ئېنىق،
قەلبىدە ۋەتەننىڭ چىراغى يېنىق.
جەڭچى نەزەرىدە ئەل ئەزىم دەريا،
ئايرىلماس ئەبەدىي سۇ بىلەن بېلىق.

ھەر كۈنى سەھەردە نەپەسلىنىمەن،
ساغلام جەڭچىلىكنى ھەۋەس قىلىمەن.
قولۇمدا قورالىم، نىشانىم يۈكسەك،
ئۆزۈمنى جەڭدە، دەپ پەرەز قىلىمەن.

ئابدۇراخمان ناۋائى

## يىغلىغانىم يوق

(چەت ئەلدىكى بىر دوستۇمنىڭ خېتىگە جاۋاب)

«تەلكىنىڭ داۋانىدىن كارۋان توختىماي ئۆتتى،
سولايمان يىغلىغان بىلەن، ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.»

— خەلق قوشىقى

بۇرادەر، مەن «سولايمان» دەك داۋاندا يىغلىغانىم يوق،
بىلەمسىزكى، ھاياتىمدا ئاسان يول تاللىغانىم يوق.
چىغىر يولدا تىكەن، قامغاق، زىمىستاننى بېسىپ ئۆتتۇم،
ئازادلىققا ئېرىشكۈنچە جاپادىن زارلىغانىم يوق.
سەپەر مۇشكۈل، ئىرادەم گاھ، قەددىمدە تاغ ـ داۋان ئاشتىم،

بوران ـ چاپقۇندا قالسامىمۇ، بۇ يولدا ئېگىرىنغانىم يوق.
بېشىمغا كەلسىمۇ چەندان مالامەت، جەبرى ـ كۈلپەتلەر،
ۋەتەندىن ئايرىلىپ ھەريان چېپىپ جان ئاسرىنغانىم يوق.
ۋەتەن بەختىم، ۋەتەن كەبەم، ئۇلۇغۋار سەجدىگاھ بولغاچ،
كىشىنىڭ يۇرتىدا سەرسان، يۈرەكنى داغلىغانىم يوق.
ۋەتەنسىز تاجۇ ـ دۆلەتتىن، قاراڭغۇ گۆر ـ مازار ياخشى،
غەيرى شەھرىنى ماختاپ، ساراڭدەك ئالجىغانىم يوق.
يىقىلدىم راست، يوشۇرمايمەن، يىقىلدىم ئۆز دىيارىمدا،
ۋەتەندىن ئايرىلىپ پۇشمان لېۋىنى چاينىغانىم يوق.
ۋەتەن دەپ گەر جاپا چەكسەم شەرەپلىك ئىمتىھان بىلدىم،
بولۇپ شۆھرەتكە مەستانە، خەلقنى ئالدىغانىم يوق.
ۋەتەن ـ مىللەت غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىم، پاسىبانىمدۇر،
ئۇنىڭدىن ئۆزگە گۈلشەن، باغ ـ بوستان چارلىغانىم يوق.
ۋەتەن ـ ئەل يىغلىسا يىغلاپ، مەگەر كۈلسە، كۈلۈپ مەنمۇ،
ۋەتەندىن غەيرىگە مۇتلەق مۇھەببەت باغلىغانىم يوق.
بېشىمنى ئاق قىرو باستى، يېگى تاڭغا ئۇلاشقۇنچە،
ياشايمەن بىر ئۈمۈر خۇشال، كۆرەشتە چارچىغانىم يوق.
قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، دوستۇم، ۋەتەننى بىر كۆرۈپ قايتىڭ،
يامان ـ ياخشىنى پەرق ئەتمەي، بىراقلا تىللىغانىم يوق.
جاۋاب يازدىم خىجىل بولماڭ، مۇقەددەس ئۆز يېزىقىمدا،
مۇساپىر يارى ـ دوستلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇغانىم يوق.

تۇرسۇن نىياز

# شېئىرلار

### بۇ قىسمەتكە نېمە دەي؟

ئېچىم ئاغرىپ قاراپ قالدىم ئۆزۈمچە،
ھويلامدىكى رەڭدار ھەشقىپىچەككە.
ئامراق ئىكەن بۇ بىچارە ئەزەلدىن
پېلەك تارتىپ چىقىش ئۈچۈن پەلەككە.

چىقىۋاپتۇ بوگۈنمۇ ئۇ يامىشىپ
بىر تال يىپتا ھويلىمىنىڭ باغ تېمىغا.
يول بەرمەپتۇ تېخى قويۇق ياپرىقى،
سايە تاشلاپ ھەتتا ئۈزۈم تېلىغا.

بىر تال يىپنىڭ كۈچى زادى قانچىلىك؟
ئۈزۈلدى ئۇ شامال چىقسا تۇرالماي.
غۇلاپ ئۇنىڭ رەڭدار گۈزەل غۇنچىسى
لايغا پاتتى ئۆز ئورنىدا تۇرالماي.

ھەسرەت بىلەن ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە:
«بۇ قىسمەتكە يىغلايمۇ، يا كۈلەيمۇ؟!
ياماشسۇن دەپ ياكى ئاڭا قايتىدىن
بىر تال يىپنى تامغا تارتىپ بېرەيمۇ؟!»

## بىراق

ئانار گۈلى
تەشتىكىدە باراقسان
غۇنچىلاپتۇ، ئېچىلاي، دەپ.
بىراق،
ھەشقىپىچەك
يامىشىپتۇ ئۇنىڭغا،
مەنمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇپ قېتىلاي دەپ.
مەيلىغۇ،
بولسا ھەمراھ بارچە گۈل،
بىر گۈلشەن
بىر باغدا ئۆسۈپ يېتىلىپ.
لېكىن چىقمىسا مەيلى،
ئانار گۈلىنىڭ باھانىسىدە يېتىلەي دەپ.

## مەيىن شامال

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، خۇش بۇي شامال،
سەن تەبىئەت، مەۋجۇداتلار ئەركىمۇ؟
يا كائىنات دۇنياسىدىن زېمىنگە
تۇنجى كەلگەن نەۋباھار ئەلچىسىمۇ؟

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، غۇر - غۇر شامال؛
ئېيتقىن ئۆزۈڭ ئېلىپ كەلگەن گۈل ھىدىمۇ؟
سۆيسەڭ تېگەر يۈزلىرىمگە شۇنچە ئىللىق،
ياكى مېنى سۆيگەن لېۋىڭ، يار لېۋىمۇ؟

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، لەرزان شامال،
جىسمىڭدىكى ئىللىق ئېقىم كۈن نۇرىمۇ؟
ياكى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا كېلىپ تەگكەن
شامال سۈپەت گۈل نىگارنىڭ پاك تىنىمۇ؟

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، ئەركىن شامال،
شوخ، يېقىملىق نازىڭ بىلەن جىلۋىگەرسەن.
ئادەم ئەمەس، يەر - زېمىنمۇ ساڭا ئاشىق،
قىشنى يازغا ئايلاندۇرار سېھىرگەرسەن.

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، نازلىق شامال،
ئېيتسام ساڭا: بۇ دىيارنىڭ ھۇزۇرىسەن.
كەلسەڭ ئۇچۇپ دەل - دەرەخلەر ئېگىشەر باش،
ھەر تۈپ گىياھ، گۈل - چېچەكنىڭ غۇرۇرىسەن.

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، بەگباش شامال،
مېھرىڭ بىلەن ئېرىپ كېلەر تاغ سۇلىرى.
سۇغا قانغان باغلار چىمەن، تاغلار چىمەن،
كۆيلەر سېنى يۇرتىمىزنىڭ بۇلبۇللىرى.

مەيىن شامال، ئىللىق شامال، غۇر - غۇر شامال،
سەندە ھايات، تەبىئەتنىڭ تىنىقى بار.
ئۈن - تىۋىشسىز ئۆتكەن سىلىق يەلپۈشۈڭدە،
سان - ساناقسىز يۈرەكلەرنىڭ سوقۇشى بار.

مۇھەممەت روزى

## باغۋەنىمگە

باغۋەنىم، پاك خىسلىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي،
ئاتىدارلىق شەپقىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي،
ئەلگە سادىق ھىممىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي،
نۇر قۇياشتەك ھېكمىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي،
خۇددى تاغدەك ئىززىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي؟

باغلىرىڭدا بار مۇئەتتەر رەڭمۇ رەڭ گۈللەر خىلى،
مەن ئېرۇرمەن گۈللىرىڭنىڭ كەنجىسى ۋە سەر خىلى،
پەرۋىشىڭدىن ئۇلغىيىپ ئۆسمەكتە گۈللەر ھەر خىلى،
چامدىماقتا يېڭى ئەۋلاد ھەر كۈنى زەپەرسېرى،
بۇ قەدىرلىك خىزمىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي؟

مەن ئۇچۇن ئەجرىڭنى تۆكتۈڭ، چاچلىرىڭغا كىردى ئاق،
بىر دەقىقە سەن ئۈزۈڭدىن تۇتمىدىڭ مېنى يىراق،
ۋايىغا يېتىپ تېخىمۇ چاچسىكەن دەپ، خۇشپۇراق،
تەربىيەت قىلدىڭ مېنى، ئالسۇن دېدىڭ شانلىق ئاتاق،
شۇنچە يۈكسەك قىممىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي؟

نامۇناسىپ، غەيرىي ئىللەت سەن ئۇچۇن ياتتۇر ئەبەت،
زەررىچە يوقتۇر سېنىڭدە نە قانائەت، نە مىننەت،
يا تەمەننا، يا كىبىر، ياكى رەشىك، خۇسۇمەت،
بار ۋۇجۇدۇڭدا خەلققە مېھرى شەپقەت، ساداقەت،
ئۇشبۇ ئېسىل خىسلىتىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي؟

ئەمدى بۇرچۇم شۇ مېنىڭكى: ئۈمىدىڭنى ئاقلىماق،
بىر ئۆمۈر سەن ياقلىغان نۇرانە يولنى ياقلىماق،
سەن ئۇچۇن مۇھەببىتىمنى دىلدا مەھكەم ساقلىماق،
كېلەچەك مەنزىلىنى كۆزلەپ پەللە ـ داۋان ئاتلىماق،
ئۇشبۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدىڭنى مەن نېمىشقا كۈيلىمەي؟

نۇرسىمان ئابدۇقادىر

# شېئىرلار

### نۇر سۆيگەن خىيالىم نۇرغا تەلپۈنەر

مەن تەنھا ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
بىر ئېزگۈ ئارزۇدا سۈرىمەن خىيال.
گاھىدا رۇجەكتىن ساماغا باقسام،
سېھىرلەپ ئالدۇ ئاجايىپ بىر ھال.

ئىستىكىم ــ خىيالىم مىسالى بىر قۇش،
تۇنەيدۇ بۇلۇتلار ئۈستىگە قونۇپ.
چوقىلاپ ۋە بەزەن ياقۇت يۇلتۇزنى
يەلكىنىڭ قەھرىدىن ئالدۇ يۇلۇپ.

نۇر سۆيگەن خىيالىم نۇرغا تەلپۈنەر،
ھە، شۇڭا ئۇچىدۇ ئۇپۇقنى بويلاپ.
كېتىدۇ ۋۇجۇدۇم نۇرغا قېتىلىپ،
ئەتىكى نۇرانە ئىقبالنى ئويلاپ.

## يامغۇر ياغقاندا

قۇياش رەنجىپ قالدۇ بىردىن،
بۇلۇت كەينىگە مۆككىنى - مۆككەن.
مەيۈسلىنىپ ئاسمانمۇ ئۈندىن،
مۆڭلۈق يېشىنى تۆككىنى - تۆككەن.

ئوت شارىنى پۈۋلەلمەستىن ھېچ،
ئۇپۇق ھالسىز ئىڭغىر يېتىپتۇ.
ئۇتلۇق نەپسى چەكسىز تۇمان بوپ،
بوشلۇق بويلاپ لەرزان ئېقىپتۇ.

كەڭ كائىنات سۆكۈنات ئىچرە،
ئالتۇن نۇرلار ھىجرىدە قاپتۇ.
پەقەت ساما ئۆكسۈشلىرىلا،
رېتىملىق كۈي تۈسىنى ئاپتۇ.

## سېنى يۇتۇپ كەتمەسمۇ ئۇلار؟

ھىجران، ئازاب قاپلىغان تۈندە،
ۋەسلىم ئىزلەپ ئايغا باق، دېدىڭ.
تۈن قۇشلىرى ۋەھىم سالغاندا،
يۇلتۇز ئارا ئىزلەپ تاپ، دېدىڭ.

قانداقلارچە ئايغا ئوخشايسەن؟
ئۇنىڭدا بار يالتىراق داغلار.
ئاينى كۆرسەم ئەسلىنەر پەقەت؛
ئاق كېچىدە مۇڭداشقان چاغلار.

يۇلتۇز ئارا ئىزلە دېسەڭ گەر،
قەلبىم مېنىڭ غەم بىلەن تولار.
ئايغا ھەسەت قىلىشقان يەردە،
سېنى يۇتۇپ كەتمەسمۇ ئۇلار؟

## تۇيغۇمنى ئويغاتقان شارقىراتمىسەن

ئاھ! كۈمۈش جىرالار، قىيا چوققىلار،
ئۈستىڭدە ئۈزىدۇ لەرزان ئاق تۇمان.
تەكتىڭدە ئۇقچىغان سۇلار شارقىراپ،
ياپپېشىل ۋادىغا قۇيۇلار ھامان.

بارمىكىن قويىنۇڭدا بىر يوشۇرۇن سىر
ۋە ياكى سېھىرلىك قۇرىماس بۇلاق.
نىگاھىم نۇرلىنىپ كېتەر سېنىڭدىن،
قارىسام يۈزلىنىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق.

ھە، تاپتىم مېھنەتنىڭ ناخشىسى ئىكەن،
ئۇيقۇمنى ئويغىتىپ لەرزىگە سالغان.
بىلدىمكى، ئىنسانىڭ شارقىراتمىسى
بۇ سەبىي دىلىمنى ئەسىرگە ئالغان.

## نېمىشقا

يۇلتۇز كۆز قىزار،
يۆكسەكتە تاتلىق.
بۇلاق ئۆكسۈيدۇ،
زېمىندە ئاچچىق.

جۈرئەت نۇرۇللا

## كەلسەڭ

كۆلەتتىم خۇشلۇقىمدىن سەن مېنى ھەمراھ ساناپ كەلسەڭ،
تەبەسسۇم ھەمدە ناز ئەيلەپ ماڭا خۇش خۇي قاراپ كەلسەڭ.
سېنىڭ ئىشقىڭدا ياڭراتسام سەھەر گۈلشەندە ناخشامنى،
قارا چېچىڭ ئاراسىدىن تولۇن ئايدەك ماراپ كەلسەڭ.
بولۇپ تەشنا ئۈمىد كۈتسەم بىراق، مەيلىڭنى بەرمەيسەن،
ساڭا سەجدە قىلاتتىم مىڭ، مېنىڭ ھالىم سوراپ كەلسەڭ.
ئىچىلماتتى مېنىڭ بەختىم گۈلى شەپقەت، ھاۋايىڭدىن،
رەھىم ئەيلەپ ماڭا جانان ئۆزۈڭنى بىر ئاتاپ كەلسەڭ.
تۆكۈپ مېھرىڭ زىياسىنى ۋىسال بېغىمنى ياشناتساڭ،
لېۋىڭدىن ئاققۇزۇپ كەۋسەر ھۆجەيرەمگە تاراپ كەلسەڭ.




توختى ئايۇپ

# قۇم باسقان دېڭىز

(پوۋېست) ①

## بەشىنچى باب

ئەلى ھارۋىكەش بىلەن ئەتىگەندىن بېرى ھارۋىدا ياندىشىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېخى چىش يېرىپ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ باققىنى يوق. ھارۋىكەش، يېشى قىرىق بەشلەردىن ھالقىغان، ئاقساق، سول قۇلىقى خۇددى قوغۇننىڭ سېسىقىنى پىچاق بىلەن كېسىپ ئېلىۋەتكەندەك تۈۋىدىنلا يوق، ئۇنىڭ ئورنىدا مۇدۇر - چوقۇر تاتۇقلا قالغان، قىڭراق بۇرۇن، ئورا كۆز، يۈزىنىڭ تاتۇق بىلەن تولغان قارامتۇل تېرىسى ئورۇقلۇقىدىن ئۇستىخىنىغا تارتىشىدەك چاپلىشىپ كەتكەن تەتۈر ئۇستىخان ئادەم. ئەلى بۈگۈن سەھەردە يۈك - تاقلىرىنى، ئىككى تېڭىق كىتابىنى ھارۋىغا باسقاندىمۇ ھارۋىكەش ئۇ نەرسىلەرگە نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمىغان. ئۇ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ بازار كوچىسىدىن كېتىۋاتقاندىمۇ، بازاردىكى ھەممە نەرسىلەر — ماگازىن، ئىدارە بىنالىرى، ئەتىگەندە مەسچىتكە ئالدىراپ كېتىۋاتقان نامازخانلار، ئەتىگەنلىك بازارنىڭ باش بۇرنىنى ئېلىش ئۈچۈن كەكلىكتەك يورغىلىشىپ كېتىۋاتقان سۈت، قايماقچىلار، كۆكتات ساتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىزدەك ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىغاندى. ھارۋا ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، ئىككى تەرىپى سۆۋادان تېرەكلەر بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان شېغىل ئارىلاش توپىلىق يولغا چۈشكەندە ھارۋىكەش گويا يېنىدا يەنە بىر ھەمراھىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك، ئۆزىنى ھارۋىدىكى گۈللۈك قارا كىگىز ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ، بېشىغا تاقاشقان كىتابلارنى نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ،

---

① بېشى ئۆتكەن سانىدا.

چۆرىسى تەر بىلەن سارغايغان، چىكىم ـ چىكىم كۆكۈش گۈللىرى توپا ـ چاڭ بىلەن ئۆككەن دوپپىسىنى يۈزىگە يېپتى ـ دە، بىخىراماك ئۇيقۇغا كەتتى. ئاق قاشقىلىق تورۇق ئات بۇ يول بىلەن تونۇش، ئىگىسىنىڭ مۇنداق ئۇيقۇلىرىغىمۇ كۆنۈك ئوخشاي ـ دۇ. ئۇ، ھارۋىنى كاتاڭلاردىن ئايلاندۇرۇپ، گاھىدا ھەر تەرەپكە شاخ ئايرىپ كېتىدى ـ غان ئاچا يوللاردىن ئۆز يولىنى تېپىمەي تېپىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاقۇش ئىمارەت ـ لىرىنى، كۆكۈچ دەرەخلىرىنى ئارقىدا قالدۇردى. پاكار ئېشەك قوزىشلىرى ئۆسكەن شورلۇق تۈزلەڭلىكنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن، چوڭقۇر يارداڭلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان دەريا كېچىكىدىن ھارۋىنى ئامان ـ ئېسەن تارتىپ چىقتى. بۇ دەريا ئەلگە تونۇش: بۇ، يىراق تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىپ، يۈلتۈز تاغلىرىنىڭ سۈيى بىلەن كۆپىيىپ، شەھەرنىڭ ئاۋات باغ، ئېتىزلىرىنى سۇغىرىپ ياشنىتىدىغان، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان ئازغىنە بىر قىسىم سۈيى شەھەرنىڭ ئايىغىدىكى زەيلىكلەرنى يالاپ، شورلۇقلارنى چايقاپ ئاخىرى تۈزدەك شاكىراپ سۇغا ئايلىنىدىغان شور ئېقىن دەرياسى؛ دەريا خۇددى قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر، ئەگرى ـ بۈگرى يېرىقلىرىغا ئوخشايتتى. يېرىقنىڭ تېگىدە ـ تۈزلەڭلىكتىن بەش ـ ئالتە مېترچە پەستە خۇددى بىلاق سۈيىدەك سۈزۈك، تۇماندەك ياۋاشلىنىپ ئېقىۋاتقان بۇ دەريا سۈيىنىڭ ئادەم تۇغۇل، ھەتتا ھايۋان، ئۇچار ـ قۇشلارمۇ ئېغىزىغا ئالغۇسىز تۈزلۈق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش قىيىن ئىدى. ھارۋا چىمەن، خانىقىتام يېزىلىرىنىڭ ئۈزۈمزاردىن ـ ئۈزۈمزارغا سوزۇلغان كوچام مەھەللىلىرىنى، باغ ـ ئېتىزلىقلىرىنى ئارىلاپ كەلمەكتە. سېنتەبىر قانداق ياخشى ئاي؟ بۇ، كۈچا يېزىلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، باياشات مەۋسۈمى. دېھقان بىر يىل تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ قىلغان جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى يىغقان. ئۇلار خۇددى قوناقتا بوردىلىپ بەستىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قويدەك، بىر مەزگىل ئېتىز ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئۆيلىرىدە، باغلىرىدا، خالىغان جايلىرىدا يېتىپ ـ ئېغناپ ئارام ئېلىشىدۇ. باغلارمۇ ئەمدى ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ھىممىتىدىن داستىخان تەييارلىغان. ئۈزۈم، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئالما خۇددى ئۆز تويىغا ئالدىرىغان رەسىدە قىزلاردەك رەڭ تۈزىشىپ، ھەسەلدەك مەي باغلاپ پىشىپ كېتىشىدۇ. ئاتىنىڭ بوجىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ھارۋىدا ئۇنسىز، خىيالچان كېتىۋاتقان ئەلى ئاشۇ مەنزىرىلەر ئىچىدە كەلمەكتە. ئۈزۈم باراڭلىرى ئاس ـ تىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ساز ـ ناخشا، قولىنى سوزسىلا بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئۈزۈۋېلىشقا بولۇ ـ دىغان مېۋىلەر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى تارتالمىدى. ئۇنىڭ قانتى سۇنغان خىيال كەپتىرى ھېلىمۇ بىر نەچچە كۈن بۇرۇنقى ئائىلىدە، كوچىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ـ لىك تورى ئىچىدە تېپىرلىماقتا. گۈلجەننەت ـ شۇ پاناھسىز يېتىم قىز ئاشۇ قېتىم ئۈزۈمچىدە لۈكچەكلەرنىڭ قانلىق تالىشىشىنىڭ بىگۇناھ قۇربانى بولۇپ كەتكەنمىدۇ ـ ھە؟ بۇ سوئال خۇددى ئۇنىڭ گېلىگە سېلىنغان سىرتماقتەك ئۇنى قىيناپ، ئازابلاپ نەپەس ـ لىرىنى بوغماقتا. ئەلىنىڭ بۇ ئازاب ھەسرەتلىرى ئاز كەلگەندەك، دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ياغدۇرغان تىل ـ قارغىشلىرى، بىچارە ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى... دۇنيادا مۇنداقمۇ غەلىتە ئىش بولىدۇكەن: ئېتىقاد ۋە غايە تۇغقاننى يات، ياتنى تۇغقان قىلىۋېتىدىغان ئوخشاي ـ

دۇ. مانا، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بولغان ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتى شۇنداق بولىدىغۇ.
دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كىلىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشلىرىنى ئەلۋەتتە
بىر دەملىك كەلگەن ئاچچىقنىڭ ئىنكاسى دىگىلى بولمايدۇ. بۇ، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسى-
دىكى ئېتىقاد ۋە غايە توغرىسىدىكى سىياسىي ۋە ئەخلاق تۇسىنى ئالغان ئۆتكۈر زىد-
دىيەتنىڭ شىددەتلىك پارتلىشى بولماي نىمە؟ ئەلگە شۇ نەرسە ئايان: ناھىيىدىكى
ئۈچيۈز نەچچە مىڭ ئاھالىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بىر نوپۇزلۇق ھاكىمنىڭ بۈگۈن
بىر ئوغلىنى باشقۇرالمىغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز ئەلەم. بىچارە دادا، مۇشۇنداق
كۆيۈمچان، مىھرىبان دادىنى رەنجىتىش، پەرزەنت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسى-
نى — ھاياتىنى، دۇنيادىكى جىمى خۇشاللىقلىرىنى قۇربان قىلغان غەمگۇزار ئانىنىڭ
كۆزلىرىدىن ياش تۆكتۈرۈش — بىر ئاقىل پەرزەنت ئۈچۈن قانداق ئىغىر؟! بىراق،
ئەلىگە شۇنداق قىلماي ئامال يوق. ئەلى دادىسىدىن باشقىچە بىر مەسىلەككە ئېتىقاد
قىلغۇچى، چوقۇنغۇچى، ئۆزگىچە بىر مەنزىلنى كۆزلىگۈچى، بەختنى ۋە ھاياتنىڭ قىم-
مىتىنى باشقىچە بىر فورمۇلا بىلەن چۈشەنگۈچى، ئۇنىڭغا ئەمدى شۇ يولدا ماڭماس-
لىقتىن باشقا ئامال ۋە ھايات لەززىتىمۇ يوق. ئۇ ئەمدى گۈلجەننەتنىڭ، تاڭ ھاۋا-
سىدەك تازا، ئاجايىپ پاك مۇھەببەتنىڭ قاتىلى. گۈلجەننەت كىشىلەر ئارىسىدىن يو-
قالغاندا، ئەلى كىشىلەرنىڭ نەپرەتلىك كۆزلىرى ئالدىدا نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا
ئەمدى يالغۇز، يەككە - يىگانە ھالدا يۈرۈش تولىمۇ راھەت. ئۇ ئەمدى ئۆزىگە ھومى-
يىپ قارايدىغان نەپرەتلىك كۆزلەرمۇ، ئۈستىگە مۆلدۈردەك ياغىدىغان تىل - قارغىشلارمۇ
بولمىغان پايانسىز تەكلىماكان قۇچىقىدا ئۆزىنىڭ بولغانغان ۋۇجۇدىنى پاكلاشتۇرىدۇ.
ۋۇجۇدىدىكى ئىرادىسىزلىكنى پايانسىز دەشت - چۆلنىڭ مۇشەققەتلىك بوران - چاپقۇنلە-
رى بىلەن تاۋلايدۇ. ئۇنىڭ يەنە كۆڭلىگە پۈككەن مۇنداق مۇددىئاسىمۇ بار: ئۇ ئاخىرقى
ھىسابتا، دادىسى ئالدىدا بەخت، شان - شەرەپ ۋە ئىستىقبالغا ئىرىشىشنىڭ باشقىچىمۇ
يولىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، بۇ يولنىڭ دۇنيادا ئەڭ توغرا، ئۇلۇغۋار ۋە شەرەپلىك
ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلايدۇ.

ھارۋىكەشنىڭ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ تارتقان خورىكى ئاڭلاندى. ئەلى يىنىغا قارىدى.
ھارۋىكەش ھارۋا بىلەن چايقىلىپ، كۆپكۆك قان تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان، گۆشسىز،
ئەمما ئۇستىخىنى قوپال بىر جۈپ قولىنى كۆكسىگە جۈپلەپ، ھىچ نەرسىدىن بىخەۋەر،
غەمسىز ئۇخلىماقتا. بۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق يول سەپىرىدە پىشقان ھارۋىكەشنىڭ ئادىتى
ئىكەنلىكىنى، ئاتنىڭ ھارۋىنى كاتاڭغا تاشلىماي، ئىرىق، ئازگالغا ئۆرۈۋەتمەي، كۆز-
لىگەن مەنزىلگە ئامان - ئىسەن ئىلىپ بارالايدىغانلىقىنى ئەلى بىلمەيدۇ. ئۇ، بۇ توك
قاپاق، ھاكاۋۇر، ئالۋاستى سۈپەت ھارۋىكەشكە ھەيران. نىمىدىگەن توگىمەس ئۇيقۇ؟
بۇ بەئەينى ئىيىقنىڭ تاغ ئۆڭكۈرىدىكى قىشلىق ئۇيقۇسىغۇ ئاخىر! دۇنيادا پەقەت
ھىچقانداق غەم - قايغۇسى، ئوي - خىيالى يوق ئادەملەرلا كۈندۈزى مۇشۇنداق ھىچ
نىمىدىن پەرۋاسىز، خاتىرجەم ئۇخلىيالىشى مۇمكىن. مەھەللىنىڭ ئاخىرى كۆرۈنەر
ئەمەس. ئات ئەمدى تەرلەشكە، دۇمبىسى ۋە ساغرىسىنىڭ قىزغۇچ تۈكلىرى تەر بى-

لەن هۆللىنىپ پارقىراشقا باشلىدى، ئات پات ـ پات پۇشقۇراتتى، بېشىنى تـوختاۋسىز سىلكىيتتى.

قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈپ، مەھەللە ئىچىنى تىنجىق هاۋا قاپلىدى. ئەتراپتىن قارا شاپتۇلنىڭ مەززىلىك هىدى بىلەن قوشۇلۇپ ئېچىغان قىغ پۇرىقى كېلەتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى قۇملۇقتا، سۆگەت ۋە ئۈجمە ئاستىدا كالا ـ قويلار پۇشۇلدىشىپ ئېرىنچەكـ لىك بىلەن كۆشەپ يېتىشاتتى. دەرەخ ئارىلىرىدىن پات ـ پات يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقناپ قالىدىغان قىزىق، ئۆتكۈر نۇر هارۋىكەشنىڭ پېشانىسىنى كـۆيدۈرگەن بولـسا كېرەك، بىر چاغدا ئۇ بىردىنلا خورەكتىن تـوختاپ بېشىنى كـۆتۈردى ۋە قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا قارىۋالغاندىن كېيىن، ئەسنەك ئارىلاش:

— ئاز قاپتۇق، — دېدى. بۇ گەپنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ياكى ئەلىگە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن ئىدى.

— ئورمانچىلىق مەيدانىغىمۇ؟ — ئۇنىڭ نەنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي سورىدى ئەلى.

— ئورمانچىلىق مەيدانىغا تېخى بالدۇر، تامتوغراقغا، — هارۋىكەش چوقاي تەرەپكە سىلجىپ ئەلىنىڭ قولىدىن بوجىنى ئالدى، — ئۆيگە خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە ئەتىگەندە يېتىمىز، هە، ئۇخلىماي مۇشۇنداق ئولتۇردىڭىزمۇ، ئۇكام؟

— كۈندۈز تۇرسا؟

— هارۋىدىكى ئادەمگە كۈندۈزمۇ، كېچىسىمۇ ئوخشاش. بۇ يولنى مۇشۇنداق ئۇخلاپ تۈگەتمىسە چوقاي يېنىدا هوقۇشتەك ئولتۇرۇپ ئادەم چىدايدۇ، دەمسىز؟

— ئېتىڭىز قالتىسكەن، — دېدى ئەلى هارۋىكەشنىڭ ئەمدى زوۋانىغا كىرگىنىدىن خۇشال بولۇپ.

— تاپتىڭىز، بۇ يالغۇز هارۋا ئېتىلا ئەمەس، ئۇ تېخى مۇنتىزىم هەربىي ئۇستاپ بويىچە تەلىم ـ تەربىيە ئالغان، — هارۋىكەشنىڭ چىرايى ئەمدى تـۇنجى قېتىم سـۈس كۈلۈمسىرەش بىلەن قورۇلدى، — مەن ئۇنى شۇنداق تەربىيىلەپ، كـۆندۈرۈپ چىققانـ مەن، مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەندە ئۇ ئانىسىدىن يېتىم قالغان، تۇغۇلغىنىغا ئۈچ كـۈنـلا بولـغانىكەن. ئۇ مۇنداق بوپتۇ: ئانىسى ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كۆل بويىغا سۇ ئىچكىلى بارغانىكەن. قومۇشلۇق ئارىسىدىن شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت بىر سـۇر قاۋان ئېتىلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. كاساپەتتەي، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتىم ـ دە، قاۋاننى جايىدا ئېتىپ تاشـلىدىم. بايتال جان تالىشىپ ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىن كېيىنلا ئۆلدى. مەن ئۇنىڭ تېيىنى خۇددى بوۋاقنى پەپىلىگەندەك ئاسراپ، كالا سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلدىم. بۇ ئات ماڭا سىرداش، گەپلىرىمنىمۇ بىلەلەيدۇ، مەشكە دەسسىيەلەيدۇ، ئۇسسۇلمۇ ئوينىيالايدۇ، تېخى، يات دېسەم ياتىدۇ، قوپ دېسەم قوپىدۇ. مەندىن باشقا هېچكىمنى يېنىغا يـولاتمايدۇ. ئەگەر مۇشۇ كـۈنلەردە ئـۇرۇش بولۇپ قالسا، مەن مـۇشۇ ئـېتىمنى مىنىپ باراتتىم.

— سىز ھەربىيدە بولغانمىدىڭىز؟

— بولمايچۇ! — ھارۋىكەش بىردىنلا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆڭگەن، ياماق چۈشكەن كونا ھەربىي چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، سىلكىپ قويدى. ئۇنىڭ چاناقلىرىدا قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنمىسىز كۆرۈنىدىغان كۆكۈچ نۇرا كۆزلىرى ئەمدى بىر خىل ھاياجان بىلەن نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ يانچۇقىدىن ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان غاز بويۇنلۇق توچ غاڭزىسىنى ئېلىپ، ئالدىرىماي پۈۋلىدى، چوقايغا بىر-ئىككىنى ئۇرۇۋېتىپ ئاغزىغا چىشلىدى. يانچۇقىدىن بىر نەچچە چىمدىم كۆك تاماكا ئېلىپ، قوپال ئالقانلىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ ئەزگەندىن كېيىن، قاتتىق ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېتىپ غاڭزىسىغا باستى-دە، سەرەڭگە چېقىپ، تاماكا ئۇستىگە تۇتتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، غاڭزا دەستىسىگە ھىملەنگەن قارامتۇل كالپۇكلىرى لىپىلدايتتى. ئۇ غاڭزىنى ئالدىرىماي ھوزۇر بىلەن بىر-ئىككى شورىدى، ئاچچىق تاماكا ئىسىنى خۇددى مەش كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئىستەك ئاسمانغا پۈۋلىدى. بىر-ئىككى يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى، — تارتىپ قويامسىز؟ ھە، ئۆگەنمىگەن دەڭ، سىزگە ئېيتسام، ئۆمرۈمنىڭ ئاز كەم يېرىمى ھەربىيلىكتە ئۆتكەن دېسەممۇ بولىدۇ. ئاتلىق پولكتا بولغانمەن. ئىلى ھەربىي ئات فېرمىسىدا يېتىشتۈرۈلگەن قالتىس بىر ئېتىم بولۇدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل كۆنۈپنلۇن، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدا چېگرا قاراۋۇللۇقىدا تۇرغانمەن. ئۇرۇش دېگەننى كۆرمىدىڭىزدە، مانا مەن قاتناشقان، 1962 - يىلىدىكى چېگرىدىكى ئۇرۇشتا دۆلەت تېررىتورىيىمىزگە بېسىپ كىرگەن نوچىلار بىلەن تۇتىشىپ كۆرگەنمەن. ئۇلارنىڭغۇ بېلىنى ئۇشتۇۋەتتۇق، ئەمما مەن شۇ قېتىمقى جەڭدە يارىدار بولدۇم. كاساپەتلەر بىز قۇلىقىمنى يۇلۇۋېلىشتى. سول پۇتۇمنى ناكا قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي گوسپىتالغا قايتۇرۇلدۇم. سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن كەسىپ ئالماشتىم.

— ئاخىر سىزنى مۇشۇ ھارۋىكەشلىككە ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ؟ — ئەلى ئالدىدىكى بۇ ئاجايىپ ئادەمنىڭ سەت-كۆرۈمسىز، ئەمما كۆزىگە بىردىنلا ئىللىق كۆرۈنۈۋاتقان تەقى-تۇرقىغا باشقىدىن سەپسىلىۋېتىپ، ھاياجان بىلەن سورىدى.

— ھارۋىكەش ئەمەس، ئورمان مۇھاپىزەتچىسىمەن.

— بەك جاپالىق ئىشقا قاپسىز؟ — ئەلى ھارۋىكەشكە ئىچى ئاغرىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — ۋەتەن ئۈچۈن قان تۆككەن، مەجرۇھ بولغان ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە ئەمدىكى ئۆمرىڭىزنى كۈتۈلۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ھەقلىقسىز.

— بۇ خىزمەتنى ئۆزۈم تاللىۋالغانمەن، — دېدى ھارۋىكەش بىر خىل قەتئىي تەلەپپۇزدا، — بۇ بىر ھەربىينىڭ بۇرچى. قولۇمدا مىلتىقىم بار. مەن ئۇنى يەلكەمگە ئېسىپ، مۇشۇ ئېتىمنى مىنىپ يۈرسەم، ئۆزۈمنى ھېلىمۇ بۇرۇنقى ھەربىي گازارمىلاردا يۈرگەندەك، بەختلىك، ئازادە ھېس قىلىمەن.

— ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟

— خوتۇن بالا-چاقام بار، — ھارۋىكەش خۇددى چۆلدە ئۇسساپ-چاڭقاپ،

هالدىن كەتكەن يولۇچى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىنى باسقاندىن كېيىنكى شېرىن ئاراملىق كەيپىگە چۆمگەندەك باشقىچە راھەتلىنىپ، هاۋا شوتىسىغا يۆلەندى. بۇ ئۇنىڭ تاماكا خۇمارىنىڭ بېسىلغىنىدىنمۇ، ياكى خوتۇن - بالىلىرىنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا كەيپىنىڭ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى جىمغۇر، كۆرەڭلىكى ئەمدى قاياققىدۇر يوقالغان، ئۇ ئۆزى توغرىسىلىق زوق - شوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەن ئالتۇن تەڭگىگە ئېرىشكەن قەلەندەردەك، بۇ ئامەتمۇ ماڭا شۇنداق نېسىپ بولۇپ قالغان دەڭا، ئۆزىنى داڭلىغان بىرىنچى ئەخمەق، خوتۇنىنى داڭلىغان ئىككىنچى ئەخمەق، دەيدىغان گەپ بار. مەيلى، مەن نەچچىنچى ئەخمەق بولۇپ كەتسەممۇ دەيمەن. مەن راستىنلا خوتۇندىن تەلىيى كەلگەن ئادەمەن. گۈلدەك ئۆيۈم، پەرىزاتتەك خوتۇنۇم، تۆت ياشقا كىرگەن ئالتۇندەك ئوغلۇم بار. ئۆيلەنگەنمۇ سىز؟

— ياق، — ئەلى قىزاردى.

— مانا، ئۆيلەنمىگەنلەر بۇنى بىلمەيسىلەر، مېھرىبان، ۋاپادار خوتۇن ئەر ئۈچۈن دۇنيادا تېپىلماس بەخت، مۇنداق ئايال بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغان ئەرگە چۆلمۇ بوستان بولۇپ كۆرۈنىدۇ. زاغرا نان ناۋاتتەك تېتىيدۇ. قىسقىسى، مۇنداق هاياتنىڭ شېرىنلىك ۋە گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق. ماڭا قارىڭ، مېنىڭ نەرىم ئادەمگە ئوخشايدۇ. بەئەينى قېبرى سۆگەت كامىرىدىكى جىن - ئالۋاستىنىڭ ئۆزىمەن، مۇنداق ئالۋاستى ئىنسان ياشاپ نېمە قىلىدۇ؟ ئازاب ئىش! هاياتلىقمۇ ئۇنىڭغا بىر يۈك دەڭا. مانا مەن دەسلەپتە شۇنداق ئويلىغان، مېنىڭ هاياتىمنى قايسىبىر دوختۇرنىڭ دورىسى ساقلاپ قالغان دەپ ئويلىماڭ. دورۇس، ئۇمۇ بار، لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ماڭا نېسىپ بولغان ئائىلىدىكى بەخت. بىر ئىنساننىڭ ئۆز هاياتىدىن ئۈمىدى يوقالسا، ئۇ ئۆزىنى جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا دوختۇرنىڭ دورىسىنىڭ كۆرسىتىدىغان شىپالىق رولى قانچىلىك بولىدۇ؟ دوختۇرلار ماڭا ئوچۇق ئېيتمىغىنى بىلەن، مېنى ئاللىقاچان ئۆلىدىغانغا چىقىرىشقان، كېسەل تارىخىمغا ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ياشىيالمايدۇ، دەپ يېزىپ قويۇشقانىكەن. مەن بۇنى بىر كۈنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالدىم - دە، مۇشۇ ئېتىم بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن گوسپىتالدىن قېچىپ چىقتىم. هەي... هەممىسىنى دەپ كېلىدىغان بولسام ئۇزۇن گەپ. قىسقىسى، ئايالىم مەندەك ئۆلۈۋاتقان بىر ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، مەن مۇشۇنداق ئايالىمنىڭ بولغىنى ئۈچۈنلا ياشاشقا، قەتئىي ياشاشقا بەل باغلىدىم. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئىنساننى ئىنسان سۈپىتىدە ئۆرە تۇرغۇزۇپ تۇرغان غايىۋى كۈچ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى روھىي ئوزۇق ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. ئەرنىڭ روھىي ئوزۇقى، هايات تۈۋرۈكى نېمە؟ ئەلۋەتتە، ئايال - دە. روھىي تۈۋرۈك سۇنسا نېمە بولىدۇ؟ سىزدەك تېمەن يىگىتلەر ئۈچۈنمۇ هاياتنىڭ مەززىسى قالمايدۇ. مەن سىزگە ھەربىي قىسمىدىكى بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بىزنىڭ بىر پېشقەدەم پولك كوماندىرىمىز بولىدىغان. بىز ئۇنى ئۆزىنىڭ ياش، گۈزەل ئايالى بىلەن پات - پات كىچىك ماشىنىدا قاياققىدۇر كېتىۋاتقان، گاھىدا خوتۇن-

باللىرىنى ئەگەشتۇرۇپ سەيلە-ساياھەت قىلىپ يۈرگەن ھالدا كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ھەسلىكىمىز كېلەتتى. مۇنداق چاغلاردا پولك كوماندىرىمىز باشقىچە گەدىيىپ، ئۆزىدىكى بىر خىل ئىپتىخار ۋە ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسىدىن مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەتتى. ئايالى ئۇنىڭ يېنىدا لېمىندۇر دەپ ئەركىلەيتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئېرىگە چاقچاق قىلاتتى. قىسقىسى، بىز ئۇلاردىن ئائىلىۋى بەختنىڭ تېپىلغۇسىز لەززەتلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ئاغزىمىزنى تامشىتاتتۇق. لېكىن بىز كۈتۈلمىگەندە، بىر كۈنى ئۇلار ھەققىدە بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەممىمىز چۆچۈپ كېتىشتۇق. ياش ئايال پولك كوماندىرىنىڭ ئاديۇتانتى بىلەن خېلىدىن بېرى يوشۇرۇن ئويناپ يۈرگەنىكەن، تۇفى! كاساپەتلەر... بىر كۈنى كەچتە پولك كوماندىرى تۇيۇقسىز ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆيدە پومداقلىشىپ ياتقىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. پولك كوماندىرى غەزەپتىن تاپانچىسىنى يالڭاچلاپ، ئىككىسىنىڭ پېشانىسىگە تەڭلەپتۇ. «ھەر ئىككىڭنى ئېتىۋېتىمەن، ئىتنىڭ باللىرى...» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما ھەربىي ئىنتىزام دېگەن باشقا گەپ-تە. پولك كوماندىرى ئىككىسىنى ئاتماپتۇ-يۇ، ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسەللى قوزغىلىپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. مىللىي ئارمىيىدە قوشۇن باشلاپ دەھشەتلىك جەڭلەرگە قاتناشقان، ئون بىر يېرىدىن يارىلانغان بولسىمۇ جېنى ئامان قالغان پولك كوماندىرىمىز ئاشۇ كاساپەتلەرنىڭ ۋىجدانسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ھېلىقى ياش گۈزەل ئايالنى بۈگۈنگىدىن بەش يىل ئىلگىرى گوسپىتالدىن قېچىپ چىققان ۋاقتىمدا ئۈرۈمچىدە كوچا سۈپۈرۈۋاتقان ھالدا كۆردۈم. ئۇنىڭدا نە بۇرۇنقى ياشلىق، نە گۈزەللىك قالمىغان. سەۋەبى، ئۇ تارتقۇلۇقنى تارتقان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ۋاپادار ئەردىن ئىبارەت روھىي تۈۋرۈكتىن ئايرىلغان. ھا... ھا... قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ كەتتۇق. كېرەك يوق، ئىككى ئەر بىر يەرگە كەلسە خوتۇننىڭ گېپى. ئىككى خوتۇن بىر يەرگە كەلسە كىيىمنىڭ. مۇشۇنداق ئىش ئۇكا، ھە، تۇتۇپ قويغان بىرەر يارىڭىزمۇ يوقمۇ؟

ئەلى كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن ئەندىكىپ كەتتى.

— بۇرۇن بار ئىدى، ھازىر يوق دېسەممۇ بولىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تېخى يېڭىلا كېلىشىم، — دېدى ئەلى خورسىنىپ.

— ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ ئوغلى دەيدىغۇ سىزنى؟

— ھەئە، باللىرىنىڭ كەنجىسى.

— شۇڭا ئەركە ئىكەنسىز - دە.

— قانداق دەيسىز؟

— ئاڭلىدىم، ماڭا ئىمىن جۇيجاڭ ئاخشام سۆزلەپ بەردى. ئېيتىشىچە، ناھىيىمىزدە ئەزىزوۋ ھاكىم بىلەن تاكاللىششقا، ئۇنىڭ پىكىرىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەمنىڭ تۇنجىسى سىز ئىكەنسىز.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ؟ — ئەلىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا خۇددى قۇم چاينىۋالغاندەك غەش بولدى.

— بۇ راست گەپ، ناھىيىدە ھېچكىم ھاكىم بىلەن تاكاللىششنى راۋا كۆرمەيدۇ،

ھەتتا پارتكوم شۇجىسىمۇ ناھىيىنىڭ نۇرغۇن خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

— مۇنازىرىلىشىش، قارشى پىكىردە بولۇش، بۇ نورمال ئەھۋال، — دېدى ئەلى قىزىشىپ، — ھەممە ئىشتا بىر كىشىنىڭ دېگىنىلا ھېساب بولۇپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، دېموكراتىيە، كىشىلەرنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى بوغۇلۇپ قالمامدۇ؟

— ھاكىمنىڭ سۆزلىرى توغرا بولسىچۇ؟ — ھارۋىكەش ئەلىگە توغرىلاندى، — ئۇنىڭ بىلەن يەنە تاكاللىشىپ، خىزمىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇش كېرەكمۇ؟

— بىر ئادەمنىڭ، ھەتتا پارتىيە جۇشىسىنىڭمۇ ئۆمرىدە قىلغان ھەممە ئىشلىرىنىڭ، قىلغان ھەممە گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

— بۇ گېپىڭىز خاتا! — ھارۋىكەش ھەربىيگە خاس چەبدەسلىك بىلەن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، قولىنى سىلكىدى، — بەزىلەرنىڭ ئانچىكى ئىشلارنى باھانە قىلىۋېلىپ، رەھبەرلىكنىڭ خىزمىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋېلىشى توغرا ئەمەس.

— سىز ھەربىي قىسىمدىكى خىزمەت ئۇسۇلىنى يەرلىككە كۆچۈرۈپ كېلىدىغان بولسىڭىز خاتالىشىسىز، دۇرۇس، ھەربىي قىسىمدا ھەممە ئىش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭىدۇ. سىز شۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايسىز.

— مانا، بۇ گېپىڭىز جايىدا، — ھارۋىكەشنىڭ چىرايىدا قوپال تەرسالىق ۋە ھاياجان تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتتى، — مەن راستىنلا شۇنداق ھاياتقا كۆنۈپ قالغان ئادەممەن. مەن ھەممە جايدا ئىش مۇشۇنداق بۇيرۇق بىلەن بېجىرىلسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، يەرلىكتىكى نۇرغۇن ئىشنى كۆرسەم ئىچىم پۇشۇدۇ، سەۋەبى، رەھبەرلىكنىڭ گېپى ئاقمايدۇ. ئەسلىدە بىر مىنۇتتىلا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار نەچچە يىل سوزۇلىدۇ. ئىش دېگەن غاچ ـ غۇچ بولسۇن ـ دە؟ ئەگەر مېنىڭچە بولىدىغان بولسا، جۇڭگودىكى ھەممە ئادەملەرنى ھەربىي ئۇستاپ بويىچە باشقۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا قاراپ تۇرۇڭ، ئىشلىرىمىز شۇنداق يۈرۈشەتتىكى، ئۇ چاغدا سوتسىيالىزمدىن ئۆتۈپ كوممۇنىزمغىمۇ يېتىپ بارغان بولاتتۇق. كۈلمەڭ. نېمىگە كۈلىسىز؟ سىز ھەربىيلىكتىن ئەمەس، ئوقۇغۇچىلىقتىن تۈنۈگۈنلا كەلگەن ئادەمسىز. شۇڭا سىز بۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيسىز. سىز ھاكىم بىلەن تاكاللىشىپ تامامەن خاتا قىلدىڭىز. ھاكىم بىلەن قوماندان ئوخشاشلا بىر گەپ. پەرقى پەقەت ھاكىمنىڭ پۇقراغا، قوماندانىنىڭ ھەربىيگە رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىدا. پۇقرا بولدى نېمە، ھەربىي بولدى نېمە، ئوخشاشلا بىر ئادەم ـ دە، ئەگەر سىز ھەربىيدە بولغان بولسىڭىز مۇشۇ ئىشىڭىز ئۈچۈن كەم دېگەندە بىر ئاي باستۇرۇقتا ياتماي قالمايتتىڭىز.

— ئەتىگەندە خېلى بىر چاققىچە ماڭا ھومىيىپ كەتكىنىڭىزنىڭ سەۋەبى شۇنىڭ ئۈچۈنمىدى؟

— ئاپتىڭىز، راستىنى ئېيتسام، مۇنداق ئادەملەر بىلەن خۇشۇم يوق. ئەتىگەندە يۈك ـ تاقىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن قوشۇپلا ھارۋىدىن چۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىدىم. ئەمما مۇشۇ ئىككى تىڭىق كىتابىڭىزنى كۆرۈپلا توختاپ قالدىم ـ دە، نېمىشقا دېسىڭىز، بىزنىڭ

خوتۇن قالتىس كىتاب خۇمارى.

ئەلى جىم بولۇپ قالدى. ھاۋا ئەمدى قويۇق، سالقىن بوك دەرەخزارلىق مەھەللىدىن چىقىپ، يولىنىڭ بىر تەرىپىدە پاكار قاغا جىگدىلەر ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئۆسكەن شور ئارىلاش كەڭ بوزلۇق ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. بوزلۇقتا ئادەم بويى كېلىدىغان ئېگىز تىرگەنلەر سېلىنغان، بوزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان سۇ ئەينەكتەك يالتىرايتتى. ئۇنىڭدىن چىرىگەن ئوت - چۆپلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلەتتى. سۇ بېتىدە ماۋۇتەك ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ ئەكسى كۆرۈنەتتى. يىراقلاردا ياۋا ئۆردەك بىلەن ھاڭگىرت، ئاق پاچاقلار ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. ئەلى ئاتقا قارىدى. ئاتنىڭ دۈمبىسىدىكى قارامتۇل تەر ئەمدى ئاپئاق كۆپۈككە ئايلانغان، قورسىقى سېزىلەرلىك تارتىلغانىدى. ھارۋىكەش ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك چوقايغا يۆلىنىپ، ھاۋا بىلەن تەڭ سىلكىنىپ، غاڭزىسىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، گويا شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قايسىبىر قوماندانىنى، چېگرىدىكى تاشتىن قوپۇرۇلغان پاكار گازارمىلارنى سېغىنىپ ئەسكە ئېلىۋاتقاندەك جىمجىت خىيالغا چۆككەن.

ئەلى ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىنىڭ ھارۋىكەشكە بولغان كۆز قارىشىنى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتتى. ئۇ دەسلەپتە ھارۋىكەشنىڭ كۆرۈمسىز، ئادەم ئەيمەنگۈدەك سەت چىرايىغا، جىمغۇر - پەرۋاسىزلىقىغا قاراپ ئۇنى كۆن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا خىيالى بولمىغان ساددا، نادان ھارۋىكەش دەپ ئويلىغان، كېيىن ئۇنىڭ كونا ھەربىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باھادىر جەڭچىگە خاس مەردانە ئىرادىسىنى، ئاشۇ يىللاردىكى ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك ئوت يالقۇنى بىلەن تاۋلىنىپ قىزىغان يۈرىكىدىن ھېلىھەم ئاشۇ قايناق ھارارەتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلغاندا، ئەلىنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەن، ئۆزىدە چەكسىز قايىللىق ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ھېس قىلغانىدى. ئەمما، دادىسىنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىنكى ئازراق داۋام قىلغان تالىشىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ ھارۋىكەشكە بولغان قايىللىق ھۆرمىتى بىردىنلا پەسىيىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، ھارۋىكەشنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۈچۈن ئېھتىمال، ھازىرغىچە مۇنازىرىلەشكەن بولاتتى. ئەمما ئۇ بىرىنچى قېتىمدىلا ھارۋىكەشنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمىدى. لېكىن، ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە ئويلىدى: «ئۇزۇن يىللىق ھەربىي تۇرمۇش ھەربىيلەرنىڭ ئېڭىدا جەڭچىلەرنىڭ ئۆز باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن شارائىتتا، ھارۋىكەشنىڭ مېنىڭ دادام بىلەن تاكاللاشقىنىمنى، مۇنازىرىلەشكىنىمنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانلىقىنى نېمىشقا توغرا چۈشەنمىدىم؟ دۇرۇس، ئۇ مېنىڭ دادام بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق يۈرەكلىك مۇنازىرىلىشىشكە جۈرئەت قىلغانىدىمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئېھتىمال، ناھىيىنىڭ بىر ھاكىمى بىلەن ئۇنداق سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمىغانمۇ بولار ئىدىم. مەسىلەن، مېنىڭ بۇجەھەتتىكى ئاجىز - ئىقتىدارسىزلىقىم بايىلا ھارۋىكەش بىلەن بولغان ئازراق گەپ تالىشىشتا ئىسپاتلاندىغۇ، مەن نېمىشقا بۇ ھارۋىكەش بىلەن، گويا ئۇ ھارۋىسىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈۋېتىدىغاندەك، ئۇنىڭ خاتا سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم؟ ياق، بۇ ھارۋىكەش مەن ھازىرغىچە ئۇچراتقان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاھىدە تەقلىدتىكى ئادەم ئىكەن. گەرچە ئۇ پارتى-

يەنىڭ رەھبەرىي كادىرلىرىدىكى ھازىرقى بىرتالاي ئىللەتلەرنى ئويلاشقا ئىقتىدارى يەتمىسمۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى سۆرەلمىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك... قاتارلىق ئىللەتلەرگە ئىچى پۇشقىنى، غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك...»

ھارۋا ئۇشتۇمتۇت ئاستىلاپ، ئاتنىڭ بېشى يولدىن ئىككى يۈز مېتىرچە نېرىدىكى يالغۇز توغراق تەرەپكە سوزۇلغان تار يولغا بۇرۇلدى.

— بۇ جاينىڭ ئىسمى تامتوغراق، — دېدى ھارۋىكەش ئەلەنگە، — چۈشۈڭ ئۇكام، ئەمدى كەچكىچە مۇشۇ يەردە ئارام ئالىمىز.

ھارۋا توغراق تۈۋىگە — قۇرۇق قوي قۇمۇلاقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئەت توپىلىق توغراق سايىسىگە كېلىپ توختىدى.

ھارۋىكەش چوقايغا ئېسىلىپ، ھارۋىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈپ ئاقساپ بىر نەچچە قەدەم ئالدىغا ماڭدى ۋە دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈگەچ ۋارقىرىدى:

— ئىبراھىم ئاكا، ھوي!... قويۇڭغا ئوغرى تەگدى!

ئەلى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كۆيۈشكەن پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىدى. توغراقتىن ئون مېتىرچە نېرىدا يامغۇر سۇلىرى يالاپ، تاملىرى تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەن پاكار كونا كېسەك تاملىق ئۆي، ئۇنىڭ يېنىدا چۆرىسى يۇلغۇن، ئازغان ھەم توغراق شاخلىرى بىلەن قورشالغان قوي قوتىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى لاپاس سايىسى ئاستىدا قويلار پۇشقۇرۇشاتتى. ھايال ئۆتمەي، ئىشىكى ئوچۇق ئۆي ئىچىدىن يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان، بېشىغا ئاق ئوغلاق تېرىسىدىن تۇماق كىيگەن ساغلام بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى.

— ئامان كەپسەن قاۋۇل ئەسكەر، قېنى، ئەكەل قاپىقىمنى!

— يائاللا، خۇمارىڭ تۇتۇپ، ئۆلگىلى ئاز قاپتىكەنسەن - دە، قېرى! مانا ئال، ناس قاپىقىڭنى، — قاۋۇل ئەسكەر ھارۋا ئۈستىدىكى كونا بېرزېنت ھەربىي سومكىسى ئىچىدىن مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى خۇددى ياغچىنىڭ قاپىقىدەك سارغىيىپ - قىزىرىپ كەتكەن نەقىشلىك ناسۋال قاپاقنى ئېلىپ بوۋايغا ئۇزاتتى. بوۋاي قاپاقنىڭ پەششىق تاسمىدا ئەتكەن ئاغزىنى ئېچىپ، بىر خىل ئىشتىھا، خۇمار بىلەن پۇرىدى ۋە ئالقىنىغا ناستىن ئازراق تۆكۈپ ئاغزىغا كاپ ئەتتى - دە، لەززەتلىك كۈلۈمسىرەش ئىچىدە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ خىرىلداپ كۈلدى.

— ۋاھ، تازا نوچىسىنى ئەكەپسەن بۇ دورەم، يۈرىكىمگە گۈپپىدە تەگدى مانا، ھە... يېنىشىڭدا كادىرچاقتىن يەنە بىرنى ئېلىپ كەپسەن - دە.

— ئىمىن جۇيجاڭنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر ھارۋىدىن چىقارغان ئاتنى توغراقنىڭ ئاچىمىقىغا قاڭتۇرۇۋېتىپ.

ئىبراھىم ئاتا ئۆينىڭ ئالدىدىكى پاكار سۇپىغا كىگىز سېلىۋېتىپ، قاۋۇل ئەسكەرنى مەسخىرە قىلغاندەك غۇدۇڭشىدى.

— سەن بۇ كادىرچاقلارنى توشۇپ ھارمىدىڭ قاۋۇل ئاخۇن، بۇلار قېچىپ ھارمىدى. نەچچىنچىسى بولىدۇ بۇ؟

— بولدى! بۇ گېپىڭىنى قويۇپ، بىرىدىغىنىڭىنى بەرمەمسەن؟ — قاۋۇل ئەسكەر زەردى بىلەن بوۋاينى سىلكىدى، — قورساقنىڭ ۋاي جېنى چىقتى شۇ تاپتا!

— ھى... ھى... ھى... مېنىڭ نېمە ئىشىم، ھۆكۈمەتنىڭ قىلىقىغا كۈلىمەن، تېرىم دېگەنگە ئەدىكى نان قېپلارنى ئەۋەتمەي، سەندەك ھېچنەگە قېچىپ كېتەلمەيدىغان توكۇر قاۋاندىن ئەۋەتسۇن - دە.

قاۋۇل ئەسكەر ئۈنچىقمىدى. ئىبراھىم ئاتىنىڭ سۆزى جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئەلى دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ يېنىغا يۈكۈندى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئارقىدىن ئۆيدىن ياغاچ تاۋاقتا قېتىق ئېلىپ چىقتى. ئۇلار بىلەن شەھەردىن ئېلىۋالغان يۇمشاق ناننى قېتىققا مىلەپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

## ئالتىنچى باب

ئۇلار كېچىچە يول مېڭىپ، كۈنچىقىش بىلەن تەڭ تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا — باش - ئايىغىغا كۆز يەتكۈسىز، ئاسمان - يەلەك بوي تارتقان زىچ توغراقلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ جايدىكى مەنزىرە ئاجايىپ: گاھى توغراقلار گويا بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىدەك گەۋدىسىنى مەزمۇت، تىك كۆتۈرۈپ ھەرتەرەپكە شاخ ئايرىغان، گاھىلىرى يەرنىڭ پوستىدىن ئايرىلىپ، ئاپئاق يالىڭاچلىنىپ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە غۇلاپ چۈشكەن. ئۇلار خۇددى قەدىمىي زاماندىكى غايەت زور ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىدەك سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بەزىلىرى ئاللىقاچان پورلىشىپ، سېسىشقا، چىرىپ توپىغا ئايلىنىشقا باشلىغان. ئەلى كىچىكىدە بوۋىسىنىڭ: «توغراق ئۈچ مىڭ يىل ئومۇر كۆرىدۇ. كۆكلىگەن ھالەتتە مىڭ يىل ياشايدۇ، قاقشال ھالەتتە مىڭ يىل ياشايدۇ، چىرىپ مىڭ يىل ياشايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان. بۇ راستىنلا ئەپسانە ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەنە، زومچەك - زومچەك شورلۇق توپىلار ئارىسىدىن توغراقنىڭ ئاخىرقى چىرىندىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە ئارىلاپ - ئارىلاپ يايپېشىل، يۇمران توغراق نوتىلىرىنى كۆرۈش



مۇمكىن. مانا بۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇۋدىغان ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان تىرىلىش، ياشاش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ ئەمەلىي كارتىنىسى.

توغراق ئارىسى بويلاپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان يولدا هارۋا، ماشىنا ۋە تراكتور ئىزلىرى كۆرۈنەتتى. ئەمما بۈگۈن بۇلارغا نە هارۋا، نە ماشىنا ئۇچرىمىدى، ئورمان ئىچى تىنجىق ۋە شامالسىز ئىدى، لېكىن ئەتراپتىن قىزىغان بازارنىڭ سوغۇق گۈرۈلدەشلىرىنى ئەسلىتىدىغان تىنىمسىز شاۋقۇن ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللىقانداق ياۋايى هايۋانلارنىڭ سوزۇپ هۆركىرەشلىرىنى، قۇشلارنىڭ ئىنچىكە چىرقىراشلىرىنى، توغراق شاخلىرىنىڭ قاراسلاپ سۇنۇشلىرىنى، تورغايلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازدا سايراشلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئەلى بۇلارنى ئاخشاملىقا خاتىرىسىگە يېزىۋېلىش ئۈچۈن بۇ قەدىمىي ئورمانلىق ئىچىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئىنچىكە زەڭ سېلىپ كەلمەكتە.

بىر چاغدا هارۋا خۇددى رىۋايەتتىكىدەك گۈزەل، مەنزىرىلىك بىر جايغا — ئەتراپى ياپپېشىل چىملىق ۋە كۆپكۆك قومۇش، يېكەنلەر بىلەن قورشالغان سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆل بويىغا يېتىپ كەلدى.

— مانا، ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدۇق. بۇ جاينىڭ ئىسمى ئايدىڭكۆل، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر خېلىدىن بېرى غىڭشىپ ئېيتىپ كېلىۋاتقان «مارش» ناخشىسىدىكى تېمىسىدىن توختاپ. هارۋا كۆل بويىدىكى بىر تۈپ ياش توغراقلىقنى ئەگمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى شەهەر ئۆيلىرىدەك رەتلىك قىلىپ سېلىنغان، تاملىرى سۈتتەك ئاقارتىلغان بىر كورپۇس ئۆي كۆرۈندى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا تارتىلغان ئىنچىكە سىمدا كىر يېيىقلىق تۇراتتى. تونۇر ئەتراپىدا توخۇلار دانلىشىپ يۈرەتتى. تونۇرنىڭ يېنىدا قاقشال ① بىلەن داغى ② رەتلىك دۈۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئات چوڭ يولدىن ئۆي تەرەپكە بۇرۇلغان هامان باشقىچە ئوينىقاشقا، بېشىنى سىلكىپ كىشنەۋەتتى. قاۋۇل ئەسكەر ئاتنىڭ بوجىسىنى تارتتى ۋە ئۆي تەرەپكە قاراپ، هارۋىنىڭ ئۈستىدە تۇۋلىدى:

— گۈلجەننەت!

«گۈلجەننەت؟» هارۋىدىن چۈشۈۋاتقان ئەلى چاقماق زەربىدىن لەرزىگە كەلگەن هاۋادەك سىلكىنىپ كەتتى. شۇ هامان ئۆينىڭ تۇخۇم سېرىقى رەڭگىدە سىرلانغان ئىشىكى ئېچىلىپ، هېلىمۇ قىز چاغلىرىنىڭ ئاجايىپ لاتاپىتى ۋە غۇنچىدەك گۈزەللىكى كەتمىگەن زىلۋا بويلۇق ياش چوكان دولقۇنلانغان چاچلىرى ئۈستىدىن گۈللۈك ياغلىقنى چىكىلەپ تېڭىۋالغان هالدا ئىشىكتىن چىقتى. ئارقىسىدىن يالاڭباش، ئىشتانسىز كىچىك ئوغۇل بالا هارۋىغا قاراپ ئېتىلدى.

— هېكمەت! ۋاي ... ۋاي ... ئاپىئېقىم، پاقلىنىم! — بىر پۇتىنى سۆرەپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئاقساپ ئوغلىغا قاراپ ئېتىلغان قاۋۇل ئەسكەر ئوغلىنى ئىككى

① ، ② كوچا شىۋىسىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆرۈپ ئالغان بولۇقنى قاقشال، ئىزىنى داغى دەپ ئاتايدۇ.

قوللاپ، بېشىدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ ئەركىلەتمەكتە، قۇچاقلىماقتا، سۆيمەكتە. چىرايى گۇيادەك ئېچىلىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن گۇلجەننەت ھارۋا يېنىدىكى چىرايىنى تانىرىپ، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئەلگە سالام بېرىش ئۈچۈن تاسادىپىي تىكىلدى - دە، توپا تامغا ئۇسۇۋالغاندەك بېشىنى تۇتۇپ، جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. چىرايىدىكى بايىقى شادىيانە قىزىللىق ئەمدى قاياققىدۇر يوقالغان، گويا ئۇ، قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ، كۆز چاناقلىرى كېرىلدى، لەۋلىرى تىترىدى.

ئەنە، بىر دەقىقە بىر - بىرىگە تىكىلگەن ئىككى جۈپ كۆز: ئەلىنى بىر كىم ئەجەللىك ئوق بىلەن يۈرىكىگە ئاتقاندەك، يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى، دەھشەتلىك بىر ئاغرىقتىن ئۈنسىز ئىڭراپ ھارۋا شوتىسىغا سەنتۈرۈلدى. قېلىن قاشلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، چەشلىرى كالپۇكىنىڭ يۇمران گۆشلىرىگە پاتتى. ئۇنىڭ پۇت - قولىدا نە كۈچ - مادار، تىلىدا ئىككى ئېغىز زۇۋان سۆرەلگۇدەك جۈرئەت قالمىغان، ئۇنىڭ چەكسىز ئىنتىزارلىق ۋە سېغىنىش ھىجرانى بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆز گۆھىرى گويا ئىنسان ۋۇجۇدى چىداش مۇمكىن بولمايدىغان كۈچلۈك نۇر زەررىسىدىن شۇررىدە يەرگە ئېقىپ چۈشكەندەك، ئاخىردا ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئاھ، گۇلجەننەت! بۇ، نېمە تەقدىر؟ بىز كەلگۈسىدە بىر كۈنلەردە مۇشۇنداق كۆرۈشەمىز دەپ ئويلىغاندمىدۇق - ھە؟ ئويلىمىغان، ئەزىبىرايى، ئويلىمىغان! مەن سېنى كۆپ ئىزلىدىم، ئىزدەپ تېپىش، سېنى ۋە ئۆزۈمنى بەختلىك قىلىش، ئالدىڭدا ئۆز گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتۇمغا كەلگەنىدىم. سېنى تېپىش ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن چاغدا بۇ ماكاندا، ئويلىمىغاندا سېنى ئۇچرىتىپ قالغىنىم نېمىسى سۆزلە جەننەت! سەن نېمىشقا توي قىلدىڭ؟ نېمىشقا مېنى كۈتمىدىڭ؟ مېنىڭ گۇناھلىرىم ئىنسان ئەبەدىي كەچۈرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان گۇناھلار ئەمەسقۇ؟ مېنى تاشلاپ تەگكىنىڭ مۇشۇ توكۇر، قېرى ئەسكەرمۇ ئاخىر؟ ئۇنىڭدىن قانچىلىك بەخت، ھۇزۇر - ھالاۋەت تاپقانسەن - ھە؟ كۆزۈڭ يوق ئىكەن جەننەت! ئۇنى نەرىگىدە ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ؟ راستىنلا يۈرىكىڭدىنمۇ؟ ياق، جەننەت! ئۇنى يۈرىكىمدىن ياخشى كۆردۇم، دېيىشىڭگە ئەسلا ئىشەنمەيمەن. ئەنە، قارا، ئۇ ئوغلۇڭنى قانداق قۇچاقلاۋاتىدۇ؟ ھە، ئەمدى بىلدىم، خۇداغا شۈكرى، سالامەت يەڭگىۋاپتىكەنسەن - دە، ئۇ ئەسلىدىلا مېنىڭ ئوغلۇم! نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ماڭا! ئۇ ئەمدى ماڭا تېگىدۇ. ئەبەدىي ماڭا مەنسۇپ. ئېيت، گۇلجەننەت، بىزنىڭ ھايات - تەقدىرىمىزنى مۇشۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، سېنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەللىكىڭنى ۋە سۆيۈمىنىڭ غۇبارسىز نۇرلىرىدەك پاك ياشلىقىڭنى مۇشۇ ئامەت ئوغرىسىغا بەخشەندە قىلىۋەتكەن سېھرىي كۈچ نېمە؟»

ئېرىدا — ئەلىدىن بەش قەدەمچە يىراقلىقتا غەزەپ ۋە نەپرەت كۈچىدىن ئاللاقاچان ئەقلىدىن ئازغان ياش چوكان تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۇت قەغەزدەك ئاقارغان دەردلىك چىرايى گويا كالا پادىسى چەيلەپ كەتكەن تاغ لالىسى؛ ئۇنىڭ ھەيرانلىق ۋە ئىزتىراپتىن يېرىم ئېچىلغان نېپىز لەۋلىرى گويا دۈشمەن ئوقى تېشىپ ئۆتكەن

جاراھەت ئاغزى؛ ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان كۆز گۆھىرى گويا ئۆلۈۋېتىش
ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئېلىۋاتقان ئاغرىقچان ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرەك
پارىسىغا قادالغان چاغدىكى چەكچىيىشلىرى. ئۇ يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن تىپچەكلەپ،
گويا كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىشىدىن قورققاندەك، كۆكسىنى قاماللاپ تۇتتى.
ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇقچۇغان، ئۆزىگە گۈلدۈرماممىدەك ئاڭلىنىدىغان،
ئەمما ئۇ سادا دۇنيادا ھېچقانداق بىر مەۋجۇداتلىقنىڭ ئاڭلىشىغا نېسىپ بولمايدىغان
شىددەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن داد - پەرياد كۆتۈردى «ئاھ، ئەلى، شۇ تاپتا مەن سېنى
قاباھەتلىك چۈشۈمدە كۆرۈۋاتقانمەنمىدۇ؟ كەت، كەت! نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ مەن
ئەمدى سېنى يېنىپ يەنە كۆرۈشنى خالىمايمەن. بىلەمسەن، مەن سېنى ئۇنتۇغان،
بۈرۈنلا ئۇنتۇپ كەتكەن. ئارىمىزدىكى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسە،
مۇھەببەت ... دېگەنلەر سېنىڭ ساختىلىقىڭ، ۋىجدانسىزلىقىڭ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى
ۋاپاسىزلىقىڭدىن بۇخسۇپ چىققان نەپرەتلىك ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا چىرىگەن،
يوقالغان. سەن مۇھەببەت بىلەن ئويناشتىڭ، سەن ئۇنىڭغا خۇددى كىچىك بالىنى
ئەمەك قىلغانغا ئوخشاش، خالىغانچە چاقچاق قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدىڭ. سەن
مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە — قول بىلەن تۇتۇشقا، كۆز بىلەن كۆرۈشكە مۇمكىن
بولمايدىغان، لېكىن تەگرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئوخشاش، چەكسىز مۇقەددەس كۈچ
ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدىڭ. لېكىن بىر كۈنلەردە ئۇ ئەشەددىي قىساسكارغا ئايلانغاندا،
سەن ئۇنىڭ جازاسىدىن تۇۋا قىلىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. ئېرىمگە ھومايما، نېمىشقا
ھومىيىسەن؟ سەن ئۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسسەن، مەڭگۇ ھەقلىق ئەمەسسەن، بۇ
خۇددى بىر پاسىق جىنايەتچىنىڭ ئۆز جىنايىتىدىن يىرگىنىشتىن كۆرە، زىيانكەش -
لىككە ئۇچرىغۇچىغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىغا ئوخشاش نامەردلىك. توغرا،
قاۋۇل مەندىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ، تەڭ قۇردىشىم ئەمەس. ئۇنىڭ تەلەتى
سۆرۈن ۋە قورقۇنچلۇق. سەندە بار چىراي - قامەت ئۇنىڭدا يوق، ئەقەللىسى، جىسمى-
نىڭ يېرىمى كاردىن چىققان يېرىم ئادەم، لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ يېرىم گەۋدىسى مەن
ئۈچۈن ئەزىز ۋە قەدىرلىك. ئاھ، ئىست، شۇ تاپتا ئالدىمدا سەن — يات بىر كىشى
قاراپ تۇرىسەن. بولمىسا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلاتتىم. قاتاڭغۇر گەۋدىسىنى قۇچاقلاپ،
چاڭ باسقان يۈزلىرىگە ئاچكۆزلەرچە سۆيەتتىم. راست، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ھەر قېتىم
يىراق يەردىن كەلگەندە مەن ئۇنى شۇنداق كۈتۈۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق قىلىش
مەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك راھەت ۋە لەززەتلىك - ھە؟ مەن ئۇنى نېمىشقا
شۇنداق ئاچكۆز ۋە سارائلارچە سۆيىمەن؟ سەۋەبى، قاۋۇل ھاياتىمدىكى ئاجايىپ،
ئادەم. سەن ئۇنىڭدىكى بۇ سېھىر جازىبىدارلىقنى مۇشۇ ئۆلۈكنىڭكىدەك قېتىپ تۇر-
غان خۇنۈك كۆزلىرىڭ بىلەن مەڭگۇ كۆرەلمەيسەن. سەن ئەمدى بۇ يەردىن كەت
ئەلى، كەت، ھازىرلا كەت!...»

ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە داڭ قېتىپ بېقىشلىرى بىلەن كۆزلىرى ئارقىلىق
ئەنە شۇنداق سۆزلەشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىسىگە، گويا ۋاقىتمۇ داڭ قېتىپ

توختاپ قالغاندەك بىر سېكۇنتمۇ ۋاقىت كەتمىدى.

ھېكمەت قاۋۇل ئەسكەرنىڭ قۇچىقىدا ۋىلىقلاپ، تىلىقىپ كۈلمەكتە. ئۇ، ھېكمەتنى پۇراپ، يالاپ خۇماردىن چىققاندىن كېيىن يەرگە دەسسەتتى-دە، ئەلىگە:

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ ئۇكام، ھە، تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ خېنىم بىزنىڭ مۇشۇ باتۇرنىڭ ئانىسى گۈلجەننەت، — دېدى.

ئۆي ئىچى ئاددىي ئىدى، ئەمما سەھرا ئۆيلىرىگە ئوخشىمايتتى. كۆتۈرۈپ سېلىنغان كاڭ ئۈستىگە گۈللۈك تەگلىمات كىگىز، تۆرگە گىلەم سېلىنغانىدى. سۇۋىتەك ئاپئاق ئاقارتىلغان تامنىڭ ئۇدۇل ۋە يان تەرىپىگە گىلەم تارتىلغان. سارغۇچ سىرلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرۇدىغان مىخلىما ساندۇق ئۈستىگە ئورۇن-كۆرپە يىغىلىپ، ئۈستىگە كۆشىرەك يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر جۈپ قۇشقاچنىڭ شاختا يېقىن ياندىشىپ سايرىشىۋاتقان تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن ياستۇق ھاۋارەڭ گاز ياغلىق بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى. تامدا قارىداپ كەتكەن كونا مىلتىق ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەلى تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇۋېتىپ رەشلىيمەلەنگەن دېرىزە پەردىسىگە قاراپ ئىچى نېمىدىندۇر كۆپۈشكەن، قاتتىق بىرنەرسە تاتىلغاندەك ئارامسىزلاندى. ئۇ گۈلجەننەتنىڭ چېۋەر قولىنىڭ نەپىس مۆجىزىسى. ئۇ يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ تېخىم تاپماي مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇدىغان.

ئىشىك تۈۋىدە ھېكمەتنىڭ چىلگىدەك كىچىككىنە بېشى كۆرۈندى.

— دادا، ئاپام يىغىياۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئەلىدىن ئەيمىنىپ، دادىسىغا يېقىن كېلىشكە پېتىنالماي.

— يالغان سۆزلىمە، مېنى چاقىرغاندۇ ئاپاڭ ھەقاچان، — قاۋۇل ئەسكەر كاڭدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، بىر پۇتىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ نېرىقى ھۇجرا ئۆيدە گۈلجەننەتنىڭ كاڭغا ئۆزىنى تاشلاپ بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا تەشۋىش، سەراسىمىگە چۈشتى.

— نېمە بولدى، گۈلجەننەت؟ ئاپلا، مېھمان ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، قوپۇڭ، داستىخان قاچان سېلىنىدىكىن دەپ، تامادا ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن تېخى. تاۋۇڭىز يوقمۇ-ھە، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، دوختۇرخانىغا ئاپىراي، ئەمىسە. ھازىرلا ھارۋىنى قوشاي.

گۈلجەننەت بېشىنى كۆتۈرمىدى، قاۋۇل ئەسكەر خىجىللىق ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە تېگىرقاپ، بارماقلىرىنى ئۇۋۇلىدى، نېرى-بېرى ماڭدى، گۈلجەننەتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يالۋۇرغان ئاھاڭدا پىچىرلاپ دېگۈدەك دېدى:

— گۈلجەننەت ... ھېچ بىلمىدىم، بۇ نېمە ئىش؟

گۈلجەننەت خۇددى ئەسەبىي ئادەمدەك بىردىنلا يۇلقۇنۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردەمدىلا ياش بىلەن ئىششىغان غەزەپلىك كۆزلىرىنى قاۋۇلغا تىكتى.

— ئېيتىڭا، ئۇنى نەدىن ئۇنىدۇردىڭىز بۇ يەرگە؟

— ئۇ دېگىنىڭىز كىم؟ — دېدى قاۋۇل ئەسكەر ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ھە، ئۆيدىكى مېھمانىنىمۇ؟ ئىمىن جۇيجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېلىپ كەلمەم-

دېمەك ئۇنى. ئاڭلىسام، ئۇ يىگىت مۇشۇ يەردە بىز بىلەن بىللە ئىشلەرمىش. ئۆزى شۇنداق تەلەپ قىلغان دەيدۇ. ئەزىزىۋۇ ھاكىمنىڭ ئوغلىكەن تېخى، ھى... ھى... قىزىق ئىش، ھاكىمنىڭ ئوغلى بولسۇنۇ، مۇشۇنداق جاڭگالنى تاللىۋالسۇن. ئىش ئېنىق: بۈگۈنى كېلىدۇ، ئەتىسى گەدىنىنى قاشلايدۇ. ئۈگۈنىسى قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچىدۇ. بۇنداقلاردىن قانچىسى كەلمىگەن دەيسىز؟ قوپۇڭ ئاپپاق خېنىم، ھى... ھى... بۇقۇرساق...

— قوپمايمەن، ئالدى بىلەن ئۆيدىن يوقىتىڭ ئۇنى! — گۈلجەننەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەنسېرى، يېشى كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قۇيۇلماقتا. — سىز يوقاتمىسىڭىز ھېلى بىكار ئۆزۈم قوغلاپ چىقىرىمەن ئۆيدىن.

— ئاپلا، نېمە دەيدىغانسىز؟ — قاۋۇل ئەسكەر خاپا بولۇپ، زاڭقىنى سىقىمدىدى، — ساراڭ بولدىڭىزمۇ بۈگۈن، ئۇ نېملا بولمىسۇن ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم كەلگەن مېھمان ـ دە، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويالمىساق قانداق بولىدۇ؟ خەق بۇنى نېمە دەيدۇ؟ سىز بىلەن ماڭا سەت ـ تە!

— دېدىمغۇ، قوپمايمەن! ئەمىسە مەن كېتەي، ئۆيىنى سىلەرگە تاشلاپ بېرىپلا كېتەي!

— گۈلجەننەت! — قاۋۇل ئەسكەر غەزەپتىن ئەسەبىلىرى قوزغىلىپ ئايالىغا بۈگۈن تۇنجى قېتىم ۋارقىرىدى، لېكىن ئۇ شۇئان ئۆزىنى قولىغا ئالدى، خۇددى مېھماندەك ئىززەت ـ ھۆرمەت بۇ ئائىلىگە ئادەتتىكە ئايلانغان. لېكىن گۈلجەننەتنىڭ بۇرۇن ھېچ قاچان قىلمىغان بۈگۈنكى قوپال، تەرسالىقى ئۈچۈن قاۋۇل ئەسكەر ھەيران ۋە خاپا. نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟ مېھمان ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدىغان بۇ مېھماندوست قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئايال بۈگۈن نېمىشقا غەرەز ئوقمايدىغان، سېزىك ئايالدەك تەرسا، جاھىل خوتۇنغا ئايلىنىپ قالدى؟ قاۋۇل ئەسكەرنىڭ بېشى قاتتى، ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ، ھېلىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئايالىغا نېمەدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى. بېشىدا بىردەم ئۆرە تۇردى، گەدىنىنى تاتىلىدى. ئۇ ئاخىرى داستىخاننى ئۆزى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەلىنىڭ ئالدىغا يايدى ـ دە، بىر قاچا قېتىقنى ئالدىغا قويۇپ:

— كۆرمەمسىز، ماۋۇ خوتۇننىڭ ئۇشتۇمتۇت تاۋىنىڭ يوق بولۇپ قالغىنىنى. ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ، كەچلىكىگىدە شۇ دېگەندەك، تۈنۈگۈنمۇ قېتىقتا قورساق تويغۇزغان، ھېلىمۇ قېتىقتا گۈللەپ تۇرايلى بۇ قورساقنى. شۇنىڭدىن كېيىن سىز كىلەم ئۈستىگە ئازراق قىڭغىيىۋالسىز، مەن ئۇنىڭغىچە چاچتەك قىلىپ لەڭمەن سوزىمەن. بۇ، لاپ سۆزلىگىنىم ئەمەس، مەن ئاشپەزلىكنى ھەربىي قىسىمدا ئۆگەنگەن، ـ دېدى.

قاۋۇل ئەسكەر لاپ سۆزلىمىگەنىكەن. بىر پەستىن كېيىن، ئۇنىڭ غەلىتە، كۆرۈمسىز بېشى ئىشىكتىن كۆرۈندى:

— ئاشنى ئىسسىق يەمسىز، سوغۇق يەمسىز، ئوكام؟

— ئاپلا، ئاۋارە قىلدىممۇ سىزنى؟ — ئەلى ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى، —

ئەسسىق يەي.

هايال ئۆتمەي قاۋۇل ئەسكەر يوغان تەخسىگە لىق راسلانغان لەگمەننى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئەلىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئېيتماقچى، ئىسمىڭىز نېمىدى ئۇكام، ئىككى كۈندىن بېرى ئىسمىڭىزنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. ھە، ئەلى، دەڭ. ئەلىجان دېسەممۇ بولىۋېرەمدۇ، قېنى، ئاشقا بېقىڭ ئۇكام، پىلتە جىق، ئىككى تەخسە يېمىسىڭىز ھېساب ئەمەس!

ئىككى كۈندىن بېرى ئاچلىقتىن كىندىكى ئىچىگە تارتىپ كەتكەن ئەلى ئېھتىمال بۇ ئوخشىغان لەگمەندىن ئىككى تەخسە يەۋەتكەنمۇ بولار ئىدى، ئەمما ئۇ كۆڭۈل ئاسمىنىنى بېسىۋالغان ئېغىر بۇلۇتتەك غەشلىك، ئازاب، كۆڭۈلسىز ھېسلاردىن ئىشتىيى بوغۇلۇپ، قولىدىكى بىر تەخسە ئاشنى ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ، مىڭ تەسلىكتە يەپ تۈگەتتى.

قاۋۇل ئەسكەر تاماقتىن كېيىن ئەلىنى باشلاپ قاتار بىر كورپۇس ئۆينىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— ياتىقىڭىز مۇشۇ بولىدۇ، ئۇكام ئەمىسە، سىزدىن بۇرۇن سىزدەك كادىردىن نەچچىسى كېلىپ مۇشۇ ئۆيدە ياتقان، شۇڭا بۇ ئۆينى كادىرلار مېھمانخانىسى دەپمۇ قويىمەن. تۇرۇپ بېقىڭ، بۇ يەرنىڭ شارائىتى توغرىلىق مېنىڭ بىر نېمە دېگىنىمدىن كۆرە، ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاسىتە كۆرۈپ باققىنىڭىز ياخشى. قانچىلىك تۇرسىڭىز شۇنچىلىك مېھمىنىمىسىز. بىز ھەربىي قىسىمدىكى چاغلىرىمىزدا كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى قاراۋۇل پونكىتلىرىدا نەدىمۇ مۇنداق ئۆي بار ئىدى دەيسىز؟ قارىڭغۇ، تاش كەمىلەردە ياتاتتۇق. شۇڭا ناچار شارائىت، قىيىنچىلىق دېگەنلەر خۇددى ئۆردەكنىڭ قانىتىغا سۇ يۇقمىغاندەك ماڭا ئانچە تەسىر قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. لېكىن سىلەرگە ئۇنداق تۇيۇلۇشى ناتايىن. مەن بۇ يەرگە كەلگەن ئالتە-يەتتە يىلدىن بېرى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ توققۇز كادىر كېلىپ كەتتى. ئالدىنىڭ بىر يىل، كەينىنىڭ بىر ئايغا بارماي قېچىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. نېمە ئىلاج، ئۇلارنى توسۇپ، توغرىراقتا باغلاپ قويغىلى بولمايدۇ-دە، سىز قانچىلىك تۇرسىڭىز داستىخىنىمدىكىنى سىز بىلەن تالىشىپ يەيمەن، كۆنۈپ قالدىم دېسىڭىز ئەسلى ياخشى، كېتىمەن دېسىڭىزمۇ رەنجىمەيمەن، ئىمىن جۈيجاڭدىن بۇيرۇق كەلسىلا سىزنى شەھەرگە ھېلىقى ھارۋامدا ئۆزۈملا ئاپىرىپ قويىمەن، قانداق دېدىم؟

ئەلى ئۈنچىقمىدى، ئۇ خېلىدىن بېرى ئادەمسىز — گاڭگاراپ، تېمىنىڭ ھۆلى زەيلىشىشكە باشلىغان، تام تۈۋىدىكى ئۈركىگەن ئاقۇش توپىدا قارا قوڭغۇز بىلەن دالا چاشقىنىنىڭ ئىزى قالغان ئۆينى سېيرىپ-سۈپۈرۈپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

ئەلىنىڭ تارىم ۋادىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئۇرنى گاھىدا كېڭىيىپ، گاھىدا تارىيىپ، گاھىدا ياشىرىپ، گاھىدا سارغىيىپ تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن ئېلىشىپ كەلگەن بۇ ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقى ئىچىدىكى ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئۇنىڭ بار - يوقى بىر چامادان، ئىككى تېڭىق كىتاب ۋە ئورۇن - كۆرپىسى، بۇ ئۆيدە بىر كىشىلىك داق كارىۋاتتىن باشقا خەت يېزىش ئۈچۈن نە ئۈستەل، ئورۇندۇق، نە كېچىسى ياقىدىغان ئېلېكتر لامپۇچكىسى يوق. ئەنە، ئىشىك تۈۋىدە بىر چەلەك، بىر سۇپۇرگە، دېرىزە تەكچىسىدە قاچانلار دىدۇر تاشلىنىپ قالغان يېرىم تال شام. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئامانىتىگە ئۆتكەن ھەممە مال - مۈلۈك ئەنە شۇ. ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشقا سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن كۆل بويىغا باردى. كۆل بويى سالقىن، راھەتلىك ئىدى، ئۇ - شۇقىچە كېلىدىغان ياپپېشىل ئېجىرىق خۇددى مەخمەل پاياندازدەك يېيىلغان. ئۇ يەر - بۇ يەردە زومچەك - زومچەك ئۆسكەن ئازغان قىپقىزىل ياقۇتتەك ئۇرۇق تۇتقانىدى. ئۇنىڭ بۇركۇت تىرنىقىغا ئوخشايدىغان ئۆتكۈر، ئىلمەك تىكەنلىرىدە سۇركۇلۇپ ئۆتكەن قوي، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭ - چۇپۇرلىرى ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

كۆلنىڭ ئەينەكتەك سۈزۈك، تىنىق سۇ بېتىدە ئەتراپتىكى قومۇش، يېكەن بىلەن توغراقلارنىڭ روشەن ۋە تاپتازا ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەلى كۆل گىرۋى - كىدە ئولتۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى. مۇزدەك سوغۇق سۇ ئۇنىڭ باش - كۆزىدىكى سەپەر چاڭلىرى بىلەن ۋۇجۇدىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئارامسىزلىقنىڭ كۆل رەڭ تۇمان - لىرىنى ئېلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ، چېلەككە سۇ تولدۇرۇپ ياتىقىغا ماڭدى، ياتى - قىدا ئۇنى قاۋۇل ئەسكەر ساقلاپ تۇراتتى.

— سىزگە بىر ئۈستەل، ئورۇندۇق كېرەك بوپتۇ، — دېدى ئۇ، — ئەتىلا ياساشقا كىرىشىمەن، ئازراق تۇرۇپ قالغۇدەك بولسىڭىز، كىتاب جازىسىمۇ ياساپ بېرىمەن تېخى. كىتاب - ماتېرىياللىرىڭىز ئاز ئەمەس ئىكەن، مۇنداق تاشلاپ قويسىڭىز ئىككى كۈندىلا چىرىپ كېتىدۇ. بۇ يەرنىڭ تورقا چاشقانلىرىنى كۆرمىدىڭىز - دە، بوش تۇز - سىڭىز قولىڭىزدىكى نانىڭىزمۇ ئېلىپ قاچىدۇ.

— ياغاچچىلىقتىنمۇ خەۋىرىم بار دەڭا.

— ھەي، — ئۇ كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، غاڭزىسىغا تاماكا باستى، — ھەربىي تۇرمۇش كىشىگە نېمىنى ئۆگەتمەيدۇ دەيسىز. شۇغىنىسى، بىلىم - سەۋىيىدە چولتىمەن، كىتاب - ژۇرنال دەمسىز، گېزىت دەمسىز، ئىش قىلىپ ھەممىسىنى چالا قويماي ئوقۇپ تۇرىمەن، ئەمما يازالمايمەن. خەت ئوقۇشنى ماڭا گولجەننەت ئۆگەتكەن دەڭا. ئەمما، لېكىن، مۇشۇ خەت دېگەن كاساپەتكە قولۇم كەلسە ئەزبىرايى.

— گېزىت - ژۇرنال بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرامدۇ؟

— نەدىكىنى؟ — قاۋۇل ئەسكەر ئاغزىدىن جەينەكتەك قويۇق ئىس چىقىرىپ ھا - ۋاغا پۈۋلىدى. — ئادەتتە ناھىيىگە ئايدا بىر قېتىم بارىمەن. ئىمىن جويجاڭنىڭ ئىشخانى - سىدا دۆۋىلىنىپ قالغان گېزىت - ژۇرنالنى قوچاقلاپلا ئېلىپ كېلىمەن.

شۇ چاغدا تالادىن ھىكمەت تايتاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىردى.

— دادا، شىنى ئاپام قىچقىرىۋىدۇ، ئاش پىشتى دەيدۇ.

— ئوھو، پوندىكىم، — قاۋۇل ئەسكەر ھىكمەتنى قولتۇقىدىن دەس كۆتۈرۈۋالدى بىلـ نىمە ئەتتى؟

— شۈيۈقنىڭ ئاش.

— ھەببەللى، مانا، — دېدى ئۇ ئەلىگە قاراپ، — قويۇپ، ھاردۇق ئېشىنى كەچتە ئىچىدىغان بولدۇق - تە.

— رەھمەت، قورسىقىممۇ ئاچمىغانىدەك، — دېدى ئەلى ئۇڭايسىزلىنىپ.

— ۋاي قويۇڭا، — قاۋۇل ئەسكەر ئەلىنىڭ قولىدىن تارتتى، — سۈيۈقئاش ئىچىتىم توق، ئۆرە قوپتۇم يوق. شۇنداق ئاش ئۇ!

ئەلى ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىچى كەچكى گۇگۇم بىلەن قاراڭغۇلاشقان، تاپىنغا كونا ساماندىن ئىس يېقىپ قويۇلغانىدى. ئەلى بۇنىڭ كەچتە بىردىنلا كۆپىيىپ كېتىدىغان پاشىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىنغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ گۈلجەننەت بىلەن قايتا تەربىيىدىكى ۋاقىتلىرىدا ياتاقلىرىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق تېزەك ياكى كونا ساماندا ئىس يېقىپ، پاشىلارنىڭ تېنىمسىز قىيناشلىرىدىن پاناھلىناتتى.

گۈلجەننەت ئۈن - تىنسىز ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، ئارقىدىنلا پەتنۇستا ئىككى چىنە سۈيۈقئاش كۆتۈرۈپ كىردى. ئەلى گۈلجەننەتكە قاراشقا ئاجىز. ئۇ داستىخاننىڭ بۇرجىكىدىكى كىچىككىنە كۆيۈك ئىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، خۇددى قاپىقى يامان مۇئەللىم ئالدىدىكى گۇناھكار ئوقۇغۇچىدەك قورۇنۇپ، تۇگۈلۈپ ئولتۇرماقتا. ئۇ كۆڭلىدە پەرەز قىلدى: ئېھتىمال، گۈلجەننەت ھازىر ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىغاندۇ، ياكى نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسى بىلەن ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندۇ. بوپتۇ، ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق.

ئەلى تاماقتىن كېيىن ياتىقىغا قايتىپ ئۈنسىز خىيالغا چۆكتى، مۈگدىلاندى. تۈننىڭ مەخمەل پەردىسى ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتكەن ئورماننىڭ كۈندۈزكى بوغۇق گۈرۈلدەشلىرى، تىنىمسىز شاۋقۇنلىرى، پاشىلارنىڭ يېقىمسىز گىڭىلداشلىرى ئاللىقاچان توختىغان. پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ تۈشمۇ - تۈشتىن توختاۋسىز چىرىلداشلىرى قۇلاققا كىرىپ تۇرمىسا، تەبىئەتنى بىر كۈنلۈك تىنىمسىز ھاياتنىڭ كۈچلۈك زورۇقۇشلىرىدىن ھېرىپ - چارچاپ، ئەمدىلىكتە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولاتتى، راست، شۇ تاپتا كۆز شاملىنىڭ يېنىك سوقۇشى بىلەن ئەللەيلىنىپ ھەممە نەرسە — ئورمانمۇ، كۈندۈزى تىنىمسىز چىرىلدىشىپ يۈرگەن قۇشلارمۇ، ئادەملەرمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن، پەقەت شۇتاپتا ئىككىلا ئادەم ئۇيقۇدىن بىدار. بىرى، ئۆزىنى ئاللىقاچان كارىۋاتقا تاشلىغان، ئەمما كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن ئەلى، يەنە بىرى گۈلجەننەت.

ئەلى دېرىزە تەكچىسىدىكى يېرىم تال شامنى يېقىپ، كارىۋاتتا پۈتىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئېغىر سۈكۈتكە چۆمۈپ، پەرۋانىلارنىڭ، يەنە ئاللىقانداق جاڭگال ھاشاراتلىرىنىڭ شامنىڭ ئەتراپىدا قانداق ئايلىنىشلىرىغا ۋە يالقۇنغا ئۆزىنى قانداق ئۇرۇشلىرىغا سەپسېلىپ ئولتۇردى. ئۇ نە كىتاب ئوقۇمىدى، نە سۆرگەن خىياللىرىنىڭ باش - ئايىغىنى بىر باشقا چىقىرالمىدى. ئۇ خۇددى كۈچلۈك ئىچىملىكتىن كېيىنكى مەسخۇش ئادەمگە ئوخشاش، بېشى گاڭگىرىغان، قاتقان ھالدا ئولتۇردى.

شام ئەتراپىقا ساغۇچ نۇر چېچىپ، ئۆزي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ، پىلىلداپ كۆيـ
مەكتە. بىر چاغدا بىر پەرۋانە سالپاڭ قاناتلىرىنى كېرىپ، شام يالقۇنىغا بىردىنلا زەرب
بىلەن ئۇرۇلدى. شام چاراسلاپ كەتتى، ئەمما پەرۋانىنىڭ قاناتلىرى كۆيگەن بولسا
كېرەك، دېرىزە تەكچىسىگە دومىلاپ چۈشتى، ئۇ جايىدا ئۇزاققىچە تىپىرلىدى، پىر-
قىراپ چۆگىلىدى. ئاخىر بار-بارا ھالسىزلىنىپ، جان تالىشىش ئازابى ئىچىدە كۈچسىز
دىرىلدەشكە باشلىدى. شام ئوت يالقۇنى ئىچىدە ئېرىپ، خۇددى دەردمەن قىزنىڭ
ئىسسىق كۆز يېشىدەك، دېرىزىنىڭ پەسكى تېمىغا ئاقماقتا. ئۇ ئاخىر ئېقىپ تۈگىدى.
ئاخىرقى پىلىلك خۇددى ئوق تەگكەن جەگچىنىڭ قولىدىكى مەشئەلدەك بىر يانغا قىڭ-
غىيىپ، يەنە بىر پەس كۆيدى - دە، يالقۇنى بارا - بارا ئاجىزلاپ ئۆچۈپ قالدى. ئۆيىنى
شۇئان گۆردەك قاپقاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئەتراپتا ھېچەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. پەقەت دېرىزە تەكچىسىدە ھېلىمۇ جان تالىشىۋاتقان ھېلىقى پەرۋانىنىڭ «دىر...
دىر...» قىلىپ دىرىلداشلىرى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «پەرۋانە... — ئۆز ئۆزىگە ئاس-
تا پىچىرلىدى ئەلى، — مېنىڭ ئەمدىكى ھايات تەقدىرىمنىڭ پەرۋانە سىياقىدا كۆرۈنۈ-
شىمىدۇ، بۇ؟ بۇ بەختسىز بىچارە ئاخىر مۇشۇنداق ئۆلۈدىغان بولدى. ئۆلۈم قانداق
دەھشەتلىك ۋە ئازابلىق - ھە؟ مېنىڭ بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە، گۈلجەننەتكە يولۇقۇپ
قېلىشىم بىلەن، پەرۋانىنىڭ ئۆزىنى يالقۇنغا ئۇرۇشىنىڭ نېمە پەرقى؟ راست، مەن گۈل-
جەننەتكە ئەمەس، ئوت يالقۇنغا ئۇرۇلدۇم. پەرۋانىنىڭ قاناتلىرى كۆيگەن بولسا،
مېنىڭ ۋۇجۇدۇم، ئارزۇ - تىلەك، غايىلىرىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. قېنى، مېنىڭدىكى
گۈلجەننەتكىلا تەئەللۇق دەپ، نەچچە يىلدىن بېرى يۈرىكىمدە ساقلاپ يۈرگەن مۇ-
ھەببىتىم؟ ئۇ نېمىشقا گۈلجەننەتنىڭ نەپرەتلىك كۆز يېشىغا دال بولالمىدى، ئۇنى قۇ-
رۇتالمىدى؟ ئۇنىڭ دېڭىز سۈيىدەك داۋالغۇپ تۇرغان دولقۇنلىرى نېمىشقا ئۇنىڭ يۈ-
رىكىدىكى نەپرەت يالقۇنىنى ئۆچۈرۈشكە ئاجىز كەلدى؟ ئەمدى بىلدىم، يۈرىكىمدىكى
دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشىتىپ كەلگەن مۇھەببەت ھېسسىمنىڭ ئەسلىدە سىم - سىم يامغۇر-
نىڭ بىر تامچىسىچىلىكمۇ ۋەزنى يوق ئوخشايدۇ. بولمىسا گۈلجەننەتنىڭ نەپرەت بىلەن
ئالايغان كۆزلىرىگە دېدىل، توغرا قارىيالىغان، ئۇنىڭ غەزەپلىك ئەمما ئۇنىسىز سوراقلى-
رىغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بېرەلىگەن بولاتتىم. ئەمدىكى مېنىڭ بۇ يەردىكى تەقدىرىم نېمە
بولار؟ ئاشۇ قاندىتى كۆيگەن پەرۋانىنىڭ بەختسىز قىسمىتى مېنىمۇ كۈتۈپ تۇرغان بول-
سىچۇ؟ قاۋۇل ئەسكەر مېنى بۇرۇن كەلگەن كادىرلاردەك ھامان بىر كۈنى كېتىدۇ،
دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە باشقىچە بىر مەقسەت بىلەن كەلگىنىمنى
بىلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ ئورۇنسىز گۇمانلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋە دادامغا
زامانىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانداق ماتېرىيالدىن ياسالغانلىقىنى تو-
نۇتۇپ قويماقچى ئىدىم. بىراق، غايە ھامان غايە، ئەمەلىيەت ھامان ئەمەلىيەت ئوخشايدۇ، مەن
بۇرۇن غايە بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا نېمىشقا مۇنچىلىك چوڭ ھاڭنىڭ بارلىقىنى
ئېتىراپ قىلمىدىم؟ مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن، مەن ئەتىلا كۆدە - كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ
بۇ يەردىن كەتسەممىكىن، توغرا، كېتەي، ئەتىلا كېتەي، بىر كۈنمۇ تۇرماي. بولمىسا،

بۇ يەردە تارتىدىغان ئازاب ـ كۆڭۈلسىزلىكتىن خۇددى ئاشۇ پەرۋانىدەك بىھۇدە ئۆلۈپ
تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. تېخى تۈنۈگۈنلا مېنىڭ ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامىمغا
ئېرىشكەن مۇنۇ قاۋۇل ئەسكەر ئەشەددىي رەقىبىم، كۈشەندەم بولۇپ چىقتى. مېنىڭ
بىر چاغدىكى يۈرەك پارەمنى، ھېلىمۇ چىن قەلبىمدىن سۆيۈدىغان ئامرىقىمنى مۇشۇ
توكۇر مەلئۇنىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىز سۆيۈپ، قۇچاقلاشلىرىنى كۆرۈش، مېنىڭ ئالدىمدا
«ئايالىم» دەپ ماختىنىشلىرىنى ئاڭلاش قانداق ئېغىر؟ ئەزىبرايى، مېنىڭدە مۇنداق خور-
لۇققا چىدىغۇدەك چىدام ۋە سەۋرى ـ تاقەت يوق. گۈلجەننەت بىلەن بىر چاغلاردا
خۇددى بىر شاخنىڭ بىر جۈپ ئالمىسىدەك سۆيۈشۈپ، بىر تەن، بىر جان بولۇپ ئۆت-
كەن بەختلىك چاغلىرىمىزنى ئۇنىڭدىن ئەبەدىي يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ، ئۇ، بۇنى
بەرىبىر ئاڭلايدۇ. ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ شۇ چاغدا مىلتىقىنى
پېشانەمگە تىرىمەي قويمايدۇ. مەنچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يەنە بىر قولىقىنى يۇلۇ-
ۋېتىشكە، ھەتتا ساق قالغان يەنە بىر پۇتىنى ئوشتۇۋېتىشكە تەييار. لېكىن مەن چىداشقا،
بەرداشلىق بېرىشكە ئاجىز كېلىدىغان بىر كۈچ بار، ئۇ، گۈلجەننەتنىڭ نەپرەتلىك
ئالىيىشلىرى، مەن ئۇنىڭغا قايسى كۈچ ـ قۇربىتىم بىلەن تاقابىل تۇرىمەن؟ تـوغرا، بۇ
كۆڭۈلسىزلىك، ئازاب ۋە كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرلا يـول بار: بۇ
يەردىن كېتىش. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن بىراقلا يوقلىش. مەن شۇنداق قىلىشىم كېرەك ...»

ئەلىنىڭ چېكىسى زىڭىلداپ ئاغرىدى، بېشى قايدى، ئۇ ئۆزىگە شۇ تاپتا ئازراق
بولسىمۇ ئارام تېپىش ئۈچۈن، نېمىشقا تاماكا چېكىشنى ئۆگەنمىگەنلىكىگە تـۇنجى
قېتىم پۇشايمان قىلدى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. نېمىشقىدۇر يەنە نە-
پەسلىرى قىسىلغاندەك بولدى. ئۇ تالاغا چىقتى.

جىمجىت كېچە، تازا ھاۋا، ئۇچۇق ئاسماندا گويا قـول سوزسىلا يېتىدىغاندەك
روشەن جىلۋىلىنىپ تۇرغان كۈمۈش رەڭ يۇلتۇزلار خۇددى گۈلجەننەتنىڭ بىر چاغلار-
دىكى شوخ كۈلۈمسىرەش ئىچىدىكى نازلىق بېقىشلىرىدەك گۈزەل ۋە ئوماق بولۇپ كۆ-
رۈندۇ. سەلكىن شامال كىشىنى ئەندىكتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا شەھەرنىڭكىدەك ئىس ـ تۈتەك
پۇراقلىرىمۇ، نە يېزىنىڭ توپا ـ چاڭلىرىمۇ يوق.

ئەلى ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك تۇرغىنىنى بىلمىدى. كۆكسى ـ قارنى ئېچى-
لىپ، بايىقى تۇمانلىق خىياللىرى ئەمدى نەگىدۇر تارقاپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ
ئەمدى ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇن ـ كۆرپىسىنى سېلىپ ـ سىيپاشتۇرۇپ سېلىپ، ئۈستىگە
ئۆزىنى تاشلىدى. «مەن بۇ ئىشتا يەنە نېمىشقا ئۆزۈمنى ئويلىدىم؟ ـــ ئەلى بىردىنلا
سەگەكلىشىپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويدى، ـــ بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ شەخسىيەتچىل، نەپسانى-
يەتچىلىكىم تۈپەيلىدىن گۈلجەننەتكە قىلغان ۋىجدانسىزلىقلىرىم ئاز كەلگەندەك، بۇ قېتىم
خىجىللىق، ئازاب ۋە كۈندەشلىك ئۈچۈنلا ئۇنى تاشلاپ كەتمەكچى بولغىنىم نېمە-
سى؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىم، ئۇنىڭ ماڭا بولغان نەپرەت ۋە غەزەپ بىلەن
قارىشى ئۈچۈن يېتەرلىك، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ نەپرەتلىك ۋە غەزەپلىك بېقىشلىرىغا مەج-
بۇر قىلغان ئاڭ ـ ئىدراكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يەنە قانداق ھېسسىياتلار بار؟ مەن نې-

مىشقا بۇ يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىشكە تىرىشمىدىم؟ مۇبادا ئۇ تۇرمۇش - زۆرۈرىيىتى، ياشاش مەجبۇرىيىتى ئۈچۈنلا قاۋۇلغا تۇرمۇشلۇق بولغان، ياكى بىرەرسى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى نېمىشقا كەچۈرۈشكە بولمايدىكەن؟ مۇبادا گۈلجەننەت راستىنلا تۇرمۇشنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن قاۋۇلغا تۇرمۇشلۇق بولۇپ قالغان بولسا، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن؟ ئۇ چاغدا گۈلجەننەت خۇددى ھايۋاناتلار باغچىسىدا قەپەزگە سولانغان توزدەك يوشۇرۇن ئازاب ۋە دەرد - ئەلەم ئىچىدە ياشاۋاتقان بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ مەن گۈلجەننەتنىڭ بەختىنى ئوغرىلاپ كەتمىگەن بولسام، ئۇ، چوقۇم ئالدى مەكتەپتىمۇ ئەلا ئوقۇغان، دەل مانا مۇشۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە قايسىبىر ئاكادېمىيىگە ياكى ئورمانچىلىق نازارىتىگە تەقسىم قىلىنغان بولاتتى. لېكىن ھېچقاچان ھازىرقىدەك بىر مەجرۇھ قېرى ئورمان مۇھاپىزەتچىسىگە خوتۇن بولۇپ، ئىنسان ئاياغ باسمىغان بۇ چۆل - جەزىرىدە قاڭغىر قاقشاپ ئۆتمەيتتى. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئەرزىمەس ۋە يىرگىنىشلىك نەرسىمۇ بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ ئىچىدە ياشاش ۋە بىللە ياشاش ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ جاڭگال، سەھرائى قىيامەت، قاۋۇل ئەسكەر ... دېگەنلەر گۈلجەننەت ئۈچۈن شۇنداقمۇ. مەن شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك كۆزلىرىدىن نېرى تۇرۇش، پىنھان بىر جايدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆزلىمىگەن بولسام، جاھاننىڭ جېمى راھەت - خۇشاللىقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ يەرنى تاللىۋېلىپ نېمە قىلاتتىم؟! ئەمما گۈلجەننەت بەش يىلدىن بېرى بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ياشاپ كەلدى؟ ۋىجدان قەرزىنى يۈيۈش، ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن دېگەن ئوي، خىياللار ئۇنىڭدا يوق. نەھايەت، تۇرمۇش ئۇنى مۇشۇ يەردە ياشاشقا، سۈيى قۇرۇغان كۆلدەك سولىشىپ، ئۆزىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى مەشەددە كۆتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاھ، گۈلجەننەت، مەن سېنىڭ ماڭا نەپرەتلىك بېقىشلىرىڭ، ئۈنسىز سوراقلىرىڭنىڭ سىرىنى ئەمدى بىلدىم. سەن ئۆزۈڭنىڭ مۇشۇ بەختسىزلىكىڭ ئۈچۈنلا ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانسەن. مەيلى، ئەمدى سەن مېنى نېمىدەپ تىللا، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر. مېنىڭ سېنى بۇ دۇنيادا تىرىك ئۇچراتقىنىم ھەممىدىن ئەلا. گۈلجەننەت، كېچىكىپ كەلگەن بىلھارنىڭمۇ ھۆسنى، لەتاپىتى بولىدۇغۇ. دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر بەخت - سائادەتنىڭ شېرىن ۋىسالىغا ناھايىتى كېچىكىپ ئېرىشكەنغۇ، مېنىڭچە، مۇنداق بولغاندا بەخت - سائادەتنىڭ تەمى تېخىمۇ شېرىن ۋە لەززەتلىك بولىدۇغۇ دەيمەن. مەن سېنى ئەمدى ئاشۇنداق بەختكە ئېرىشتۈرىمەن، ئۇنىڭ چارە - ئامالىنى ئىزدەيمەن. مۇبادا سەن قاۋۇل ئەسكەر بىلەن بەش يىل ئاشۇنداق مۇھەببەتسىز، چارە - ئامالسىزلىقتىن بىللە ياشاپ كەلگەن بولساڭ، بۇ ماھىيەتتە ئۆزۈڭنىڭمۇ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭمۇ، ئوغلۇڭ ھېكمەتنىمۇ خاراب قىلغانلىق بولىدۇ. تۈنۈگۈن قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، ئۇ سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن، لېكىن ھەر قانداق نەرسە ئۆزىنىڭ خىلى بىلەن بولىدۇ-دە، مەن قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇغان، ھەر قانداق ئادەم بەختسىز تۇرمۇشنىڭ يىرگىنىشلىك روھىي ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماقچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئاشۇ بەختسىز تۇر-

مۇش قەپەزنى پاچاقلىغۇچى جەسۇر ئىسيانكار بولۇشى، ئەدەب، ھايا ... دېگەنلەرنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىشى، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسى، ئەنئەنىچىلىك كەمىرىنى باغلىغان جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ... دېگەنلەردىن قورقماسلىق كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئىنسانىيەت دۇنياسى مەۋجۇت بولۇپ، تاكى ھازىرغا قەدەر تۇرمۇش، ھايات ۋە بەختنىڭ ماتېماتىك فورمۇلاسىنى تېخى ھېچكىم ئىجاد قىلىپ باققىنى يوق ۋە ئىجاد قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇبادا سەن شۇنداق ئىسيانكار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنىڭدا نۇرغۇن ئادەملەر خۇددى سېنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان بۆرىدەك ئالدىڭغا ئېتىلىپ كېلىدۇ. خۇددى سەن دۇنيادا ھېچكىم قىلىپ باقمىغان قاباھەتلىك، نومۇسلۇق بىر ئىشنى قىلغاندەك كەينىڭدىن غەيۋەت، ئالدىڭدىن مەسخىرە - ئەيىبلەش ئۈزۈلمەيدۇ. لېكىن سەن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قەلب سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆرۈدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى توغرىلىق تۆككەن دەرد - ھەسرەتلىرىنىڭ سېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. كىشىلەر شۇنداق، ئۇلارنىڭ تىل - ھەيۋىسىدىن قورقۇلۇق ئەمەس. ئىنسان ئۆز بەختىنىڭ ياراتقۇچىسى. سەن خالىساڭ، ئېرىڭگە كۆڭلۈڭنىڭ ھەممە يوشۇرۇن سىرلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭنى چۈشەندۈر. ئۇنى قايىل قىل. دۇرۇس، ئۇ سېنىڭدىن ئايرىلسا بەختىدىن ئايرىلىدۇ. ھىمايىسىز، قارانچۇقسىز، يەككە - يېگانە ئادەم بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەختسىزلىكى بەدىلىگە بىز ئۈچ ئادەم بەختلىك بولىمىز. مەن ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى بىمەنە ئازاب ۋە ھەسرەتلىرىمدىن خالاس بولۇپ، ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرىم بىلەن شۇغۇللىنىمەن. سېنى ئامال قىلىپ ئىشتىن سىرتقى داشۆلەردە ئوقۇتىمەن، شۇ ئارقىلىق سېنىڭ جەمئىيەتتىكى بىر كىشىلىك ئىنسانىي ئورنىڭنى قولغا كەلتۈرىمىز. ھېكمەتكە ئەسلىدە شۇ چاغدىلا ئىگىدارچىلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى، ئىقرار قىلىشىم كېرەك، ئىگىدارچىلىق قىلىمەن دەپ، ئۆزۈمنىڭ داشۆدىن ھەيدىلىپ كېتىشىمدىن قورقتۇم. ئەمدىلىكتە ئاتا بولسامۇ كېچىكمىگەن بولىمەنغۇ، بىز ئۇنى ئوقۇتىمىز، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى يارامىلىق ئىگىلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. قاۋۇل ئەسكەرچۇ، ئۇ ھازىر مېنىڭ ئەشەددىي يوشۇرۇن دۈشمىنىم، كۈشەندەم. لېكىن بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ھېسسىيات ئەمەسقۇ. ئۇ، ۋەتەن ئۈچۈن قېنىنى ئاققۇزغان، مەجرۇھ بولغان، ئەجەبا ئۇنىڭ ھېلىمۇ مۇشۇنداق جەبىر - جاپا ئىچىدە ياشىشى لازىممىكەن؟ ئۇ ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرىنى راھەت - پاراغەتتە، غەمسىز، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك. مەن كېيىن بۇ توغرىلىق ناھىيىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن سۆزلىشىمەن. ھېچ بولمىسا، دادامنى ئىشقا سالىمەن ...».

شۇ چاغدا يىمراقتا — ئورمانلىق ئىچىدە تۇيۇقسىز / گۈمبۈرلەپ ئىككى پاي مىلتىق ئېتىلدى. ئەلى چۆچۈگىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

دەل شۇ پەيتتە، گۈلجەننەت ئوغلى ھېكمەتنى باغرىغا تارتىپ ياستۇققا جەينەكلىگىنىچە تەگسىز خىيال ئىچىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان، قاپاقلىرى ئىششىغان، ئۇ ئازابلىق خىيالدىن خۇددى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەتىگەندىن بېرى قانچىلىك ياش تۆككىنىنى، كېچىدىن بېرى ئاشۇ ئىسسىق كۆز ياشلىرى

بىلەن ياستۇقنى قانچىلىك ھۆل قىلىۋەتكىنىنى بىلمىدى. قاۋۇل ئەسكەر كەچ كىرىشى بىلەنلا ئېتىنى مىنىپ، مىلتىقىنى ئېسىپ چىقىپ كەتكەن. بىچارە قاۋۇل! ئۇ ھەر كېچىسى شۇنداق. ئۇ ئۆيدىلا بولسا مۇشۇ ئۆيى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىدۇ. پەرۋانىدەك ئايلىنىدۇ. كېچىلىرى ئورمانىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق تاتلىق ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. كېچە - كۈندۈز خوتۇن - بالىلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇلار ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىپ يۈرگەن ۋاپادار — مېھرىبان ئەر بۈگۈن نېمىشقا ئايالىنى شۇ قەدەر رەنجىتتى؟ نېمىشقا ئۇ نەپرەتلىك ۋۇجۇدىدا زەررىچىلىكمۇ ئىنسانىي غۇرۇر ۋە پەزىلەت بولمىغان بىر ئەرنى — ئەلىنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كەلدى؟ قاۋۇلغا ياكى شۇ توغرىلىق ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى قىلىۋاتقان تاپا - تەنىسى ئېغىر كېلىپ، كەچتە شۇڭا بۇرۇنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىمىكىن؟ ئەلىنىڭ ساختا قىياپىتىنى، بۇرۇنقى جىنايەتلىك تارىخىنى ئۇ بىلمەيدۇ. بىلسە چوقۇم ئۇنى بوش قويمايتتى. راست، ئاجىز، مەجرۇھ، لېكىن ئۇ يولۋاستەك جەڭگىۋارلىك، غۇرۇرلۇق، ۋۇجۇدى تۆمۈردەك پۈككۈلمەس ئادەم. ھەر قانداق ئايالنىڭ ئەرلىرىدىن كۈتىدىغىنى ئەنە شۇنداق مەردلىك، باتۇرلۇق ۋە مېھرىبانلىق. گۈلجەننەت بىر چاغدا خۇددى تاغدەك ئىشەنگەن ئەلىنى ئاخىردا شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىغانمىدى؟ مانا ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا. ئۇنى ئەمدى سوۋۇغان يۈرەكنىڭ مۇشۇنداق نەپرەتلىك بېقىشىدىن باشقا يەنە قانداقمۇ كۈتۈۋېلىش مۇمكىن؟ چۈنكى ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ بىر تالاي ئىشلار ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە. ئۇنى گۈلجەننەت ئۇنتۇغىنى، ئەسلا ئۇنتۇغىنى يوق...

## يەتتىنچى باب

... گۈلجەننەت ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرلەرگىچە يۈگۈرۈپ بارغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئەلىدىن ئايرىلىپ ياشىغان ھايات خۇددى تۇزسىز ئاشتەك بەتتام، مەززىسىز. ئۇ، ئەلىنىڭ يېزىدىكى قايتا تەربىيىنىڭ ئېغىر جاپالىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئالىي مەكتەپكە ماڭغىنى ئۈچۈن خۇددى ئەلىنىڭ ئاتا - ئانىسىدەك خۇشال بولۇشى، ئۇنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشى تىلەك بىلەن خۇشال ئۇزىتىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ دەسلەپتە شۇنداق خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەلى راستىنلا ئۆز يېنىدىن كەتكەن چاغدا بۇرۇنقى خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈشلىرىنى ئۇنتۇدى. سەۋەبى، ئۇ ئەمدى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ تاغدەك مەزمۇت يۆلەنچۈكىدىن، مۇڭدىشى ۋە غەمگۇزارىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ، ئەمدى يېزىدا يەنە نەچچە يىل قۇرۇق ئۇمىد تاماسىدا لېۋىنى تامشىپ ئىشلەر. ئەلى ھەپتىدە، ھېچ بولمىسا، ئايدا بىرەر پارچە خەت يېزىپ تۇرسا، ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكى ئۈچۈن قانچىلىك تەسەللىي ۋە ئىلھام بولاتتى - ھە؟ ياق، ئۇ خەت يازىدۇ. قۇياش يەر شارىدىن شۇنچە يىراق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىللىق نۇرى بىلەن يەر شارىغا ھاياتلىق بەخش ئەتكەندەك، ئۇنىڭ خەتلىرى گۈلجەننەتنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. گۈلجەننەت ئاشۇ خەتلەردىن ئىل-

ھام، ياشاش ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئالدۇ.

گۈلجەننەت ئاشۇ خىياللىرى بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ بېكەتتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بۇ قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ساۋاقدىشى زۆھرە قاياقتىندۇر ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى.

ــ نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟

ــ ئەلىنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ كېلىشىم، ــ گۈلجەننەتنىڭ ئاۋازى شۇنچە غەمكىن ۋە ئاجىز ئىدى.

سەن ئەخمەق! ــ زۆھرە بىردىنلا چېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، ــ سەن نېمىشقا ئۇزاتقىلى باردىڭ ئۇ ساختىپەزنى؟

ــ نېمىشقا تىللايسەن ئۇنى، نېمە بوپتۇ؟ ــ دېدى گۈلجەننەت رەنجىپ.

ــ ئەسلىدە ئىمتىھاندىن ھەممىدىن ئەلا بولۇپ سەن ئۆتكەن ئىكەنسەن، ئەزىزۇۋ جۇرېن ھوقۇقىغا تايىنىپ، ئەلىنىڭ نومۇرىنى سېنىڭ نومۇرۇڭ بىلەن ئالماشتۇرۇۋاپتۇ.

ــ بۇ، يالغان! ــ ئۇنلۇك ۋارقىرىۋەتتى گۈلجەننەت، ئۆزىدىكى خۇدۇكسىرەشنى زورىغا بېسىپ، ــ كىمدىن ئاڭلىدىڭ بۇ ئۆسەك گەپنى؟

ــ ئۆسەك گەپ ئەمەس، راست گەپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ جۇرېنى بۇ ئىشنى خوتۇنىغا دەپتىكەن، قارىماسەن ئۇ خوتۇننى، ئاق كۆڭۈل ئاپالكەن بىچارە. ئۇ سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. نەلەردە يۈرگەن بولغىيدىڭ سەن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال بىزنىڭ ساۋاقداشلارغا، گۈلجەننەتنى كۆرسەڭلار ئېيتىپ قويۇڭلار، چاققان بېرىپ ناھىيىنىڭ شۇجىسىنى تاپسۇن، ئەرز قىلسۇن، دەپتۇ.

گۈلجەننەت ئۇنچىقمىدى. زۆھرەنىڭ يېنىدىن ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ قالدى. زۆھرەنىڭ بۇ دېگەنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس، ئۇ، بۇ گەپنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. راست، ئۇ دەسلەپتە بۇ ئىش ئۈچۈن شۇنچە ھەيران بولغان، ئازابلانغان، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى تېپىپ ئەرز قىلماقچىمۇ بولغانىدى. ئەمما ئەلىنى، ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات تەقدىرىنى ئويلاپ توختاپ قالغانىدى. مەن نېمىشقا ئۆز پايدام ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى، ئۇنى ئوتقا ئىتتىرمەكچى بولدۇم. بۇ ۋىجدانسىزلىق، بۇ مۇھەببەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق. ئەلىنىڭ ئېرىشكەن بەختى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ماڭا مەنسۇپقۇ. بوپتۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۇ بارسۇن. ئېھتىمال، بۇ ئىشنى ئەلى بىلمىگەندۇ، دادىسى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندۇ. شۇڭا بۇ ئىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەلى ئەيىبلىك ئەمەس، ئاغزى يېپىقلىق قازان يېپىقلىق بويىچە قېلىشى، بۇ ئىشنى ئەلى بىلمەي قالماسلىقى كېرەك. مەن ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ھېچ ئىشنى بىلمىگەندەك خۇشال ئۇزىتىپ قويغىنىم ياخشى. مۇھەببەت چىدامسىزلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنى كۆتۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ساداقەت ھەم ۋاپادارلىقتا...

گۈلجەننەت ئاشۇلارنى ئويلىغاندا ئۆزىدە بىردىنلا باشقىچە بىر يېنىكلىك ۋە ئاراملىقنى سەزدى. ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆيدە ئولتۇرا ياشتىن ھالقىغان، يۈزلىرى ياغلىشاڭغۇ، گەۋدىلىك ناتونۇش بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن

كىرىپ كەلگەن گۈلجەننەتكە ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قەلىتە ھىجايدى ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىپ:

ـــ كەلسىلە قىزىم، ـــ دېدى.

گۈلجەننەت قورۇنۇش، تەئەججۇپ ئىچىدە مېھمان بىلەن ئۇنىسىز سالاملىشىپ ئاشخانىغا چىقتى ۋە لەگمەنگە پىلتە قىلىۋاتقان ئانىسى مەريەمخاننىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

ـــ دادامنىڭ تونۇشمىكەن، ئاپا؟

ـــ كېيىن بىلىسەن، بول چاپسان، چېيى سوۋۇپ قالدى ئەتمالىم، يەڭگۈشلەپ قويغىن، ـــ ئانا قىزىنىڭ ئالدىدا بىر ئىشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىزىغا قاراپ ئۇگايسىزلانغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

مېھمان خېلىغىچە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى. ئۇ سۆزمەن، سىپايە، ئوچۇق - يورۇق ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ گۈلجەننەتنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى، ناھىيە باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى چوقۇم ھەل قىلدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى ۋە مەريەمخانغا ئەتىلا بۇ ئۆيگە بىر ماشىنا كۆمۈر كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەتە ھېچ يەرگە كەتمەسلىكىنى جىكىلىدى - دە، رەھمەت، تەزىم بىلەن چىقىپ كەتتى.

ـــ ئەجەب ئوبدان ئادەم ئىكەنا، ئاپا؟ ـــ دېدى گۈلجەننەت مېھماننىڭ كۆيۈنۈشلىرىدىن خۇشال بولۇپ، ـــ مىجەزىنىڭ بىر يەرلىرى دادامغا ئوخشايدىكەن.

ـــ ھەممە قىلىقلىرى خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك داداڭنىڭ ئۆزى، ـــ مەريەمخان بىردىنلا كۆزىگە ياش ئالدى. گۈلجەننەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، كۆزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى تۈزەۋېتىپ دېدى:

ـــ كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا، ئېشىڭنى ئىسسىقىدا يەۋالغىن، ئاپا.

ـــ ئولتۇر، ـــ مەريەمخان قىزىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى، ئۇنىڭ قوللىرى مۇزدەك سوغۇق. خۇددى كېسەل تەگكەن چۈجىنىڭ قاناتلىرىدەك تىترىمەكتە. مەريەمخان بىر پەس داۋاملاشقان ئارىسالدىلىقتىن كېيىن دېدى، ـــ ساڭا ئېيتىدىغان بىر گەپ بار ئىدى قىزىم. ئېيتسام خاپا بولارسەنمۇ؟

ـــ نېمە دەيدىغانسەن ئاپا، ساڭا قاچان خاپا بولغانمەن؟

ـــ ئەمىسە ئېيتاي، ـــ مەريەمخان ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، نېپىز، سۇزۇك لەۋلىرى تىترىدى، ـــ سەن ئاپاڭنى كەچۈر، خوتۇن كىشىگە نېمە ئىلاج؟ مەن ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قارارغا كەلدىم، ـــ مەريەمخان بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ـــ ئاپا، نېمىشقا يىغلايسەن، گېپىڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىمغۇ مەن؟

مەريەمخان تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ـــ مەن ھېلىقى ئادەمگە تۇرمۇشلۇق بولۇشقا رازىلىق بەردىم.

ـــ نېمە؟! ـــ گۈلجەننەت يىلان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ

كەتتى، ــ ساراڭ بولدۇڭمۇ سەن ئاپا! دادام تىرىك، ئۇ، ئۆلگىنى يوققۇ!؟

ــ شۇنداق، ئۇ تىرىك، لېكىن بىز ئاجراشتۇق، تۆت ئاي بولدى...

ــ ئاپا! ــ گۈلجەننەت ئانىسىنىڭ ئورۇق يەلكىسىدىن تۇتۇپ زەرب بىلەن سىلكىدى، ــ بۇ، يالغان! ئېيتقىنا، سەن مۇشۇنداق يالغان گەپنى ئاغزىڭغا ئېلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟!

مەريەمخاننىڭ چىرايى مۇردىدەك تاتارغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمنىڭكىدەك بىر نۇقتىغا چەكچىيىپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇزۇن يىل كېسەل تارتىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئادەمدەك زەئىپ بىر ئاۋازدا ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلىدى:

ــ بۇ، راست قىزىم، ئەمدى مېنى تىللىساڭمۇ، سەن ئەمگەن كۆكسۈمنى پىچاق بىلەن ئويۇۋەتسەڭمۇ مەيلى. ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ مېنى ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى دەپ كۈندە قىلغان كۈرەش-پىپەنلىرىگە، تىل-ھاقارەتلىرىگە چىدىمىدىم. كىشىلەر... ئاشۇ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن كىشىلەر، مېنىڭ پاك ۋىجدانىم، ئىززەت-نومۇسۇم بىلەن ياشىشىمغا يول قويۇشمىدى. مەن ئاخىر مۇشۇنداق قىلدىم. مەن ئەمدى دۇنيادا ئادەم سۈپىتىدە ئەمەس، ھايۋانلارچە، ئەڭ پاسىق ھايۋانلارچە ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىر چاغلاردىكى مېھرىبان ئانا ــ بالا ئەمدى خۇددى بىر ــ بىرىنى تونۇمايدىغان يات ئادەملەردەك ئىككىسى ئۆيدە بىر-بىرىگە ھومىيىشىپ، ئېغىر سۇكۇت ئىچىدە ئولتۇرۇشماقتا. گۈلجەننەت بايا ئانىسىنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يامان تىل بىلەن تىللاپ ئەيىبلىدى، ئەمما مەريەمخان خۇددى گاس-گاچىدەك تىلدىن قالغان. ئۇ گويا جىمى ھېسسىيات ۋە سېزىمىدىن ئەبەدىي جۇدا بولغان مۇردىدەك، قىزىنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق تىل-ھاقارەتلىرىگە، سوئال-سوراقلىرىغا بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرمىدى. گۈلجەننەت شۇ تاپتا ئانىسىغا ئىچ-ئىچىدىن ھەيران. ئۇ بۇرۇن نەقەدەر مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانا ئىدى-ھە؟ جەمئىيەتنىڭ يىرگىنىشلىك ئىس-تۈتەكلىرى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىشىش بۇ غەمگۇزار ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋاپا-مېھرىبانلىق ۋە نومۇس-ھايانى خۇددى كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدەك بىر يولىلا سىيرىپ سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن بولسا-ھە؟ مەريەمخان ئەمدى گۈلجەننەتكە بۈگۈن تامامەن يات ۋە سىرلىق، ئۇنىڭ ھەر بىر قاراشلىرى، ئالغان نەپەسلىرىمۇ گۇمانلىق ۋە نەپرەتلىك بولۇپ تۇيۇلماقتا. ئەتە بىر ماشىنا كۆمۈر ئېلىپ كېلىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم كەچتە غەرق مەست ھالدا ئىشىكنى ھايا-سىزلارچە ئېچىپ، دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ــ قانداق ھاياسىز ئادەمسىز! كېچىدە نېمە بار بۇ ئۆيدە؟! ــ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى گۈلجەننەت. ئەمما ئۇ ئادەم ھىجىيىپ-كالچاراپ، گۈلجەننەتكە يېقىنلاپ كەلدى:

ــ نېمە بار دەمسىز، ئاپئاق قىزىم، مېنىڭ گۈلجەننەت قىزىم، نېمە بولاتتى؟ ئاپىڭىز، سىز...

ــ مېنى تىلىڭغا ئالما، ھازىر ئۆيدىن چىق! ــ غەزەپتىن ئەسەبلىرىنى يوقاتقان گۈلجەننەت قولىغا نوغۇچنى ئالدى، ــ سەن بىزنى ئىگە-چاقىسىز دەپ بوزەك قىلماق-

چىمۇ سەن؟ — ئۇ ئېرىقى ئۆيدىكى ئانىسىغا ۋارقىرىدى، — سەن گەپ قىلمامسەن، ئاپا! بۇ نېمە رەسۋاچىلىق؟ سەن نېمىلا بولمىسۇن دادامغا ئون نەچچە يىل ئايال بولغان سەن! نومۇس قىلمامسەن؟ مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن كېيىن دادامغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟!

شۇئان مەستنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن مەسخىرىلىك تەلۋە كۈلكىسى، مەريەمخاننىڭ ئېرىقى ئۆيدىن ھۆ تارتىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئېپلاس! نېمە كالچاراپ كۈلىسەن؟ — گۈلجەننەت مەستنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — ئۆيدىن چىق! ھازىر كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا ساقچىنى چاقىرىپ كېلىمەن.

— مەرھەمەت، چاقىرىپ كېلىڭ، ئەمما قولىڭىزدىكىنى تاشلاڭ، بولمىسا غەلۋىنىڭ جاۋابكارى سىز بولۇپ قالىسىز جۇمۇ، ھازىرمۇ بۇ ئۆيدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچى جاۋابكارسىز. نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ بىرىنچىدىن، ئاپىڭىز بىلەن دادىڭىزنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئالللىقاچان بىكار قىلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، مەن ئاپىڭىز بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن قانۇنلۇق توي قىلماقچىمەن.

— مەن قارشى...

— قارشىمۇ سىز؟ — مەست چىشىنىڭ ئارىسىدىن يەرگە «چىرت» قىلىپ تۈكۈردى، — ئۇنداق بولسا ياخشى، ئەمىسە، ئالدىمغا ئاپىڭىز ئۆتكەن يىلى ئالغان مىڭ يۈەننى نەق قويىسىز. شۇ چاغدا ئىش تامام، — مەست خۇددى بۇ ئۆينىڭ كونا خوجايىنىدەك پۇتلىرىنى كېلەڭسىز كېرىپ كاڭغا قىڭغايدى.

— ئاپا، بۇ نېمە ئىش؟ — ۋارقىرىدى قىز ئانىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، — سەن مۇنچىۋالا جىق پۇلنى نېمىشقا ئالدىڭ؟

كونا كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىگە جەينىكى بىلەن تايانغان، پاخپىيىپ چۇۋۇلغان چاچلىرى يۈز - كۆزلىرىگە، يەلكىسىگە يېيىلغان مەريەمخان گويا ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئاخىرقى نىداسىدەك زەئىپ، كۈچسىز ئاۋازدا ئاستا دېدى:

— قانداق قىلىمەن؟ مېنى ئاھالىلار كومىتېتى بۇرۇنلا ئىشتىن بوشاتقان. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، سەن ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم.

— مەن ئۈچۈن دېدىڭمۇ؟ ئاھ، ئىست! — گۈلجەننەت ئاچچىق يىغىدىن بارماقلىرىنى چىشلىدى، — سەن نومۇس - ھايانى شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ئاپا! بوپتۇ، ئەمما مەن سېنىڭ مۇنداق كۆنلىرىڭنى كۆرمەي، بۇ ئۆيدىن مەن يوقالسام، كۆزۈڭدىن مەن يۈتسەم بولغۇدەك، خەير - خوش، ئاپا!

گۈلجەننەتنىڭ ئەمدى يۈرىكى قاتقان، سوۋۇغانىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ نالە - پەريادىغا، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قولاق سالماي، ئۆيدىن ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. قاراتۇن پەردىسىدىن لىباس كىيگەن بۇلۇتلۇق بۇ كېچىدە مەريەمخاننىڭ: «گۈلجەننەت!... گۈلجەننەت! ...» دەپ چاقىرغان يۈرەكنى ئەزگۈچى نالىلىق ئاۋازى گۈلجەننەتنىڭ قۇلىقىغا خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. يالغۇز قىز بۇ تۈن كېچىدە نەدە پاناھلىنار؟ بۇنى ئويلىنىشقا، ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇشقا ئارتۇقچە ۋاقىت يوق

ئىدى. چۈنكى قاراڭغۇ كوچىدا تىمىسقىلاپ، ئىسقىرتىشىپ يۈرگەن كوچا لۈكچەكلىرى خالىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا چاڭ سېلىشى مۇمكىن.

گۈلجەننەت ئۇدۇل زۆھرەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازا ھالقىسىنى كۈچىنىڭ بارىچە شاراقلىتىشقا باشلىدى.

— ۋاي، سەنمىدىڭ؟ كەل ـ كەل، — دېدى زۆھرە ئىشىكنى ئېچىپ. دادىسى خۇش پېئىل، ئوچۇق چىراي مامۇت ياغاچچى، ئۆيىگە تارتىنغان ـ قورۇنغان ھالدا كىرىپ كەلگەن گۈلجەننەتنى كۆرۈپ، قولىدىكى گېزىتنى قويدى ـ دە، قارا دەستىلىك، يۇمىلاق كۆزەينەكنى پېشانىسىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ:

— كېلىڭ، قېنى، ئولتۇرۇڭ قىزىم، ئاپىڭىز تىنچ تۇرۇپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

گۈلجەننەتنىڭ سولغۇن چىرايى بىردىنلا ئوت ئالغاندەك قىزاردى، يۈرىكى دۈپۈلدىدى، خۇددى ئانىسىنىڭ ئويياتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزى ئەيىبكاردەك. تىرنىقىنى تاتىلاپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئاپىڭىزمۇ ئىلاجىسىزلىقتىن شۇنداق قىلغان ـ دە، لېكىن دادىڭىزنى سىز تاشلىماڭ، ئۇ ناھىيىمىزدىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇر ئىچىدىن چىققان ناھايىتى بىلىملىك ئادەم. ئۇنىڭ قەدرىگە ئاپىڭىز يەتمىگەن بولسا، سىز يېتىڭ، — مامۇت ياغاچچى ئېغىر خورسىنغىنىچە نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

گۈلجەننەت شۇنداق قىلىپ خېلى كۈنلەرگىچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ زۆھرە بىلەن يېزىغا — قايتا تەربىيە ئېلىشۋاتقان كۆك تىكەن دادۇيگە كېتىش تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. لېكىن قېرىشقاندەك، ساۋاقداشلار شۇ قېتىملىق ئىمتىھاندىن كېيىنلا شامال ئۇچۇرغان قۇمدەك چېچىلىپ، ئۆي ـ ئۆيلىرىگە كېتىشكىنىچە ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ يىغىلماي ۋاتاتتى، گۈلجەننەت ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقتى، لېكىن ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشىۋالغاندەك ئوخشاش بىر جۈملىلا ئىدى: «قايتا تەربىيىگە بارساقمۇ بۇنىڭدىن كېلىدىغان نەپ يەنە مەنسەپدارلاردىن ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ. بىر كۈن بولسىمۇ ئويناۋالايلى، نېمە ئالدىرايمىز. ئاتا ـ ئانىمىز ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشقاندا ئاندىن بارارمىز».

ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاتا ـ ئانىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. گۈلجەننەتنىڭ بۇ ئۆيدە يەنە ئۇزۇن تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئانىسىنىڭ ھېلىقى «مەست» بىلەن ئۈن ـ تىنسىز توي قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدى، ئۇ ئازاب ۋە گاڭگىراش ئىچىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ تراكتورىغا ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ قېشىغا باردى.

— بوپتۇ، كېرەك يوق، ھەممىگە چىدىغۇلۇق قىزىم، — قىزىدىن ھەممە گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان داۋۇتوۋ ئۆسكىلەك سېرىق ساقاللىرىنى چىمدىپ بىر پەس نېمىنىدۇر ئويلانغاندىن كېيىن، يەنە شۇنداق دېدى، — ئۈرۈمچىدە بىر ساۋاقداشىم بار، بىز ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان. ئۆزى بىلىملىك، مېھرىبان ئادەم، مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت

يېزىپ بېرەي، سەن شۇ خەتنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپ. ئۇ ھايات بولسىلا، سېنى چوقۇم ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ. يىغلىما، جىگەرلىك بول قىزىم. ھەممىنى مۇشۇنداق كۆرۈپ قويغۇلۇق، — داۋۇتوۋ پۇرلاشقان، مۇقاۋىسى تەردىن سارغىيىپ، تىتىلىپ كەتكەن كونا خاتىرىسىدىن بىر ۋاراق قەغەز يىرتىۋېلىپ تىزى ئۈستىگە قويدى ـ دە، قارا قېرىنداشنىڭ ئۇچىنى تىلىدا ھۆلدەپ قىسقىچىلا بىر پارچە خەت يازدى ۋە تۆش يانچۇقىدىن ئالغان بىر تۇتام پۇل بىلەن گۈلجەننەتكە ئۇزاتتى.

— مە، ئال، ئاتىمىش بەش كوي، تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلدىن بۇنى ساڭا ئاتاپلا يىققانىمەن.

«ئاھ، مېھرىبان جېنىم دادا، بىر پۇڭ، ئون پۇڭلاپ، مەن ئۈچۈن يىققان ئىكەنسەن ـ دە، بۇنى!» قىز دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، بويىنىغا ئېسىلىپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ قانغۇچە يىغلىۋالغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇ مۇنداق قىلىپ دادىسىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىك كۆڭلىگە يەنە دەرد قوشۇشنى خالىمىدى. ئۇ، پۇل ۋە خەتنى ئالدى ـ دە، دادىسى بىلەن خوشلىشىپ شۇ كۈنىلا يەنە تراكتورغا ئولتۇرۇپ ناھىيىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ، ئەتىسى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. گۈلجەننەت كېتىۋېتىپ يول جاپاسىدىن باشقا، ئۆزىدە بۇرۇن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان غەلىتە بىر ئارامسىزلىقنى سەزدى. كۆڭلى ئېلىشاتتى، قورۇق ھۆ قىلاتتى، ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسە يېگۈسى كېلەتتى. بۇ ئارامسىزلىق ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە كەلگەن دەھشەتلىك بىر خىيالدىن، كىمدۇر بىرى ئۇنى شىددەتلىك مۇزلۇق قايناملىغا تاشلىۋەتكەندەك ئەندىكىپ چۆچۈپ كەتتى. «ئاھ، بۇ نېمە ئىش؟» ئېغىر تەشۋىش، قورقۇنچ ئىچىدە ئويلاندى ئۇ.

ئۇ، ئۈچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئادەملەر مىغىلداپ، چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار يولدا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان بۇ يوچۇن شەھەر گۈلجەننەت ئۈچۈن يات ۋە تولىمۇ سىرلىق بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ قولىدىكى ئادرېس بويىچە سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ، كوچىمۇ ـ كوچا بىر كۈن يول يۈردى. ئۇنىڭغا ئاخىر ياش كوچا ساقچىسى ياردەم قىلىپ، ئىزدىگەن ئۆيىنى تېپىپ بەردى. قىز ھاياجان، تەمتىرەش ئىچىدە ئىشىكنى چەكتى. ئۆي ئىچىدىن كىمنىڭدۇر ئاۋازى ئاڭلاندى. قىز خۇشاللىقىدىن ئىشىكنى يەنىمۇ قاتتىقراق چەكتى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆي ئىچىدىن نامەلۇم بىر ئەر كىشىنىڭ تاقىر بېشى، قېلىن كۆزەينىكى ئاستىدىكى ياشاڭغۇرىغان، قىسىق كۆزلىرى كۆرۈندى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

قىز قولىدىكى خەتنى ئالدىراپ ئۇزىتىپ:

— ئالماسوۋ ئاكام ئۆيدە بارمىكىن؟ — دېدى.

تاقىر باش خەنزۇ كىشى قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، بېشىنى چايقىدى. ئاندىن بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ نېمىنىدۇر دېدى. شۇئان ئۆي ئىچىدىن قىرقىما چاچ، ياپىلاق

يۈزلۈك، پاناق بۇرۇن ياش ئايال چىقىپ كەلدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — سورىدى ئۇ قولىنى ئالدىدىكى پەشتامىسىغا سۈرتكەچ.

— ئالماسوۋ ئاكامنى، — دېدى قىز تەمتىرەپ ۋە قولىدىكى خەتنى ئايالغا سۇندى.

— مەن ئۇيغۇرچە خەت تونۇمايمەن، — دېدى ئايال كۈلۈمسىرەپ، — ئالماسوۋ ... ھە، بۇرۇن بۇ ئۆيدە شۇ كىشى ئولتۇرغان. بىر يىل بولدى، ئۇلار غۇلجىغا كۆچۈپ كەتتى.

خەنزۇ ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى گۈلجەننەتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ كوچىدا كېتىۋاتقىنىدا كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. بۇ ئۆيگە ئۇ قانچىلىك ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن كەلگەن ئىدى-ھە؟ ئۇ ئەمدى نەگىمۇ بارار، نەدىمۇ پاناھلىنار؟ كوچىدا كېتىۋاتقانلار ئۇنىڭغا قاراپ-قاراپ ئۆتۈشمەكتە. ئۇلار بۇ قىزنىڭ ئاددىي، پۇرلىشاڭغۇ سەھرا كىيىملىرىگە قىزىقسىنىپ قاراۋاتامدۇ، ياكى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىغا ھەيران قېلىشىۋاتامدۇ، بۇنى بىلىش قىيىن. قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، يول ياقىسىدىكى پىيادىلەر يولىدا ھارغىن قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ خىيال بىلەن ئاستا كەلمەكتە. مەقسەت-نىشانسىزلا ماڭماقتا. ئەمدى ئالماسوۋنى تېپىشتىن ئۈمىد يوق. ئالماسوۋنى ئىزدەپ ئۇ يەرگە بېرىش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ شۇ تاپتا ئۇ ئەلىنى تېپىۋالسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە؟ بىراق ئۇنىڭ قولىدىن قانچىلىك خەيرىخاھلىق كېلەر؟ سەۋەبى، ئۇ تېخى يېقىندىلا مەكتەپكە كەلگەن ئوقۇغۇچى-دە، ئۇنى ئەلىنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى كۆرسە نېمىدەر؟ «مەكتەپكە كېلەر كەلمەي نەدىن تاپتىڭ بۇ قىزنى؟» دەپ ئەلىنى قىزارتار، تەنقىدلىشەر. ياق، ئۇنى خاتىرجەم ئوقۇغىلى قويۇش كېرەك.

كۈن نامازدىگەردىن قايرىلغان. بۇھال قىزنىڭ ئەندىشە ۋە تەشۋىشىنى كۈچەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، قىزنىڭ ھالى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى، پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ بىردەم يېتىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئەمدى ئەلىنى بەربىر ئىزدىمىسە، ئۇنىڭدىن بۈگۈن كەچتە نەدە ياتىدىغانلىقى ۋە يۇرتىغا قانداق قايتىشى توغرىسىدا مەسلىھەت ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «راست، كۆرۈشكەنگە نېمە بوپتۇ، ئىككىمىز مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا ۋەدىلەشكەنغۇ؟ مۇبادا ئۇ كېيىن مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كۆرۈشمەي كەتكىنىمنى بىلىپ قالسا، نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كېلىشتىكى سەۋەبلىرىمنى چۈشەندۈرۈشۈم، ئۇنىڭدىن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىشىم كېرەك». گۈلجەننەت ئەنە شۇنداق ئويلىدى.

ئۇ. ئەلى ئۈرۈمچىگە مېڭىپ ئون كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ «1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى»غا تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. مەكتەپنى كىشىلەرنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئانچە قىينالمايلا تاپتى. مەكتەپ ئىچى كۆز ھۆسنىنىڭ جىلۋىدار، گۈزەل مەنزىرىسىگە تولغان، يول بويلىرىدا، گۈللۈكلەردە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى، مەكتەپ ئىچى كەڭ، پاكىزە ۋە ئازادە ئىدى. رەتلىك، چىرايلىق كىيىنىشكەن قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار كىرىپ-چىقىشاتتى. قايسىبىرلىرى بۈك دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى ئورۇندۇقلاردا كىتاب-دەپتەرلىرىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ ئىجتىھات

بىلەن ئۆگەنمەكتە، يازماقتا ئىدى. ئاھ، قانداق جەلپدار، گۈزەل مەنزىرە! گۈلجەننەت بىر چاغلاردا مۇشۇنداق بەختىنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان ئىدى-ھە؟ ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنىڭ قانداقتۇر چوڭقۇر بىر يەرلىرى بەلگىسىز بىر ھېسسىيات بىلەن سىيرىلىپ، ئېچىشقاندەك بولدى.

يولنىڭ بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بىر قىز بىردىنلا كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە يىراقتىن ئۈنسىز تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ ناتونۇش قىزنى كۆردى-دە، گۈلجەننەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بىرسىنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ گۈلجەننەتنىڭ ئاددىي ئۇستى-بېشىغا سەپسېلىۋېتىپ.

— ھەئە، — گۈلجەننەت بىر خىل تەمتىرەش ئىچىدە دۇدۇقلاپ كەتتى، — مەكتەپكە بۇ يىل كەلگەن ئەلى ئەزىز دېگەن ئوقۇغۇچىنى. ئۇنىڭغا ئۆيىدىكىلەر... — گۈلجەننەت ئۆزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يالغان سۆزلەپ سالغىنى ئۈچۈن ھوپپىدە قىزىرىپ، گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئەنە، ئاۋۇ بىنادا، — دېدى قىز يان تەرەپتىكى بۈك قارىياغاچلار ئارىسىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاتار بىنالارنى كۆرسىتىپ، — ئىككىنچى قەۋەت 14-نومۇرلۇق ياتاقتىغۇ دەيمەن، ئەلى بىلەن ئىككىمىز بىر سىنىپتا. ئۇ بايىلا ياتىقىغا كىرىپ كەتكەندەك قىلغان.

— رەھمەت! — دېدى گۈلجەننەت ئالماسوۋنى تېپىش ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىنكى ئېغىر غەم، تەشۋىش يۈكى بىردىنلا يەلكىسىدىن غۇلاپ چۈشكەندەك بولۇپ. ئۇ گەرچە قىز كۆرسەتكەن بىنانىڭ قايسىسىنىڭ ئەلىنىڭ ياتىقى جايلاشقان بىنا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەلىنىڭ ياتىقىدا ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، قىز كۆرسەتكەن تەرەپكە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، ئىككى تەرىپى بۈك تېرەك، ئاكاتسىيىلىك يولدىن ئۆتۈپ توپ مەيدانىغا چىقتى. بىر توپ قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار قىي-چۇ قىلىشىپ، چەپ-چەپ تەرگە چۆمۈلگىنىچە توپ ئوينىشىۋاتاتتى. گۈلجەننەت كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر-بىرلەپ قارىدى. شۇ چاغدا مەيدان چېتىدە توپ مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋاتقان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار گۈلجەننەتنى كۆردى-دە، ئۇنىڭغا بويىنىنى سوزۇپ، بىر-بىرىگە ئۇنى كۆرسىتىشىپ، نېمىلەردۇر سۆزلىشىشكە باشلىدى. «مېنى نېمە كۆرۈشكەندۇ ئۇلار؟» گۈلجەننەتنىڭ ئىزا ۋە تەمتىرەشتىن پۇتلىرى كالۋالىشىپ، يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزاردى. ئۇ كېتىۋېتىپ خۇدۇكسىرەش ۋە قورۇنۇش ئىچىدە پۇتىغا، كىيىم-كېچەكلىرىگە قارىدى. ئەسكىرىگەن ۋە توپا باسقان پەس پاشنىلىق كونا توپلەي، ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرغان ئۇزۇن كۆك شىم، ئۈچىسىدىكى چىكىم-چىكىم گۈللىرى ئۆڭگەن، ئېتىكىنىڭ بىر چېتى بىر چاغلاردا شوخا ئىلىۋېلىپ يىرتىلغان چىت كۆڭلەك، بېشىدا ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى تارالغان ناۋاترەڭ ھىلىملە ياغلىق. ئۇ بۈگۈن ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنى مۇشۇ كىيىم ئىچىدە تولىمۇ ئۇيالغان، ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك ھالدا ھېس قىلدى. ئاھ، ئۇ نېمىشقا كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ

مۇنچىۋالا ساپاسىز ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق ھېس قىلمىدى؟ ھېس قىلماسا، ئەلۋەتتە ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ كىشىلەرنىڭ مەسخىرە كۈلكىلىرىگە قالمايتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىگە قايسى سىياقتا كۆرۈنۈۋاتقاندۇ-ھە؟ ئۇ ئەمدى قاياققا بېرىپ، قاياقتىن چىقىشىنى بىلەلمەي، سەراسىمىلىق ئىچىدە كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئەلىنى كۆرۈپ قالدى. ئەلى! ئەزىبرايى، ھېچ خاتاسى يوق. ئۇ بىر چاغلاردىكى قىش-ياز بېشىدىن ئالماي كىيىپ يۈرىدىغان ماشرەڭ ھەربىي شەپكىسىنى ئەمدى قاياققىمدۇر چۆرۈۋەتكەن، قۇلاقلىرىنى بېسىپ تۇرغان قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى قىسقىراقنىڭ بېسىدەك ئېگىز، قىرلىق بۇرنىغا، ياشلىقنىڭ ئاجايىپ جازىبىدارلىقى چاراقلاپ تۇرغان چوڭ-چوڭ قوي كۆزلىرىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇ، قىسقا بۇدۇر چاچلىق، ئېگىز پاشنىلىق قىزىل توپلەي كىيگەن، بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرغان قاراشپۇك كۆڭلىكى غۇنچىدەك نازاكەتلىك زىلۋا بەستىگە تولىمۇ ياراشقان بىر قىز بىلەن نېمىنىدۇر قىزغىن پاراڭلىشىپ كەلمەكتە. قىز پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئۇ گويا يىقىلىپ كېتىشتىن قورققاندەك ئەلىنى قولتۇقلىۋالدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئارسالدى ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە يۈرىكى تېنىمسىز تېپىرلاۋاتقان قىزنى ئاخىر جۈرئەتسىزلىك ۋە نومۇس يەڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ يول چېتىدىكى ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ، ئۇستى تەكشى قىرقىلغان قارىياغاچ كۆچەتلىرى كەينىگە ئۆتكىنىنى ۋە نەم چىملىق ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قالغىنىنى بىلمىدى. شۇ چاغدا ئەلى بىلەن ھېلىقى قىزنىڭ رېتىملىق يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەنە ئۇلار گۈلجەننەتنىڭ تىنىسا تىنىقى يەتكۈدەك يېقىنىلا يەرگە كەلدى. گۈلجەننەت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان خورلۇق يېشىنى توختىماي سۈرتۈپ، قارىياغاچنىڭ يېشىل ياپراقلىرى ئارىسىدىن مارىلاپ قارىماقتا. ئاھ، ئۇلار گۈلجەننەتتىن تۆت غېرىچلا نېرىدىن گويا كىنو ئېكرانىدەك لىپلا قىلىپ كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاھ، ئاشۇ بىرنەچچە دەقىقە! گۈلجەننەتنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ئۆچمەس بولۇپ ئورناپ قالغان شۇ دەقىقە! گۈلجەننەت شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئەلىنى باش-ئايىغىچە تولۇق كۆرۈۋالدى. ھەتتا غىل-پال كۆرۈنگەن چىرايى، تەققى-تۇرقى ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ گۈلجەننەتنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى، ئەزىبرايى! ئۇنىڭ گۈلجەننەتكە تونۇش ئاشۇ چىرايىنى — ئوتتەك كۆيدۈرۈپ ئۆزىگە ئەسىر قىلغان چوڭ-چوڭ كۆزلىرى، قامەتلىك تەققى-تۇرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالدىدىن خۇددى قۇياشنىڭ بىر پارچىسىدەك يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ يىگىتنىڭ ئەلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش تەس، ئۇ، بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىرەر ئايغا يەتمەيلا باشقىچە بىر جازىبىلىك سىياققا كىرگەن. بۇرۇنقى تەردىن سارغىيىپ، غولىدىن ئاپئاق شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يەڭلىك ھاۋارەڭ مايكىسىنىڭ ئورنىدا ئەمدى قاردەك ئاپئاق پاكىز كۆڭلەك، ئېتىزدا سۇ تۇتۇۋاتقاندا ھەمىشە تىزىغىچە تۇرۇۋالىدىغان، ياماق چۈشكەن خادانى شىمىنىڭ ئورنىدا قاتۇرۇپ دەزماللانغان قارا سارجا شىم، ئاچچىق تەردىن سېسىق پۇراپ كەتكەن كۆك چۈخىيى ئورنىدا پارقىراپ، يالىلداپ تۇرغان قارا شىبلىت...

مانا، ئۇلارنىڭ ئايرىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمايلا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قانچىلىك چوڭايغان - ھە؟ كىم بىلىدۇ، بەلكى بۇ پەرق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھاڭ پەيدا قىلغاندۇ. ئەلىنىڭ يېنىدا ئاشۇنداق ناز-كەرەشمىلىك، ھەمسۆھبەت قىز تۇرغان يەردە ئۇ ئۆيرىگە خۇددى كۆكتىكى ئاي-يۇل-تۇزلارغا تەلمۈرۈپ، ساقلاپ تۇرغاندەك، خەت-خەۋىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان گۈل-جەننەت ئىسىملىك يەنە بىر قىزنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقارغاندۇ.

ھەسرەت ۋە خورلۇق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەزدى، كۆزلىرىدىن يەنە ياش تاراملاپ تۆكۈلدى، ئەلىنى ئارقىسىدىن بولسىمۇ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئورنىدىن قوپتى. ئەمدى ھېلىقى قىز قاياقىدۇر يوتكەن، ئەلى گۈلجەننەتتىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا خىيال سۈرگىنىچە بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. گۈلجەننەت ئەمدى ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەلى ئۇنى كۆرگەن ھامان ئالاق-جالاق بولۇپ ئىككى تەرىپىگە قارىغىنىچە گۈلجەننەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— گۈلجەننەت... قانداق كېلىپ قالدىڭ ئۈرۈمچىگە، ياكى سەنمۇ ئالىي مەكتەپ-لەرنىڭ بىرەرسىگە كەلدىڭمۇ؟ — سوردى ئۇ بايىقى ھودۇقۇشتىن كېيىن بىردىنلا خۇشال بولۇپ.

— ياق، — قىز تىرنىقىنى تاتىلاپ بېشىنى تۆۋەن سالدى، — ئالماسوۋ ئاكامنى ئىزدەپ...

— كىم ئۇ ئالماسوۋ دېگىنىڭ؟

— دادامنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ساۋاقداشلىكەن، دادام ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىۋىدى، — گۈلجەننەت ئەتىگەندىن بېرى قولىدا سىقىمداقلىق تۇرغان، پۇرلىشىپ كەتكەن ھېلىقى خەتنى ئەلىگە ئۇزاتتى. ئەلى خەتنى ئوقۇۋېتىپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— مۇنداق ئىش ئىكەن-دە، تاپتىڭمۇ ئۇ كىشىنى؟

— غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكىنىگە بىر يىلچە بوپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— بىلمىدىم، شۇڭا سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېلىشىم، — دېدى گۈلجەننەت كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ.

— يىغلىما، ساۋاقداشلىرىم كۆرۈپ قالسا نېمە دەيدۇ؟ مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى، يۇرتقا قايتىپ كەتكىنىڭ تۈزۈك، گۈلجەننەت. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمەن، ئوقۇغۇچىنىڭ قۇربىتى نېمىگە يېتىدۇ دەيسەن، مەن ساڭا ھېچقانداق ياردەم كۆرسىتەلمەيمەن. جۇرە بىز خالىيراق جايدا سۆزلىشەيلى، باشقىلار ئالدىدا سەت تۇرىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزدىن ھېچقاچان ئارتۇقچە ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلمىدىم، — دېدى قىز رەنجىپ، — سىز مېنى بۈگۈن بىرەر خاس، ئازادىراق مېھمانخا-نىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ياردەم قىلالامسىزمۇ، ھە، يەنە بىر ئىشمۇ بار، سىز بىلەن

مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش.

ـــ نېمە ئىش؟

ـــ ھېلىقى... مەن... سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى دەپ تولىمۇ خاتا قىلغان ئىكەنمەن ئەلىي ئەلى تۇيۇقسىز گەجگىسىگە قامچا تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى.

ـــ ھە؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ گۈلجەننەت، سەن مېنى قورقىتىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتمايدىغانسەن؟

ـــ قورقماڭ، بۇنىڭ دەردى ـ بالاسىغا ھېچقاچان سىزنى شېرىك قىلمايمەن.

ـــ ئالدۇرۇۋەت، مەن سېنى ئەتىلا دوختۇرخانىغا ئاپىراي، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، ـــ دېدى ئەلى لاغىلداپ تىترەپ، ـــ مەن ئوقۇغۇچىمەن، بۇنىڭ كاساپىتىدىن جازالىنىپ كېتىشىمنى، ئۆز ئىستىقبالىمنى يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن.

ـــ مۇشۇ بىچارە، گۇناھسىز ھامىلىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە، ئۆز بالىڭىزنىڭ قاتىلى بولۇشقا رازىمۇ سىز؟

ـــ نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن؟ ـــ دېدى ئەلى خاپا بولۇپ، ـــ بۇنى قانداقمۇ قاتىللىق دېگىلى بولىدۇ، بۇنى شۇنداق ھەل قىلمايمۇ ئامالىمىز يوق ـ تە. مەن ھازىر ئوقۇغۇچى، بىر بالىغا ئاتا بولغۇچى ئەمەس، سەن بۇنى بىلىشىڭ كېرەك، جەننەت.

ـــ بىراق مەن ئانا بولغۇچى، ـــ دېدى گۈلجەننەت ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ـــ ئانا ئۈچۈن پەرزەنت كۆرۈشتىن ئارتۇق بەخت يوق. بۇ بەخت ئالدىدا ئۇ دۇچ كەلگەن جەبرى ـ جاپا، تىل ـ ھاقارەت، جازا دېگەنلەر بەرىبىر، ئەلى! سىزنى ھاياتىمنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى دەپ خاتا ئويلاپتىمەن!

گۈلجەننەت ئەلىنىڭ يېنىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەتتى. ئەلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە بېرىپ: «گۈلجەننەت... مەن سېنى ھېچ بولمىسا مېھمانخانىغا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قوياي» دېگەنلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

كەچ كىرگەن. شەھەر ئاسمىنى ئىس ئارىلاش نەمخۇش تۇمان بىلەن غۇۋالىشىپ، كۈندۈزى يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈدىغان قارلىق تاغ چوققىلىرى ئاشۇ تۇمان ئارىسىدا ئېرىپ، يوقاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تار كوچىلار ئۇششاق باللارنىڭ قىقاس چوقانلىرى بىلەن تولغان، يولدا ئادەملەر كۆپەيگەنىدى. بىردىنلا كۈچىيىشكە باشلىغان سوغۇق شامال كوچىدىكى قەغەز پارچىلىرىنى ۋە دەرەخ شاخلىرىنىڭ سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان يوپۇرماقلىرىنى ئېرىق ـ ئازگاللارغا تىقماقتا ئىدى.

گۈلجەننەت خېلىدىن بېرى خۇددى ئەقلىدىن ئازغان سەۋدايى ئادەمدەك پىيادىلەر يولىدا گاھ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، گاھ نېمىگىدۇر ھاڭۋېقىپ، ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئاستا كەلمەكتە. ئۇ نەگە بارىدۇ، ئەمدىكى مەنزىل قايان؟ ئۇنىڭ شۇ تاپتا بۇلارنى ئويلاشقا قۇربىتى يوق. ئۇ تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان سوغۇق شامالنىڭ نېپىز كۆڭلەكلىك بەدىنىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشلىرىدىن شۈمشەرەپ، خۇددى قار ـ شىۋىرغاندا قالغان يېتىم قوزىدەك تىترىمەكتە. ئۇ بۇ تەرەپلەردە سوغۇقنىڭ مۇنداق بالدۇر چۈشۈدىغانلىقىنى ئەجەب ئويلىمىغانىكەن. بولمىسا ئۇ ئۆتكەن يىلى توقۇۋالغان كۆك

پوپايكىسنى ئەلۋەتتە ئېلىۋالاتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز قىزچاق؟

باش-ئايىغى يوق گادىرماش خىياللار بىلەن كېتىۋاتقان گۈلجەننەت قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، ئەندىكىپ كەتتى. ئالدىدا بۇدۇر چاچلىرى شامالدا پاخپايغان، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان چىرايلىق ياش يىگىت گۈلجەننەتكە ئاچكۆزلەرچە تىكىلىپ، ھىجىيىپ تۇراتتى. قىز ئۈنچىقمىدى. ئىزا ۋە ھودۇقۇشتىن يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، يىگىتنىڭ يېنىدىن ياناپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

— ۋاي نەگە ئالدىرايسىز، توختاڭا، — بۇرۇتلۇق گۈلجەننەتنىڭ ئالدىغا توغرىلاندى، — تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلسام نېمە دەيسىز، ياكى كىنو كۆرۈشنى خالامسىز؟

— رەھمەت، ئالدىمنى توسمىسىلا، — دېدى قىز يېلىنغۇچى كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ئاندىن بۇرۇتلۇقنىڭ يېنىدىن ئالدىراپ ئۆتۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى، بۇرۇتلۇق ئىككى سەكرەپ قىزغا يېتىشىۋالدى ۋە بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى.

— ۋاي، ناز قىلماڭ دەيمەن، بىلدىم، جەنۇبلۇق ئىكەنسىز، خېلىدىن بېرى كوچىمۇ-كوچا تېنەپ يۈردىڭىز، مەن سىزنى ياتىقىمغىلا باشلاپ بارىمەن، ئەتە ئەتىگەندە يىگىرمە يۈەننى شاراقشىتىپ سانىۋالىسىز، قانداق، رازىمۇسىز؟

— قويۇۋەتسىلە مېنى، قانداق ئادەم سىلى؟ — گۈلجەننەت بۇرۇتلۇقنىڭ قولىنى سىلكىپ بىلىكىنى بوشاتتى. ئۇ، ئەتراپتىكى ئۆتۈپ كېتىشىۋاتقان كىشىلەرگە يېلىنغۇچى ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن قارىدى، بىراق ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور، قۇلاقلىرى پاڭمىكىن، ھېچقايسىسى پەرۋا قىلار ئەمەس.

— ئەمىسە، ئوتتۇز يۈەن.

گۈلجەننەت يۇلقۇنۇپ، بۇرۇتلۇقنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، ئالغا يۈگۈردى، شۇ چاغدا بۇرۇتلۇقنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازى بىلەن تەڭ، يول چېتىدىكى تېرەكلىك ئارىسىدىن ئۈچ-تۆت ھەمراھى ئېتىلىپ چىقىپ، قىزنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، قوشتەك قاماللىدى. بۇرۇتلۇق يېنىدىكىلەرگە شىۋىرلىدى:

— بول چاپسان، ماشىنىنى ئەكەل!

گۈلجەننەت ۋارقىرىماقتا، تېپىرلىماقتا، ئۇلار سۆرىمەكتە، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەتتى، قىز غەزەپ ۋە قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ئىچىدە ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سىلكىنىۋېتىپ ئاچچىق نىدا بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەلى! ئە... لى...!

شۇ ئارىدا نەدىندۇر «توختا!» دېگەن غەزەپلىك. بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمما بۇ ئاۋاز ئەلىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى. ئەمدى قىزنىڭ نە ۋارقىراشقا، نە تېپىرلاشقا چامى يەتمىدى. ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ يىراقتىن ئاقساپ كەلگىنىچە قولتۇق تايىقى بىلەن لۈكچەكلەرنىڭ باش-كۆزىگە زەرب بىلەن ئۇرغىنىنى، قولتۇق تايىقىنىڭ «قارس» قىلىپ سۇنغىنىنى كۆردى. ئەمما شۇ چاغدا گۈلجەننەت قاتتىق بىر نەرسىنىڭ بېقىنىنى

چوغدەك كۆيدۈرۈپ ئېچىشتۇرۇشىدىن «ۋايجان» لاپ، كۆچسىز ئېڭراپ يەرگە يىقىلدى، ئالدىن ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمىدى.

... ئاپئاق يوتقان، ئاپئاق تام، ئاپئاق تورۇس، ئاپئاق چىراغ... بۇ يەردە ھەممە نەرسە ئاپئاق، قەيەردۇ بۇ؟ ...سۇ، سۇ... شۇ تاپتا بىر نوگاي سۇ بولسىدى، مۇزدەك سوغۇق ئۆستەڭ سۈيى...

ئۇن كۈن بىھوش ياتقاندىن كېيىن، ئەمدىلا كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ قەيەردە ياتقىنىنى بىلمىگەن گۈلجەننەت قۇرۇغان، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن ھۆللىۋېتىپ، ۋۇجۇدىدىن تېخىچە كەتمىگەن دەھشەت ئىسكەنجى ئىچىدە ئەتراپقا ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ نەزەرى بىلەن قارىماقتا. ئەمما بېشى ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنار ئەمەس، دەرمانسىزلىقتىن ئاللىقاچان سېزىمىنى يوقاتقان پۇت-قوللىرىنى مىدىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بېقىنى لازا تېگىپ قويغاندەك ئېچىشىپ، چىدىغۇسىز بىر ئازاب بىلەن ئاغرىيتتى. شۇ چاغدا ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاۋازى سىرتقا ئاڭلانغان بولسا كېرەك، ئىشىك يېرىم ئېچىلدى، كۈتۈلمىگەندە، چىرايى جىنىدەك قورقۇنچلۇق بىر ئادەم ئاقسىغىنىچە، ئېغىز-كالپۇكلىرىنى سەت پۈرۈپ، ھىجىيىپ سىرتتىن كىرىپ كەلدى.

— ۋايجان...! ئاپا...! — گۈلجەننەت قورققىنىدىن بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، ئۆزىنى يانغا ئاتماقچى بولدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ نېرىقى تەرىپىگە دومىلاپ چۈشتى-دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇ شۇ ھوشسىز پېتى قانچىلىك ياتتىكىن، بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا قىزلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئىنچىكە، زىل پىچىرلاش ئاڭلاندى.

— بىچارە قىز، ئەمدى ھوشىغا كەلدى.

— ئازراق قايناق سۇ ئىچۈرەلمىسىكىن؟

— مەيلى، ئەمدى ئاز-ئازدىن سۇيۇق-سەلەڭ ئاش ئىچۈرسەكمۇ بولىدۇ.

ئاھ، نەقەدەر يېقىملىق، مېھرىبان ئاۋاز بۇ؟ قىز ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئاچتى-دە، ئۆزىگە ئېڭىشىپ قاراپ تۇرغان ئىككى ئايال دوختۇرنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۆمچىيىپ ئېزىلىپ يىغلىۋەتتى. قايسىدۇر بىرى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— يىغلىماڭ، جاراھىتىڭىز خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى.

— جاراھەت؟ — گۈلجەننەت ھەيرانلىق، تېڭىرقاش ئىچىدە ياش پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكتى، — نەدىكى جاراھىتىم؟

— ھېلىقى لۈكچەكلەر قېچىپ كېتىش ئالدىدا پىچاق سېلىپ، زەخىملەندۈرگەن، ھېلىمۇ ياخشى، ئاكىڭىز سىزنى دەل ۋاقتىدا دوختۇرخانىمىزغا ئېلىپ كەپتۇ. دەرھال ئوپېراتسىيە قىلدۇق، تەلىيىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ سىزنىڭ.

— ئاكام، ئەلىمۇ؟

— ياق، قاۋۇل ئىسىملىك ئاكىڭىز.

— ياق... ياق...! — قىز يۈزىگە سوغۇق سۇ چاچقاندەك ئەندىكىپ كەتتى، — مې-

ننىڭ قاۋۇل ئىسىملىك ئاكام يوق، ئۇ سىلەرنى ئالداپتۇ. ئاشۇ لۇكچەكلەر يەنە...

— تىنچلىنىڭ، قورقماڭ، — دوختۇر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بوشقىنە بېسىپ ياتقۇزۇپ قويدى، — توغرا، سىز ئۇ كىشىنى تونۇمايسىز، ئۇمۇ بۇرۇن سىزنى بىلمەيدىكەن، بىراق ئۇ سىزنى لۇكچەكلەر قولىدىن قۇتقۇزۇۋالغان، ئۆزىنىڭ مېيىپ، ئاجىز ئىكەنلىكىگە قارىماي، سىزنى يۈدۈپ، كۆتۈرۈپ دېگۈدەك دوختۇرخانىمىزغا ئېلىپ كەلگەن.

— ھېلىقى ئالۋاستىدەك سەت كىشى...

— ھەئە، سىز بايا بىر كۆرۈپلا قورقۇپ ھوشىڭىزدىن كەتكەن ئادەم. دۇرۇس، ئۇ، كىشى قورققۇدەك كۆرۈمسىز، ئەمما ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن جان پىدالىقى ۋە يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك پەزىلىتى ئالدىدا بىز ھەممىشە دوختۇر، سېستىرالار قايىللىق كۆز ياشلىرىمىزنى تۆكۈشتۇق. سىز ھوشسىز ياتقان ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ سىزنى خۇددى ئۆز سىڭلىسىدەك پەپىلەپ ئاسراپ، كېچە - كۈندۈز يېنىڭىزدىن كەتمىگىنىنى، تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى، كۈنلەپ گېلىدىن تاماق ئۆتمىگىنىنى بىلمەيسىز. ئۇ سىزنىڭ داۋالىنىش ھەققىڭىز ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن ئالدىن بەش يۈز يۈەن پۇل تاپشۇردى.

— نېمە ئادەمكەن ئۇ؟ — سورىدى گۈلجەننەت دوختۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنىش - ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي.

— كونا ھەربىيكەن، بىز ئۇنىڭ كىنىشكىلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتۇق. ئۇ ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ئۇزۇن مۇددەت ھەربىي گوسپىتالدا داۋالانغاندىن كېيىن، ھەربىيدىن كېسىپ ئالماشتۇرۇپ ...نە دېۋىدى، ئېسىمدىن چىقتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا قايسىبىر ناھىيىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەتچىلىكىگە ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا بەش - ئالتە يىلدىن ئېشىپتۇ. يەنە ئۇرۇنقى كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقتىن ئۈرۈمچى-ىدىكى سانا تورىيىسىگە داۋالىنىپ، دەم ئېلىشقا كەلگەن، ئاشۇ كۈنى ساناتورىيىدىن چىقىشى ئىكەن، چىققان كۈنىلا سىزگە ئۇچراپ قالسا بولىدۇ.

شۇ چاغدا سىرتتىن ھاسىراپ، ھۆمىدەپ بىر پۈتىنى تەستە سۆرەپ، ھازىر ئۇلار پارىڭىنى قىلىۋاتقان ئالۋاستىدەك كۆرۈمسىز ئادەم — قاۋۇل كىرىپ كەلدى - دە، گويا قىزنىڭ يەنە ۋارقىراپ، ئۆزىنى كارىۋاتتىن تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدەك قورقۇنچ، سارا سىمە ئىچىدە ئىشىك يېنىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۇڭ قولىدا مەيدىسىگە تاقاپ كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە قۇتا كونسىرۋا، سول قولىدا يېشىل تور سومكىدا قىپقىزىل ئالما لەپەڭشىپ تۇراتتى.

— كېلىڭ، قاۋۇل ئاكا، — دېدى دوختۇر يېرىم چاقچاق ئاھاڭدا، — مۇنداق چىرايلىق ئالمىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئاغرىق ساقىيىپ كېتىدۇ، جۇمۇ!

قاۋۇلنىڭ كۆزلىرى سۆيۈنۈش كۈلكىسى بىلەن قىسىلىپ، ئېڭەك تېرىلىرى تارتىشىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، مانا، ساقىيىپلا قاپسىز، بىر نەرسە يېگۈڭىز كېلەمدۇ؟ — ئۇنىڭ غارالڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئىچكى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، سول كۆزى قېشىدىن

بويلاپ ئېڭىكىگىچە چۈشكەن پىچاق تىلىۋەتكەندەك چوڭقۇر تارتۇقنىڭ ئاسارىتىدىن بولسا كېرەك، ياشاڭغىراپ تۇراتتى. بۇ، ئەسلىدىنلا شۇنداقمۇ ياكى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىۋاتامدۇ، بۇنى گۈلجەننەت بىلەلمىدى.

— رەھمەت، قاۋۇل ئاكا، ھېچ نەرسە يېگۈم يوق، — گۈلجەننەتنىڭ ھودۇقۇشى بارا-بارا جايىغا چۈشۈپ، كۆڭلى تىندى. دوختۇرلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ ئاستا چىقىپ كېتىشتى. گۈلجەننەت قاۋۇلنىڭ قوللىرىنىڭ ئاللىقاچان بۇرۇنقى ئىسكەتىنى يوقاتقان، ھېلىمۇ شەلۋەرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان مودۇر-چوقۇر تېرىسىنى، جىگدە يىلتىزىدەك ئەگرى-بۈگرى بولۇپ كەتكەن بارماقلىرىنى كۆرۈپ، گۈلجەننەتنىڭ كۆڭلىنى ئاللىقانداق غەشلىك ۋە ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە كۆڭۈلسىزلىك قاپلىدى.

— سىلى مېنى لۈكچەكلەر قولىدىن يالغۇزلا قۇتقۇزۇپ قالدىلىمۇ؟ — سورىدى ئۇ، ئەلىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئېلىپ كۆرمەكچى بولۇپ.

— بۇنى قۇتقۇزۇش دېگىلى بولمايدۇ، سىڭلىم. ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئادەتتىكىلا بىر ئىش-دە، — قاۋۇل كاردۋات يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، ئېرەڭسىزلىك بىلەن سۆزلىدى، — ھەر ھالدا ئۈچ-تۆت لۈكچەك بىلەن يالغۇز ئېلىشىشىمغا توغرا كەلدى.

— سىلىگە ھېچكىم ياردەمگە كەلمىدىمۇ؟

— ياردەم؟... — ئۇنىڭ قىسىق، نۇرسىز كۆزلىرىدە ئۆتكۈر مەسخىرە يالت قىلىپ چاقناپ كەتتى، — مەدەنىيەتلىك ئادەملەر جېدەل-ماجىراغا ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ دەمسىز، مەن شۇ چاغدا چايخانىدا ئىدىم، سىزنىڭ داد-پەريادلىق ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپلا كوچىغا ئېتىلىپ چىقتىم. شۇغىنىسى، مېنىڭ ناكا پۇتۇم يۈگۈرۈشۈمگە ئىمكان بەرمىدى، بىر مىنۇت كېچىكتىم ئەپسۇس! مەن ۋاقتىدا يېتىپ بارالىغان ياكى ئەتراپتىكىلەر تاماشا كۆرۈشنىڭ، لۈكچەكلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەينىگە داجىشنىڭ ئورنىغا ۋاقتىدا لۈكچەكلەرگە قول سالغان بولسا، زىيان ئاز بولاتتىمىكىن دەيمەن. دوختۇرلار دېدىمۇ؟ يەتتە يېپلىق ئوپېراتسىيە قىلىنىدىكەنسىز.

گۈلجەننەتنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ نېپىز، تاتارغان سۇزۈك لەۋلىرىنى چىشلىدى. تارام-تارام ياش كۆز چاناقلىرى بويلاپ تۆكۈلۈپ، قاپقارا چاچلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. بۇ ياش ئەلىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنۈشمۇ ياكى قاۋۇلنىڭ ھېچقاچان كۆرمىگەن، ئۆزى ئۈچۈن يات بىر ئادەمنىڭ جان كۆيەرلىكىگە بولغان تەسىرلىنىشتىن تۆكۈلگەنمۇ، بۇنى بىلىش قىيىن ئىدى.

— رەھمەت، قاۋۇل ئاكا، ئەمدى مەن سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى... — قىز ئۆپكىدەپ يىغلاپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— ھەي، نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسىز، يىغلىماڭ، مۇشۇنداق ياخشى دوختۇرخانا، ھەدە-سىڭىللىرىڭىزدەك مېھرىبان دوختۇر-سېستىرالار ئەتراپىڭىزدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن يەردە مەن كىم ئىدىم؟ ھە... ھە... قوزغالماڭ، مەن سىزگە ئالما

سويۇپ بېرىمەن.

ۋاپا ھەم مېھرىبانلىق... ئاھ، قانداق گۈزەل ھېسسىيات ئۇ! ئۇ كۆڭۈل ئاسمىنىدا مۇنداقلا يالت قىلىپ چاقناپ، شۇ ھامان ئۆچىدىغان ھېسسىياتلاردىن ئەمەس. ئۇ ھاياتلىق دۇنياسىنى تىرەپ تۇرغان مۇقەددەس تۈۋرۈك، ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان قۇياش، قۇرت-قوڭغۇزلاردىن ھايۋان، ھەتتا ئادەمگىچە، گۈل-گىياھلاردىن بىپايان ئورمانغىچە، ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئاشۇلارسىز ئۆز ھاياتىنى داۋام قىلدۇرالىغان؟ ئىنساننى دۇنيادا ئىنسان سۈپىتىدە ياشىتىپ تۇرغانمۇ شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆت مىلياردتىن ئوشۇق ئادەم مۇشۇ كىچىككىنە يەر شارىغا سىغىپ ياشىيالىغان. ئەسلىدە بىر-بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىش ئۈچۈن بىر-بىرىنىڭ كۆكرىكىگە قىلىچ تەڭلەپ تۇرغان تالاي كىشىلەر ئاشۇ ۋاپا ھەم مېھرىبانلىقنىڭ قۇدرەتلىك سېھىرىي كۈچى بىلەن بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىشقان، ئۆزىنى ھالاك قىلىش ھېسابىغا باشقىلارغا ھاياتلىق يول ئېچىپ بەرگەن. ئەسلىدىكى يات، بىر-بىرىگە ناتونۇش ئادەملەر خۇددى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى قوشكېزەك بالىدەك ئىناق-ئىجىل، بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن...

مېھىر-ۋاپا ۋە جان كۆيەرلىك — بۇ ھەممەتلىك، خىسلەتلىك سېھىرىي كۈچ قاۋۇل بىلەن گۈلجەننەتكە ئاشۇنداق قىسمەتنى ئاتا قىلدى. گۈلجەننەت قاۋۇلنى ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندە ئىلگىرىكى بەتبەشىرە ئالۋاستى سىياقىدىكى قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ مېھرىبان قېرىندىشىنى كۆرگەندەك بولدى، لېكىن قىسمەت ئۇنىڭغا تويۇقسىز يولۇقتۇرغان بۇ ئادەم گۈلجەننەت ئۈچۈن يەنىلا يېشىلمىگەن سىر بولۇپ تۇراتتى. ئادەملەر ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك، ئاداۋەت چېكىگە يەتكەن، ھەتتا ئەلىدەك ئىشەنگەن ئادىمىدىمۇ مېھىر-ۋاپا قالمىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئەكسىچە ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تارتۇق-جاراھەتلەر راستىنلا قانلىق ئۇرۇشنىڭ يالدامىسىمىدۇ؟ گۈلجەننەت بۇ توغرىلىق شۇ كۈنى كەچتە قاۋۇلدىن سوراپ كۆردى، ئەمما قاۋۇل ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى خالىمىغاندەك، پەرۋاسىزلارچە كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىدى.

قاۋۇلنىڭ گۈلجەننەتكە قىلغان يېقىنچىلىقلىرى، ئۇنىڭ ئەسلا تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان ئىشلار ئىدى. قاۋۇل خۇددى ئىگىسىنى ئايلىنىپ كېتەلمىگەن ۋاپادار ئىتتەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە. ئەتىگەندە ئۇ سېستىرالار بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ، لۆڭگىنى ئىسسىق سۇ بىلەن ھۆلدەپ گۈلجەننەتنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى، قوللىرىنى سۈرتىدۇ. ئاندىن بىر قاچا قىزىق سۈتكە تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋېلىنغان ئىسسىق ناننى ئۇششاق ئۇشتۇپ سېلىپ، يۇمشىغانلىرىنى قوشۇق بىلەن بېسىپ ئېزىدۇ. ئاندىن ئۇنى گۈلجەننەتكە بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن ئىچۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا قاراش گۈلجەننەت ئۈچۈن بەك ئېغىر. ئوتتا كۆيگەن كۆسەيدەك قاغجىرىغان، قوشۇقنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قوللىرى بۇ چاغدا ھاياجاندىن تىترەيدۇ. ئىچىدە نېمىنىدۇر پىچىرلىغاندەك

بولىدۇ... چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقمۇ ئاشۇ تەقلىتتە داۋام قىلىندۇ. قاۋۇل تاماقتىن
كېيىن گۈلجەننەتكە قىزىق-قىزىق ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ
كۆپىنچىسى ھەربىي قىسىم تۇرمۇشى ۋە جەڭچىلەرنىڭ كۈنلۈكى، قارا قۇرۇم تاغ تىز-
مىلىرى ئارىسىدىكى جاپالىق ھاياتى، ئۇلارنىڭ ۋەتەن چېگرىسىنى دۈشمەنلەرنىڭ تاجا-
ۋۇزىدىن قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرەشلىرى ھەققىدە بولىدۇ. بۇ چاغدا
قاۋۇل باشقىچە روھلىنىپ، خۇددى ئۆزى كېپىنى قىلىۋاتقان جەڭچىلەردەك گەۋدىسىنى
مەزمۇت كۆتۈرۈپ، قولىنى ھاۋادا خۇددى قىلىچ ئۇرغاندەك كەسكىن سىلكىيدۇ. قى-
سىق كۆزلىرى ئاشۇ جەڭچىلەرنىڭ باتۇر، تاغ يۈرەكلىكى ۋە پولاتتەك ئىرادىسى ئەكس
ئەتكەن يارقىن نۇر بىلەن چاقناپ، بىلىكىنىڭ ئاللىقاچان سىزىپ كەتكەن بولجۇڭ
گۆشلىرى باشقىدىن بۆرتۈپ چىقىدۇ. سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، روھلىنىپ، گۈلجەن-
نەت باياتىن بېرى ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھۆرمەت نەزەرىدە تىكىلىپ قاراپ ياتقان مېيىپ-
مەجرۇھ قاۋۇلغا زادىلا ئوخشىماي قالىدۇ. بۇ ھېكايىلار ئەلۋەتتە قاۋۇلنىڭ بىۋاستە
بېشىدىن كەچۈرگەن ھايات سەرگۈزەشتىسى. بۇ، ئۇنىڭ گۈلجەننەتنىڭ ھېلىقى گۇمان
ئارىلاش سورىغان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋاب ئىكەنلىكىنى گۈلجەننەت ئەلۋەتتە بىل-
مەيدۇ. شۇڭا ئۇ، قاۋۇل ئېيتقان ھېكايىلاردىن تولىمۇ قىزىق، تەسىرلىك بىر كىنو-
نى كۆرگەندەك قاۋۇل بىلەن تەڭ ھاياجانلىناتتى، جەڭچىلەرنىڭ ئاققۇزغان قانلىرى
ئۈچۈن ئىچ-ئىچىدىن قايغۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قۇچقان غەلىبىسى ئۈچۈن خۇشال بولاتتى.
مانا، ھېكايىنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ، كېسەللەرنىڭ ئۇخلىشى ئۈچۈن بەل-
گە بېرىلدى. قاۋۇل شۇ ھامان ھېكايىسىنى جايىدا توختىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تېنىم-
سىز، مېھرىبانلىقىغا قايتتى. ئۇ كارىۋات ئاستىدىن داسنى ئېلىپ ئاسقاقلاپ سۇخانىدىن
ئىسسىق سۇ ئېلىپ كىردى-دە، گۈلجەننەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويىماي، پۇتلىرىنى ئىسسىق
سۇ لۆڭگە بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ، بۇنى ھەمىشە «ياخشى ئۇخلاشنىڭ ئەڭ
ئۈنۈملۈك دورىسى» دەپ ئىزاھلايتتى.

ئەمما، شۇ كۈنى كەچتە گۈلجەننەتنىڭ خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇيقۇسى كەلمە-
دى. ھاياجان، قاۋۇلغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئۇنى ئاياش ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇددى
تىكەندەك تاتىلاپ ئارام بەرمەيتتى. «بۇ تەڭسىزلىك دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئىچىدە، —
باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق پەيلەپ كۈتۈشكە تېگىشلىك ئادەم ئەسلى مەن ئەمەس، قاۋۇل
ئاكام ئىدى، مەن نېمىشقا ھەممە ئەزايىم ساق تۇرۇقلۇق، مۇشۇ كېسەلچان ئادەمنى
ئۆزۈمنى كۈتۈشكە مەجبۇر قىلدىم؟ مەن يېزىدا — قايتا تەربىيىدىكى ۋاقتىمدا خۇددى
مۇشۇ ئادەمدەك ئىرادىلىك ۋە قەيسەر قىز ئىدىم. ئەمدى مەن ئاشۇلارنى ئۇنتۇدىممۇ-
ھە؟ بىچارە ئادەم! مەن نېمىشقا ئۇنىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ، نەلەردە يېتىپ-قو-
پۇپ يۈرگىنىنى سوراپ كۆرمىدىم؟» خىجىللىق ۋە ۋىجدان ئازابى گۈلجەننەتنى غەي-
رەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بالنىتسىدا يېتىۋاتقان ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ
بېقىنى تېڭىلغان داكا ئۈستىدىن ئاۋايلاپ بېسىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كورىدورغا
چىقتى ۋە شۇئان ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. قاۋۇل كورىدوردىكى

داق ئورۇندۇق ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلىغان هالدا دۈگدىيىپ ئۇخلاپ ياتاتتى. «ئاھ، مېھرىبان سۆيۈملۈك ئادەم!» گۈلجەننەتنىڭ ئىچى سىيرىلدى، كۆز ياشلىرى تارامـلاپ تۆكۈلدى. ئۇ ئورۇندۇق ئالدىدا ئاستا تىزلىنىپ قاۋۇلنىڭ سوغۇقـتىن مۇزلـىغان قوللىرىنى، پۇتلىرىنى مېھىر بىلەن ئاۋايلاپ سىلىدى...

گۈلجەننەت بىر ئايدىن كېيىن بالنىتسىدىن چىقتى.

ئۆكتەبىر. دوختۇرخانا ئىچىدىكى تېخى بىر ئاي بۇرۇن ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەر ئاللىقاچان سولىشىپ، دەرەخلەرنىڭ سارغايغان غازاڭلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان. ئاسمان تۇمانلىشىپ ئۈچ كۈندىن بۇيان توختىماي يېغىۋاتقان سىم-سىم يامغۇر بۈگۈن ئۇششاق قار توزۇندىلىرىغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەتىگەندە ئۈن-تىنسىزلا سىرتقـا چىقىپ كەتكەن قاۋۇل چۈشتىن كېيىن قولتۇقىدا يوغان بىر بوپىنى كۆتۈرگەن، چىرايى ھارغىن ئەمما خۇشال ھالدا بالنىتسىغا كىرىپ كەلدى.

— قىش كىرىپ قالدى، ھەيران بولماڭ، ئۆرۈمچىدە ياز مۇشۇنداق قىسقا بولىدۇ. سىزگە بىر قۇر قىشلىق كىيىم-كېچەك ئېلىپ كەلدىم. كىيىپ بېقىڭ، ياراشماي قالسا باشقىسىغا تېگىشىپ كېلىمەن. بۇنىڭسىز ئەمدى كوچىغا چىققىلى بولمايدۇ، — قاۋۇل سۆزلەۋېتىپ قىزنىڭ ئالدىغا يۇڭ پوپايكا، سوكنو پەلتو، قارا سارجىدىن كاستۇم-يوپكا، يۇڭ شىم، پايپاق، ئۆتۈك، ياغلىق... يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنى تاشلىدى. قىز تەئەججۇپ ۋە تەمتىرەش ئىچىدە كۈتۈلمىگەن بۇ نەرسىلەرگە قاراپ داڭ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ، ماش رەڭ، ھەربىي كونا چاپان ئىچىدىكى بۇ ئادەمگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلىدى:

— كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، قاۋۇل ئاكا، ئەمما مەن بۇنى...

— بۇ گەپنى قويۇڭ جەننەتخان، بالنىتسىدىن كۆڭلەكچانلا چىقاي دەمسىز، — قاۋۇلنىڭ ئاۋازى بوش ئەمما قەتئىي ئىدى، — ئېھتىمال، ئىككىمىز بۈگۈنلا بىر-بىرىمىز بىلەن خوشلىشارمىز. يېنىپ يەنە قايتا كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولماس. مەن ئەمدى ئەتىلا قايتىشىم كېرەك. سىزچۇ، يەنە بىر مەزگىل تۇرامسىز؟ ھە... ھە... كەچۈرۈڭ، مەن...

مۇشۇنداق ئايرىلىش نەقەدەر ئېغىر؟! قاۋۇل بۇ ئايرىلىشقا زادىلا كۆزى قىيمايۋاتقاندەك، يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى قىزغا تارتىشىۋاتقاندەك مۇڭ باسقان كۆزلىرىنى دېرىزىگە تىكىپ گويا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك سۆزلىمەكتە.

— ياق، مەنمۇ كەتمەكچىمەن، قاۋۇل ئاكا.

— ھە، ھە... كەچۈرۈڭ، — قاۋۇل قىزغا توغرىلاندى، — مەن مۇشۇنى سورىماقچى ئىدىم، يۇرتىڭىز؟

قىز ئۈنچىقمىدى. ئۇ ياستۇقنىڭ تېگىدىكى كىچىككىنە تۈگۈنچەك ئىچىدىن دادىسىنىڭ ئالماسوۋقا يېزىپ بەرگەن ھېلىقى بىر پارچە خېتىنى ئۇزاتتى، قاۋۇل ئۇنى ھەجىلەپ يۇرۇپ تەستە ئوقۇپ تۈگەتتى ۋە بىردىنلا خۇشال ھالدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

.....

— ماۋۇ ئىشنى قاراڭ، ئىككىمىز بىر يۇرتتىن ئىكەنمىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى، — خوش، شۇنداق قىلىپ ئالماسۇۋنى تاپالىدىڭىزمۇ؟

— غۇلجىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

— مۇنداق دەڭ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئوخشايدۇ-دە، ئەمما مەن دادىڭىز داۋۇتوۋنى بىلىمەن، بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ناھىيىمىزدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان زىيالىي يوق ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم، سىلى راستىنلا دادامنى بىلەملا؟ — سورىدى قىز ھاياجانلىنىپ.

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، مەن ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان كۈنى مېنى بىرىنچى بولۇپ ئەڭ قىزغىن كۈتۈۋالغان كىشى ئاشۇ داۋۇتوۋ بولغان. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز سىلەرنىڭ ئۆيدە بىر كېچە مۇڭداشقان، تېخى ئىچىپمۇ قويۇشقان ئىدۇق دەڭا. كېيىن ئۇ مېنى تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا بىر قېتىم يوقلاپ بارغان، شۇ يەردە بىر ھەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ قايتقان. شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇتوۋنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمىدىم. كېيىن ئوتۇنچىلارنىڭ قايسىبىرىدىن ئۇنى قولغا ئېلىپ كەتتى، دەپ ئاڭلىدىم. ھېلىمۇ شۇ يەردە ئىكەن-دە، بىچارە، ئەمدى ئۇنى يوقلاپ تۇرۇش كېرەك، تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى ئاتلىق بىر كۈنلۈك يول. مەن بۇ قېتىم داۋۇتوۋنى چوقۇم يوقلاپ كېلىمەن. قوپۇڭ، بۇ كارۋات ئەمدى باشقا كېسەللەرگە لازىم.

گۈلجەننەت ئەمدى تارتىنىپ ئولتۇرمىدى. ئەمما كىيىملەرنى كىيىپ بولغاندا يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

ئۇلار كوچىغا چىقتى. قار توختىغان، ئەمما شەھەر كوچىسى پاتقاق، ھاۋا تۇمانلىق ئىدى. ئاسفالت يولدا ئېرىگەن قار سۇلىرى شىرىلداپ ئاقاتتى.

— يۇرتتا ئاتا-ئانىلىرى باردۇ؟ — سورىدى قىز قاۋۇل بىلەن قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ.

— ئانام كىچىكىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، 1962 يىلى دەل ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا دادامنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. نېمە ئىلاج؟ ئۇنداق چاغدا مىلتىقنى تاشلاپ قويۇپ يۇرتقا قايتقىلى بولمايدۇ-دە...

— خوتۇن-بالىلىرىچۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى قىز.

— خۇدا ماڭا شۇ ھەممەتنى ئاتا قىلمىغان ئوخشايدۇ. راستىنى ئېيتسام، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشنىمۇ ئويلىنىپ باقمىدىم، ئۆزۈمنىڭ ھالى ئۆزۈمگە ئايان، مېنى ئۆزىگە جورا قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن بەخت ھېسابلايدىغان كىم بار دەيسىز؟ خۇددى ئۆتكەندە سىز مېنى كۆرۈپلا قورققىنىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى كارىۋاتتىن تاشلىۋەتكەندەك بىر ئىش-تە. باشقىلارنى بەختسىز قىلىپ نېمە قىلىمەن؟ ماڭا بىر ھېسابتا مۇشۇنداق بويتاق ئۆتۈشمۇ ياخشى. يېشىم قىرىقتىن ئاشتى. ئەمدى تۇرمۇشتىن ئارزۇ قىلغۇدەك ھېچ نېمىمۇ قالمىدى. ماڭا ھازىر ئىككىلا نەرسە ھەمراھ: بىرى، ئاشۇ ھەربىي قىسىمدا ئۆتكەن

ئاجايىپ ياشلىق چاغلىرىمنىڭ تاتلىق ئەسلىمىسى؛ يەنە بىرى، ھازىر مەن كېتىۋاتقان بىپايان توغراقلىق.

قىز ئۈنچىقمىدى، ئۇلار ماشىنا بېكىتىگە يېتىپ بارغىچە يېنىپ يەنە سۆزلەشمىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خىيالدا. قاۋۇل شۇ تاپتا بىردىنلا ئېسىگە كەچكەن ئاشۇ گۈزەل ياشلىق چاغلىرى ياكى ئۆزى بىلەن سىرداش پىنھان توغراقلىقلار ھەققىدە خىيال سۈرۈۋاتامدۇ، بۇنى بىلىش قىيىن، ئەمما گۈلجەننەتنىڭ خىيالى باشقىچە. ئۇ يېنىدىكى مۇنۇ دۇنيادا ئەڭ كۆرۈمسىز، لېكىن ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ۋاپا، غەمگۈزارلىق بابىدا تەڭداشسىز بۈيۈك ئىنسان ھەققىدە خىيال سۈرۈپ كەلمەكتە. ئىنسان ئۆزىنىڭ پاك پەزىلىتى، غۇرۇرى ۋە ساپ ۋىجدانى بىلەن قەدىرلىك. مانا بۇلار مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ئىجادچىلىرى. ئەجىبا، مۇشۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ مېيىپ، ئاجىزلىقى ئۈچۈنلا ئۆزى ياراتقان مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇشى، ئۇنى ھامان باشقىلارغىلا ئۆتۈنۈشى لازىممىدۇ؟ ئەگەر تەگرى مۇشۇنداق كىشىلەرگە مۇھەببەت لەززىتى ئەمەس، يەككە-يىگانىلىقنىڭ بەختسىز ئازابىنى تارتۇق قىلىدىغان بولسا، بۇ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، قاۋۇل ئاكا لاي-لاتقىلار ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغان ھەقىقىي ساپ ئالتۇن، ئۇ ئۈستى بىر قەۋەت لاي بولغىنى، كۆرۈمسىزلەشكىنى ئۈچۈنلا تاشلىۋېتىلىشكە تېگىشلىكمىدۇ؟ ئۇمۇ بىر چاغلاردا ئەلىدىنمۇ سۇباتلىق گۈزەل يىگىت بولغىيدى؟ ئەمما ئۇرۇش خۇددى يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ھالاكەتلىك غارىغا سۆرەپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ياشلىق گۈزەللىكىنى، سۇباتىنى يۇتۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئاجىز-كۆرۈمسىزلىكى، مەجرۇھلۇقى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس، ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن گۈزەللىكىنى ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، دەخلىسىزلىكى، خەلقىمىزنىڭ خاتىرجەم، باياشادلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلغان. دۇرۇس، ئۇنى بىرلا كۆرگەن قىزلار يەنە يېنىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماس، لېكىن ئۇلار زامانىمىز ياشلىرى ئارىسىدىكى قەلب كۆزى ئەما كىشىلەر. ئۇلۇغلۇق، كىشىلەر قەلبىدىكى ئۇلۇغلۇق ھېچقاچان ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان مەرۋايىت ئەمەس، ئۇ قەلب كۆزى ئەڭ ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭلا كۆرۈشىگە نېسىپ بولىدىغان دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھەقىقىي مەرۋايىت!

گۈلجەننەت ئەلىنىڭ ساختىلىقى، ۋاپاسىزلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان چەكسىز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئېچىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇنلا ئاتىۋەتكەن قەلب سەھىپىسىگە نەزەر سالدى. بۇ ئالتۇن سەھىپىلەر بىر چاغلاردىكى سەبىي سۆيگۈنىڭ تۈگىمەس گۈزەل ناخشىلىرى بىلەن تولغان، ئەمما بۈگۈن ئۇ ناخشىلار خۇددى ياغسىراپ كەتكەن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشىدەك شۇنچە يېقىمسىز. راست، ئاشىقلار توغرا ئېيتقانىكەن، مۇھەببەت — تولىمۇ نازۇك، پاك تۇيغۇ، ئۇ ساختىلىق، ۋاپاسىزلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ قاۋۇلغا نىسبەتەن ئويغانغان يېڭىچە ھېسسىياتى نېمىدۇ؟ مۇھەببەتمىدۇ؟ ھەئە، مۇھەببەت. ۋاپا ۋە پەزىلەت بېغىدا مۇنبەت ۋە ئىللىق تۇپراق

ئارىسىدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، قۇياشلىق ئالەم بىلەن تۇنجى رەت سالاملاشقان يۇمران سەبىي مايسىدەك پاك مۇھەببەت. گۈلجەننەت ئەلى تەرىپىدىن خورلانغان، چەيلەپ نابۇت قىلىنغان، ئەمما قاۋۇلنىڭ قەلب ئىللىقلىقى بىلەن قايتىدىن ياشنىغان مۇھەببەتنى بىلەن ئۇنى ۋە ئۆزىنىمۇ بەختلىك قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭچە مەجرۇھلۇق، ياش پەرقى ۋە تاشقى كۆرۈمسىزلىك مۇھەببەت ۋە ئورتاقلىشىشقا تېگىل بولغان بەخت ئۈچۈن توسالغۇ — ھاڭ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

گۈلجەننەت ئاشۇلارنى ئويلىغانسېرى قاۋۇل ئۇنىڭغا باشقىچە يېقىملىق ۋە قەدىرلىك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنى ئاستا قولتۇقلىۋالدى.

— بۇ...بۇ... — دېدى قاۋۇل قولىنى تارتىپ، قورۇنۇپ، تەمتىرەپ.

ئەمما، گۈلجەننەت ئۇنىڭ بىلىكىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى:

— ۋىيەي، تېيىلىپ ماڭالمايۋاتىمەن، قاۋۇل ئاكا!

ئۇلار ئەتىسى سەھەردە ھەمىشە ئالدىراش ئۆتىدىغان شەھەر خەلقى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، ئاپتوبۇستا ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى. يولبويى كىملەرنىڭدۇر قىزىق پاراڭلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ، كىملەرنىڭدۇر ناخشىسىنى ئاڭلاپ، گاھ مۈگدەشتىن بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە سوقۇلۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ناھىيىگە يېتىپ كەلدى.

— خوش، — دېدى قاۋۇل شۇ كۈنى كەچتە گۈلجەننەتكە غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — ئاپىڭىزغا بىر چاغلاردا ئۇنىڭ قولىدىن مەززىلىك تائام يېگەن كونا ئەسكەردىن سالام دەڭ.

— ئورمانچىلىق مەيدانىغا بۈگۈنلا قايتامالا؟ — گۈلجەننەت يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ سورىدى.

— ھەئە، ماڭا بۇ شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇشتىن نېمە پايدا؟ بۈگۈن كېچىلەپ بولسىمۇ يولغا چىقماقچىمەن، خەير - خوش، سىڭلىم...

ئىككىسىنىڭ ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاخىرقى قېتىم دېيىشكەنلىرى پەقەت ئاشۇلار.

قىز شۇ چاغدا ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ يىغلاپ، قاۋۇلنىڭ بوينىغا ئېسىلغۇسى: «ياق، توختاڭ، مەندەك باش - پاناھسىز يېتىم قىزغا رەھىم قىلىڭ، بىز بىللە كېتەيلى، بىز مەڭگۈ بىللە بولايلى...» دېگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇ نومۇس قىلدى. يول چېتىدە داڭ قاتقان پېتى بىر پۇتىنى سۆرەپ، كەينىگە يېنىپ - يېنىپ قارىغىنىچە نەگىدۇر كېتىۋاتقان قاۋۇلنى ئۈنسىز كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. «خەير - خوش، قاۋۇل ئاكا، — ئىچىدە ئاستا پىچىرلىدى گۈلجەننەت، — بىز مۇشۇنداقلا ئايرىلىدىغان بولدۇق. سىزمۇ مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان تالاي يۈرەك سۆزلىرىمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، سىزنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە سىزگە ئەبەدىي ۋاپادار، مېھرىبان ئايال بولۇشقا تەييارلانغانلىقىمنى بىلمەيلا كېتىپ قالدىڭىز. بىلەمسىز؟ بۇ مەن ۋە سىز ئۈچۈن نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋال - ھە؟ خەير، بوپتۇ، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، نېمىشقا دەمسىز؟ سەۋەبى، بىز بايا خوشلىشىش ئالدىدىلا ئۆزۈمنىڭ سىزگە ئەسلا مۇناسىپ بولمايدىغانلىقىمنى، مەن سىزگە ھېلىقى يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىدىغان بولسام، بۇ ماھىيەتتە مۇھەببەتنى ساختىلىق بىلەن ئالداشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم.

سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئاللىقاچان باشقا بىرسى تەرىپىدىن بۇلغانغان، چەيلەپ، نابۇت قىلىنغان، بۇنداق ناپاك تەننى قانداقمۇ سۆيمەي پەيتىدە ئېچىلغان قىپقىزىل، خۇش پۇراق گۈل سۆيۈپتىدە سىزگە تەقدىم قىلىش مۇمكىن؟ شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ خورلىنىشنىڭ يۇمران ھامىلىسى ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. لېكىن ئۇ گۇناھسىز، مەن پەقەت ئۇنىڭ دۇنياغا تېخى كۆز ئاچماي تۇرۇپلا دادىسىز يېتىم بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلايمەن. يۈرىكىمدە ھېلىمۇ ھاياتقا ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىۋاتقان چەكسىز قۇدرەتلىك بىر كۈچنىڭ بار ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتىمەن. بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت! لېكىن مەن بۇنى ئەمدى مۇشۇ پەرزەنتىمگە ئاتاپ قويدۇم. سىز كەتتىڭىز، ئەمدى ماڭا بۇ شەھەردە نېمە بار؟ بۇرۇن قايتا تەربىيە ئالغان يېزىغا كېتىمەن، ئۇ يەرنىڭ ئېتىز، باغلىرى، بىپايان دالىلىرى ماڭا ئۆز، خۇددى ئاتا - ئانامدەك مېھرىبان، مەن بالامنى شۇ يەردە تۇغىمەن. مۇبادا كىشىلەر مېنى ئۇ يەردە ئادەملەر قاتارىدا ياشاشقا يول قويۇشمىسا، ھايۋانلار قاتارىدا ياشايمەن، مەن شۇنداق قىلىپ كىشىلەرگە مۇھەببەتنىڭ ئەسلىدە نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇتىمەن...»

ئايدىڭ كېچە، قوتانلاشقان تولۇن ئاي يېزا يولىدا يالغۇز كېتىۋاتقان گۈلجەننەتكە ھەمراھ، تەبىئەت شۇ تاپتا جىمجىت ئۇيقۇدا. كېچىدە كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرى، زاۋۇتلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ئەمدى يىراقتا قالغان. شېغىل تاشلىق يول بارا - بارا ئاق تۇپىلىق ئوڭغۇل - دوڭغۇل سەھرا يولىغا ئالماشتى. ئەتراپتىكى تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ، كۆجۈم مەھەللىلەرنىڭ قارىسى يوقاپ، ئاي نۇرىدا چۆلنىڭ يۇلغۇن شاخلىرى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا كۆتۈلمىگەندە ئارقىسىدا نېمىنىڭدۇر غىچىرلىغىنى، پۇشقۇرغىنى ئاڭلاندى. قىز قورققىنىدىن قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاخىرىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى، لېكىن ئارقىسىدىكى نامەلۇم نەرسە قارا دېۋىدەك گۈلجەننەتكە تېزلا يېتىشىۋالدى. گۈلجەننەت ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ئالغا يۈگۈرەيتتى، پۈتلىشىپ يىقىلاتتى، قوپۇپ يەنە يۈگۈرەيتتى. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەندە ئارقىسىدىن:

— گۈلجەننەت! — دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ۋېيەي... كىمسىز؟ — دېدى گۈلجەننەت يېقىنلا كېلىپ قالغان ئاتلىق ھارۋىدىن داجىپ قېچىۋېتىپ.

— قورقماڭ، مەن قاۋۇل، قاۋۇل ئەسكەر.

— قاۋۇل ئاكاممۇ؟ — دېدى قىز ھاسىراپ، ئات ھارۋىسىغا قورقۇنچ ئىچىدە سەپسىلىۋېتىپ. قاۋۇل ئەسكەر ھارۋىنى توختىتىپ، ئالدىراپ يەرگە چۈشتى ۋە قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ بوغۇق، تىترەك ئاۋازدا دېدى:

— ھەممىنى بىلدىم، ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم. شۇڭا سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ كېلىشىم...

— سىلى ئورمانچىلىق مەيدانىغا كەتمەكچى ئەمەسمىدىلە؟

— شۇنداق، ئەمما مېنىڭمۇ ماڭىدىغان يولۇم مۇشۇ گۈلجەننەت.

— ئەمىسە يوللىرى بولسۇن، قاۋۇل ئاكا.

— ياق، مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن گۈلجەننەت. رازىلىق بېرىڭ. مەن سىزنى سۆيىمەن، چىن قەلبىمدىن... — ئاينىڭ سۈتتەك ئايدىڭ نۇرىدا قاۋۇلنىڭ كۆز ياشلىرى سىمابتەك يالتىراپ كەتتى.

— ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — گۈلجەننەت كەينىگە داجىدى، چىشلىرى كاسىلداپ تىترىدى، — مەن سىلىگە... سىلىگە قانداقمۇ لايىق بولاي، سىلى بىلمەيلا، مەن...

— بىلىمەن، ماڭا دوختۇر ھەممىنى ئېيتقان.

— ياق، ياق، خۇدا ھەققى، ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن سىلىگە لايىق ئەمەسمەن، ۋۇجۇدۇم بۇلغانغان ناپاكمەن.

— لېكىن مەن سىزنى مۇشۇ ئاي نۇرىدەك پاك دەپ بىلىمەن.

— پات ئارىدا بىر بالىغا ئانا بولماقچىمەن.

— ئۇنى ئۆز بالامدەك ئەزىزلەيمەن.

— قاۋۇل ئاكا... — گۈلجەننەت ھالسىزلىنىپ ئالدىغا سەنتۈرۈلدى. قاۋۇل ئەسكەر شۇئان ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى-دە، ئۇنى قوپال قوللىرى بىلەن باغرىغا مەھكەم بېسىپ، كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— بۇ، مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ، گۈلجەننەت! مەن ئاياغلىرىڭىزغا تىزلىناي، پۇتلىرىڭىزنى سۆيەي...!

ئۇلار ئۇرمانچىلىق ئىشچىلىرى ۋە مالچىلار ئارىسىدا تويىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈۋالدى، ئەمما بىر ئايدىن كېيىن ئۇلار داۋۇتوۋنىڭ ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلجەننەتنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇمىدى. پەقەت ئىككىنچى ئەتىيازدا ئەر-خوتۇن زارىقىپ كۈتكەن پەرزەنت — ھېكمەت تۇغۇلغاندىن كېيىنلا، گۈلجەننەتنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى شادلىق كۈلكىسى بىلەن ئالماشتى. ئىناق ئەر-خوتۇن، ئۇلار ئالدىدىكى ئالتۇندەك ئوغۇل... مۇنداق ئائىلە قانداق بەختلىك! قاۋۇل ئەسكەر بوش ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىككىسى ئۈچۈن پايىپېتەك بولۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مۇشۇنداق مېھرىبان، ۋاپادار ئەرنىڭ گۈلجەننەت ئەسكە ئالسىلا يۈرىكى ئازاب ۋە خورلۇق ئوتىدا پۇچۇلىنىدىغان ئەلىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنى نېمىسى؟ ياق، ئەلى ئەمدى بۇ يەرگە قايسى مەقسەت-ئارزۇ بىلەن كەلمىسۇن، قاۋۇلنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىشىنى خالىمايدۇ. پۇرسەت تېپىپ، ئۇنىڭغا ئەلىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

سىرتتىن تۈننىڭ جىمجىت ھاۋاسىنى تىترىتىپ، چاڭگىلداپ ئىككى پاي مىلتىق ئېتىلدى. گۈلجەننەت يېنىدا پۇشۇلداپ، قوللىرىنى ئىككى يېنىغا تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى ئەركىلىتىپ، پېشانىسىغا سۆيۈۋېتىپ:

— ئۇخلا قوزام، ئەمدى ئاپاڭمۇ ئۇخلايدۇ. داداڭنىڭ مىلتىقى ئېتىلدى، دېمەك ئۇ ئامان-ئېسەن. يۈنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ئىككىمىزنىڭ بەختى! — دېدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

# «ئالاھىدە ئەدەپ»

(ھېكايە)

1

ئاشخانا ئىشىكى يەڭگىل ئېچىلىپ،
بېشىغا كەپكە كىيىۋالغان، كاستۇمىنىڭ
ئالدىنى ئېچىۋەتكەن 40 ياشلار چامىسىدىـ
كى ئوتتۇرا بويلۇق بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ، — دېدىم مەن ئەدەپ
يۈزىسىدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋە ئالدىمـ
دىكى ئورۇننى كۆرسەتتىم.

ئۇ كىشى سۈرلۈك قىياپەتتە
كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى
ۋە:

— مەن ھاشىموپنى ئىزلەپ كەلـ
گەنىدىم، تېخى ئىشقا كەلمىگەن ئوخشىـ
مامدۇ؟ — دېدى.

— ھاشىموپ ئاكا بىرەر ھەپتىدەك
بولدى، پېنسىيىگە چىقتى. — دېدىم مەن
ئۇ كىشىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— نېمە، ئۇ پېنسىيىگە چىقتى؟ —
ئۇ كىشىنىڭ چىرايى غەلىتە پۈرۈشۈپ
كەتتى. كىرپىكىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك
ساقاللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى.

— شۇنداق.

— ھە... ئۇنداقتا ھاشىموپنىڭ
ئورنىغا سىز... مۇنداق دەڭ! — ئۇ كىشىـ
نىڭ چىرايىغا كۈلكە تەپچىدى ۋە
دەرھال يانچۇقىدىن ئىككى تال تاماكا
سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، بىرىنى ماڭا تۇتتى.
بىرىنى گۆشلۈك كالپۇكىنىڭ ئارىسىغا
قىستۇرۇپ سەرەڭگە ياقتى، — ھە، شۇنداق
قىلىپ، مەن ھاشىموپنىڭ ئورنىدا ئىشلەيـ
مەن دەڭ! ھە، ياخشى بوپتۇ. ياشلاشتۇـ
رۇش دېگەن مۇشۇ - دە! ھە، شۇنداق
قىلىپ، سىز قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟
يۇرتىڭىزچۇ؟

مەن ئوقۇغان مەكتىپىمنى ۋە يۇرـ
تۇمنى دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ كىشىنىڭ
چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ! ھە، سىزنىڭ
يۇرتىڭىز «قوشباغ» قا مەن بىر نەچچە

قېتىم بارغان. ئۇ يۇرت شۇنداق ھاۋالىق، چىرايلىق يۇرت، كىشىلىرىمۇ تولا مېھماندوست. شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز ئازراق بىر يۇتلۇق كېلىدىكەنمىز. قانداق دەيسىز؟ مېنىڭ ھامامنىڭ بۇرۇنقى كۈيئوغلى شۇ يۇرتتىن بولىدۇ. ھە، شۇنداق قىلىپ تونۇشۇپ قالغىنىمىزمۇ ئوبدان بولدى، مەن يەرلىك ماللار شىركىتىدە ئىشلەيمەن. ئېھتىمال، مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىمۇ ئوقۇغان بولغىيدىڭىز، ئىسمىم غىياس. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ھە، شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە ئىككى پارچە رومان، بەش - ئالتە پوۋېست، ئەللىك - ئاتمىش پارچە ھېكايە يازدىم دەڭا. تېخى شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن. ئەدەبىي تەتقىقات ماقالىلىرىنىمۇ تۇتۇش قىلىۋاتىمەن. — غىياس قانداق؟ دېگەندەك قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا كاتتا ئەدىب ئىكەنلىكىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئەسلەشكە باشلىدىم. ئەپسۇسكى، «غىياس» ناملىق يازغۇچىنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىنى ئوقۇغىنىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. نېمە دېيىشىم كېرەك؟ «سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆرمەپتىكەنمەن» دەيمەنمۇ؟ ياق، ئۇنداق دېسەم چوپچوڭلا ئادەمنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا «پۈستانى ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن» دېيىشىم كېرەك. ھە، خۇداغا شۈكرى، ماۋۇ قاپاق كاللامنى، مەن تېخى يېقىندىلا قايسى بىر گېزىتتىن غىياس ئىمزاسىدىكى بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇغان ئەمەسمىدىم؟ ھە، شۇنى دېسەم ئىش پۈتمەمدىمۇ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەندىن كۈتۈۋاتقىنى بىرەر ئېغىز ماختاش سۆزى.

— ھە، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن. يېقىندىلا ئېلان قىلىنغان خەۋىرىڭىزنى ئوبدان يېزىپسىز.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، شۇ خەۋەرنى ئوقۇغان دەڭ. ھەي ئۇكا، خەۋەر دېگەننى ئۈچ پۈشىقىدا يازىدىغان نەرسە، بىلەمسىز، سىز - بىزدەك ئادەملەر دېگەن خەۋەر يېزىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، خەۋەر ئوقۇشقىمۇ ۋاقتىمىزنى زايا قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇيدىغىنىمىز چەت ئەلنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى بولۇشى كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى، كۆپلەپ يېزىش. بەزى خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بولغۇچە بىرەر پارچە شېئىر، ھېچبولمىسا، بىرەر پارچە رۇبائىي يېزىپ بولغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇنداق دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. مەن ھېلىقى خەۋەرنى پەقەت ئىدارە باشلىقىنىڭ بىرقانچە قېتىم يالۋۇرۇشى بىلەن قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ قويغان. بىز ئەگەر ئۇنداق خەۋەر - پەۋەر دېگەن نەرسىلەرنى يېزىپ قالىدىغان بولساق «ئۆھۆ» دېسەك گېلىمىزدىن خەۋەر تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ ئۇكا، ھە، شۇنداق قىلىپ، دېمەكچىمەنكى، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ۋاقتىمىزنى زايا قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھە، مۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن سىلىنىڭ مۇشۇ گېزىتكە بىر پارچە ھېكايەمنى باسقان. ھە، ئىككى پارچە شېئىرىمنى ژۇرنالنىڭ بىرىنچى بېتىگىلا باسقان. قالتىس شېئىردى - دە، ھازىرچە يازغان نەرسىلىرىمنىڭ بەزىلىرى

نى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمەن. ھە، يازغان بىلەن مەتبەئە ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ تۇرمىسىمۇ بولمايدىكەن. ھە، شۇنداق قىلىپ، سىلىنىڭ گېزىتىڭىزگىمۇ بىر پارچە ھېكايە ئەكەلگەنىدىم. ھېلىقى ھاشىمۇپ دېگەن قېرىنىمۇ كۆزدىن يوقۇلۇپ تازىمۇ بەلەن بوپتۇ، سىز ئۇقمايسىز، ئۆتۈپ كەتكەن قىتىغۇر نەرسە ئۇ. سىلەر ياشلار ئەدەبىياتىنى چۈشىنىسىلەر، كاللاڭلار ئازاد، ئۆزىڭىز كۆردۈڭىز، خېتىم سەترەك، ئاشۇ پەش-چېكىت دېگەنلەرنى قويۇپ بولغىچىمۇ بىرەر قۇر بىر نەرسە يېزىپ بولغىلى بولىدىكەن دەڭا! ھە، شۇنداق قىلىپ بۇ ھېكايەم پىشقان ھېكايە. سەھەردە، مېڭىنىڭ سەگەك ۋاقتىدا يېزىپ قويغانىدىم، ھە، ئۆزۈم قايتا ـ قايتا ئىشلىدىم. ئۆزۈم ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى داڭلىق يازغۇچى قاسىم بىر قېتىم كۆرۈۋەتكەن. بىرەر يېرىدىمۇ قەلەم تەگكۈزمىدى، ــ غىياس سۆزىنى توختىتىپ قويۇپ يانچۇقىدىن ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئالدى ـ دە، ماڭا ئىككى قوللاپ سۇندى، ــ ھە، شۇنداق قىلىپ، تېزرەك بىر نەرسە قىلىۋېتەرسىز. مېنىڭ ئەسەرلىرىم ھەر قانداق مەتبەئە ئورۇنلىرىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالمايدۇ، قاراڭ!...

ــ بولىدۇ، ئالدى بىلەن كۆرۈپ چىقاي، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەرمىز، ــ دېدىم مەن.

ــ بولىدۇ. ھە، شۇنداق قىلىپ، بىر يۇرتلۇق دېگەننىڭ مۇشۇنداق بەلەن يەرلىرى بار ـ دە! ماقۇل ئۇكا، مەن قايتاي.

غىياس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.

2

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە غىياس بىلەن تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىلا ئۇچرىشىپ قالدىم. بىر قۇر ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، غىياس مېنى سۆرەپ دېگۈدەك ئاشپۇزۇلغا ئەكىردى.

ــ ئۇكا، سىز قىزلاردەك تارتىنچاق ئىكەنسىز جۇمۇ! بىر يۇرتلۇق ئادەم دېگەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قىلىپ ئۆتۈشمىسەك قانداق بولغىنى! كېلىڭ، بىردەم مۇڭدىشىمىز، ــ دېدى ئۇ بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ، ــ ھە، شۇنداق قىلىپ، سىز بىلەن بىزنىڭ بىرىنچى قېتىم بىر سورۇندا ئولتۇرۇشىمىز بولىدۇ، لېكىن مەن ئۆزۈمنى كونا قەدىناس ئۇلپىتىم بىلەن ئولتۇرغاندەك سېزىۋاتىمەن. ئۇكا، تارتىنماي ئولتۇرۇڭ. ھە، شۇنداق قىلىپ، تاماقنىڭ قايسى تۈرىنى ياخشى كۆرىسىز؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ. بۇ ئاشخانا بىلەن كونا چۆپقەتچىلىكىمىز بار دەڭا. قانداق تاماق دېسەك تەييار قىلىدۇ. ھە، تارتىنماي دەڭا.

ــ مەن تۆگمەن مىجەز ئادەم، تاماق تاللىمايمەن، ــ دېدىم غىياسقا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ھەي ئۇكا، بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تامىقى بولىدۇ، قاراڭ. ئادەم دېگەن بىر نەرسىگە قىزىقىشى كېرەك.

بولۇپمۇ سىز ـ بىزدەك ھېسسىياتىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەدىبلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئادەم بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ئاشۇ قىزنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى، كوچىلارنى ئايلانغۇسى، خىلۋەت جايلاردا قوللىرىنى تۇتقۇسى، مەڭگۈ بىللە ئۆتكۈسى كېلىدىغۇ؟! ھە، شۇنداق قىلىپ، تاماقمۇ شۇنداق نەرسە. بىرەر خىل تاماقنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ بولدى. ئىشتىھايىڭ داۋاملىق شۇ تاماقنى تارتىدۇ. بۇ خۇددى ئاشۇ ياخشى كۆرگەن قىزنى كۆڭۈل تارتىپ تۇرىدىغاندەك بىر ئىش، ئۇكا. شۇڭا، كۆڭلىڭىزدىكىنى دەۋېرىڭ.

غىياسنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىرەر تەخسىدىن لەڭمەن يېيىشنى ئېيتىۋىدىم، غىياس تېرىكىپلا كەتتى:

— ئۇكا، تۈزۈك گەپ قىلىڭا، ئاشخانىغا كىرىپ لەڭمەن يەپ چىقىپ كېتەمدۇ، كىشى! بولۇپمۇ سىزدەك بىر يۇرتلۇق، ئىززەتلىك مېھمان بىلەن ئاران ئۇچراشقاندا! بولدى، ئۆزۈملا بىلىپ تاماق بۇيرۇتاي، — غىياس شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ قانداق تېزلىك بىلەن غايىپ بولغان بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن يېنىمدا پەيدا بولدى. مەن يانچۇقۇمدىن ئىككى تال تاماكا سۇغۇرۇپ ئالدىم ـ دە، بىرىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ:

— تاماكا چېكىڭ، — دېدىم.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، بىرەر تالدىن چېكىشكەچ ئولتۇرايلى، — غىياس مەن ئۇزاتقان تاماكىنى ئېلىپ يوغان ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قىستۇرۇپ سەرەڭگە ياقتى.

ھايال ئۆتمەي ئاشخانا خادىمىدىن بىرسى چەينەك ۋە پىيالىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئالدىمىزدىكى شىرەگە قويدى. ئارقىدىن تۆت ـ بەش خىل سەي ۋە بېلىق گۆشىدىن بىر تەخسە ئەكەلدى. مەن بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنىڭ بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدىم، غىياس كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ دېگەن ھېچقانچە نەرسە ئەمەس، ئۇكا. سىزدەك ئىززەتلىك مېھمىنىمىزنى ناپىقاندا ھەر قانداق نېمىمىزنى ئايىمايمىز، جۇمۇ! — غىياس سۆزلىگەچ شىرە ئۈستىدىكى چوكىدانىدىن جۈپ چوكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، يانچۇقىدىن چىرايلىق قاتلانغان، پاكىز غىمىنە ياغلىقنى ئېلىپ چوكىلارنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىمغا قويدى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، قېنى، ئېلىڭە، يېگەچ تۇرايلى. ھە، تارتىنماي ئېلىڭ. بۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇۋاتقان يەردە مۇ «ئىشتىھا دورىسى» بولمىسا بولمايدۇ، ئۇكا. بۇنىمۇ ئىستېمال قىلىپ قويايلى، — غىياس شىمىنىڭ يانچۇقىغا قاچاندۇر سېلىۋالغان بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— ھە، ئۇكا، شۇنداق قىلىپ، بىزمۇ ئوبدان تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق. بىر يۇرتلۇق دېگەن مىڭ قىلمىسا بىر يۇرتلۇق ـ تە! مانا سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈپلا ئىناق ئاكا ـ ئۇكىلاردەك بولۇپ كەتتۇق، ھە، ئەمدى ئۆز پىكرىمىزگە كەلسەك، مەن ھېلىقى ھاشىمۇپ دېگەن قېرىنىڭ ئورنىغا سىز-

نىڭ ئىشلىگەنلىكىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال
بولدۇم دەڭا. ئىشخانىڭىزدا كۆرۈشكەن
كۈنى كېچىسى خۇشاللىقتىن خېلى ئۇزۇن-
غىچە كىرپىك قاقمىدىم. ھەي، ھاشىموپ
دېگەن قېرىنى چاينىۋەتكۈم كەلدى. ئۇ
دەردىم چىقمايدۇ، ئۇكا. نېمە ئۈچۈن
دەمسىز؟ ھە، بۇنى سىزگە دەپ بېرەي:
ئۇ قېرى ئىشلىگەن ئون يىلغا
يېقىن ۋاقىت ئىچىدە سىلىنىڭ كې-
زىتتە ئاران بىر پارچە ھېكايە ئېلان
قىلدۇرالىدىم دەڭا. ھەي، ھەممىسى ئاشۇ
قېرىنىڭ كاساپىتى! ئۇنىڭ دەيدىغانلا گې-
پى: «كۆرۈپ باقايلى!» شۇلا. ئادەمنىڭ
كۆڭلىنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىرەر ئېغىز
گېپىنىڭ تايىنى يوق. ئارىدىن بىرەر-
ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ ئەسىرىمنى سو-
رۇشتۇرگۇدەك بولسام، بىر مۇنچە قۇرۇق
گەپ قىلىدۇ. قانداق قۇرۇق گەپ دەم-
سىز؟ «مۇنۇ ئابزاسنى ئۆزگەرتىڭ، تېمى-
سى مەزمۇنى بىلەن ماسلاشماپتۇ. مۇنۇ
جايلىرى ئۇشۇق يېزىلىپتۇ، بەزى جايلىرى
كەم قاپتۇ. ھە، يەنە تېخى بۇ ھېكايىڭىز
ھېكايە تۈسىنى ئالماپتۇ، ھېكايە دېگەننى
ئۇنداق يېزىش كېرەك. بۇنداق ئىخچام-
لاش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش قۇرۇق
گەپ، ئۇكا. بىزلىدەك قەلىمى پىشقان
ئاپتورلار ئۈچۈن ئۇنداق چويلىدا تۇرمايدىغان
دىغان گەپنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يا بىز بىر
ھەۋەسكار بولمىساق، ئاغزىمىزغا ئېمىزگە
سالغىلى. چوپچوڭلا ئادەم ئۈچۈن، بولۇپ-
مۇ بىزدەك چوڭ-چوڭ نەرسىلەرنى يې-
زىۋاتقان ئاپتورلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا
بېرىپ تەلىم ئېلىش نومۇس-تە! نومۇس ھە،
گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، قېنى،
كۆتۈرەيلى. ھە، شۇنداق قىلىپ، ئۇ قېرىغا

ئۆچ بولۇپ قالغانمەن. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى
چۈشەنمەيدىغان قېرى-دە، ئۇ! — ھاراق
ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى.
غىياسنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايى، بو-
يۇنلىرى شەلپەردەك قىزاردى. ئۇ تاماكى-
نى ئۈزۈلدۈرمەي چېكەتتى، — ھە، شۇن-
داق قىلىپ، سىزنىڭ تەھرىرلىك قىلغىنى-
ڭىزغا شۇنداق خۇشال بولدۇم، ئۇكا. ھە،
مىڭ قىلمىسا، سىز دېگەن دارىلمۇئەللىمىن-
نى پۈتتۈرگەن. ئەسەرگە توغرا باھا بې-
رەلەيسىز. ھېلىقى ھاشىموپ دېگەن تو-
لۇق ئوتتۇرىنىمۇ چالا-پۇچۇق ئوقۇغان
نېمىكەن. سىز ئۇنىڭدىن ئاسمان-زېمىن
پەرقلىنىسىز ئەمەسمۇ؟! مانا ئەمدى سىز
ئىشلىگەن ئەدەبىي بەتنىڭ سۈپىتىمۇ باش-
قىچە ئۆسۈدىغان بولدى. ھە، شۇنداق قى-
لىپ، ئۇكا بىز خېلى يېقىن تونۇشلاردىن
بولۇپ قالغان بولساقمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىس-
مىنى سورىماپتىمەن. ھە، ئىسمىڭىز نېمى-
دى؟ ھوي، پەرھات دەمسىز؟ تۇۋا، ماۋۇ
ئىشنى قاراڭ، سىزنىڭ ھېكايىلىرىڭىزنى
ئوقۇغانمەن. ھە، ھېلىقى بىر ھېكايىڭىز-
غا ماختاپ ئوبزور يېزىلدىغۇ دەيمەن؟ نېمە؟
تەنقىد دەمسىز؟ ياق-ياق! شۇنچىۋالا ياخ-
شى ھېكايىنى تەنقىدلىگەن ئادەمنى كېلى-
دىن تۇتۇپلا لايىغا پاتتۇرۇۋېتىمىز دەڭا
بىز دېگەن! سىز ھېكايىنى تولىمۇ ياخ-
شى يازىسىز. سىزمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش
يېڭى-يېڭى تېمىلارنى تاللايسىز. ئەسەر-
لىرىڭىزدىكى ۋەقەلىكمۇ شۇنداق تەبىئىي.
تىلى شۇنداق ئويناق، ئەۋرىشىم دەڭا.
ھە، ئۇكا، مۇشۇ تەرىپىمىز خۇددى بىر
قېلىپتىن چىققان كېسەكتەك ئوپئوخشاش-
كەن. ھە، ھامان يازغانىدىكىن شۇنداق يې-
زىش كېرەك. كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇ-

دەك، ھۇزۇر ئالغۇدەك، مەلەك ئادەمنى
يىغلىتىپ، مەلەك ئادەمنى كۈلدۈرەلگۈدەك،
قىزلار ئۈيغىزلىرىنى تامشىتىپ: «ھەتتىگەي،
مۇشۇ ھېكايىنى يازغان ئاپتورنى بىر كۆر-
سەم» دەپ ئارزۇ قىلغۇدەك يېزىش كېرەك.
بۇ تەرەپلەر سىزنىڭ ھېكايىلىرىڭىزدا تو-
لۇق ئىپادىسىنى تاپقان، ئۇكا! ئۇنچىلىك
ئەمەس دەمسىز؟ كەمتەرلىك قىلماڭ، ئۇكا.
كەمتەرلىك دېگەنمۇ چېغىدا بولغىنى ياخ-
شى! ھە، شۇنداق قىلىپ، ھازىرچە ھېكايە
يېزىۋاتىمەن دەڭ. بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ،
ئۇكا. پوۋېست ياكى رومان يېزىش كېرەك.
ھازىرچە قەلەم قۇۋۋىتىمنى ئاشۇرۇۋالاي
دەمسىز؟ ياق - ياق! بۇ قارىشىڭىز پۈتۈن-
لەي خاتا! قەلەم قۇۋۋىتى دېگەن يېزىش
جەريانىدا ئاشىدىغان نەرسە. ئەگەر ۋەقە-
لىك تاپالمىسىڭىز مەندە يېزىشقا چولام
تەگمەي، قورسىقىمدا سېسىپ كەتكەن
نى - نى ۋەقەلىك بار، ئۇكا. شۇنىڭدىن
بىرەرنى ئالالاپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياشلىق
دېگەندە قاملاشسىدۇ - قاملاشمىسىدۇ يېزىۋې-
لىش كېرەك. مانا ئۆزۈمنى ئالسام، سىز-
دەك ۋاقتىمدا ئۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى يې-
زىۋەتكەن، — غىياس سۆزلىگەچ يەنە بىر
رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ئەمدى ئۇ خېلىلا
تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئاستىدىكى ئورۇن-
دۇقمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ «غىچ -
غىچ» قىلىپ ئويان - بۇيان تەۋرىنەتتى، —
ھە، شۇنداق قىلىپ، مەن ھازىرغىچە
ئۆتكەندە سىزگە دېگەندەك ئىككى پارچە
رومان، تۆت - بەش پارچە پوۋېست، ئەل-
لىك - ئاتمىش پارچە ھېكايە پۈتكۈزدۈم،
ئۇكا. شېئىر دېگەننىڭغۇ سانىغىچىلىكى
يوق بىر نەرسە ئۇنىڭ. ئەمما، ئۇنىمۇ
ئانچە - مۇنچە يېزىپ قويىمەن. ھە، رو-
مانىڭىزنى بىرەر نەشرىياتقا بەردىڭىزمۇ
دەمسىز؟ بۇنى بىر دېمەڭ، ئۇكا. بىر پار-
چە رومانىمنى بىر نەشرىياتقا بېرىۋىدىم،
توپپتوغرا ئىككى يىلدىن كېيىن قايتۇرۇ-
ۋەتتى. قارىسام، «بۇنىڭدا نېمە دېمەكچى
بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن»
دەپ پىكىر يېزىشىپتۇ. ئۇكا، ئۇلارنىڭ
سەۋىيىسى شۇنچىلىك تۇرسا، نېمىنى چۈ-
شەنمەكچى ئىدى، مېنىڭ رومانىمنى ھا-
زىرقىلار چۈشەنمىسە، كەلگۈسىدىكىلەر چۈ-
شىنىدۇ! دېگەندەك كېيىن رومانىمنى باش-
قا بىر نەشرىياتقا يوللىدىم. قاراڭ ئۇكا،
«ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت»
ئۇ نەشرىياتتىمۇ مېنىڭ رومانىمغا چىشى
پاتقۇدەك بىرەر تەھرىر يوق ئوخشايدۇ.
قانداق دەمسىز؟ ئۇلارمۇ ئىلگىرىكى نەش-
رىياتنىڭ پىكرىدەك بىر توقام بىر نەرسە
يېزىپ رومانىمنى قايتۇرۇۋەتتى. شۇنداق
قىلىپ، ئۇ رومانىم كەلگۈسىدىكى كىتاب-
خانلىرىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ئۇكا، راستىنى
ئېيتسام، مېنىڭ ئۇ رومانىمنى نەشر قى-
لىدىغان بولسا ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا بىر
بۆسۈش، بىر نامايەندە بولاتتى. ھەي...—
غىياس سۆزىنى توختىتىپ، بوشىغان
رومكىلارغا ھاراق قۇيدى. ئۇنىڭ قوللىرى
ئۆز قوماندانلىقىغا بويسۇنمايۋاتاتتى، — ھە،
شۇنداق قىلىپ، ماۋۇ رومكىلارنى كۆتۈرۈ-
ۋېتەيلى. قېنى ئەمىسە، ئىچتۇق! سىزدەك
ئىززەتلىك مېھماننى تاپقاندا قانغۇچە ئى-
چمىز ئۇكا. ھە، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.
شۇنداق قىلىپ، پوۋېستىمدىن بىر - ئىككىنى
ئۇ يەر بۇ يەرگىمۇ ئەۋەتتىم، ئەمما ئۇ-
نىڭدىمۇ پەشۋا يېدىم. قارا نىيەت تەھ-
رىرلەرنىڭ تۈپەيلىدىن ئەسەرلىرىم كىتاب-
خانلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. يېقىندا

بىر پوۋېستە يازدىم. ئۇمۇ ئالدىنقىلىرىغا
ئوخشاش ياخشى پوۋېست بولدى. قانداق
ۋەقەلىك دەمسىز؟ ھە، بىر خۇشامەتچىنىڭ
رەزىل مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆز
باشلىقىغا نۇرغۇن قېتىم خۇشامەت قىلىپ،
مېھمان قىلغانلىقى، ئاخىردا ئۆز مۇددى-
ئاسىغا يېتەلمەي قاتتىق ھەسرەت چېكىپ،
پۇشايمان يېگەنلىكى يېزىلغان دەگا.
ھېلىقى ھاشىموپ دېگەن قېرىغا كۆرسە-
تىۋېدىم، نېمە دەيدۇ دېمەمسىز: «بۇ پو-
ۋېست بولماپتۇ، بەلكى قىسقىبىر ھېكايى-
نىڭ ۋەقەلىكىكەن، ھېكايە قىلسىڭىز بول-
غۇدەك» دەيدۇ ئۇ قېرى. پوۋېست دەپ
يازغان نەرسىنى ھېكايە دەپ ئۆزگەرتىشكە
قاپاقباش ئەمەستە مەن! بۇ خۇددى بۈر-
كۈتنى چۈجە دەپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى
يەرگە ئۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەسىرىم
جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم خۇشامەتچى-
لەرگە ئۇرۇلغان قامچا ئىدى، قامچا! ھە،
شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ خۇشامەتچىلىكنى
ياقتۇرمايدىغان بىر خۇيۇم بار، ئۇكا. خۇ-
شامەتچىلىك دېگەن ئەڭ ئىپلاس، رەزىل
ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى قاراڭ. بىز-
لىدەك ئادەملەر ئۈچۈن ئۇنداق پەسكەش-
لىكلەرنى قىلىش ئەمەس، بىرەرسىنىڭ بىر-
سىگە خۇشامەتچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ
قالغۇدەك بولساق نەپرەتلىنىپ، تۈكۈرۈپ
ئۆتۈپ كېتىمىز، ئۇكا. ھە، شۇنداق قىلىپ،
قالغان پوۋېستلىرىممۇ توپا بېسىپ ياتىدۇ.
نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ ئۇ يەر-بۇ يەرگە
ئەۋەتسەم قاپاقباش تەھرىرلەر قايتۇرۇۋەت-
تى. قاراڭ ئۇكا، بەزىدە ئاشۇنداق دۆت
تەھرىرلەر بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا
توغرا كېلىدىكەن. قانداق دەمسىز؟ مېنىڭ
بىر پارچە شېئىرىمنى يەرلىك ژۇرنالدىن
قايتۇرۇۋېتىشتى. بۇنى كۆرۈپ شۇنداق
ئاچچىقىم كەلدى دەگا. ئادەتتىكى مەز-
مۇندىكى شېئىر بولسىمغۇ مەيلىدى، لې-
كىن، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرۈپ يازغانى-
دىم دەگا. شۇنىڭ بىلەن تەھرىر بۆلۈمى-
گە بېرىپ شېئىرىمنى قايتۇرغان تەھرىر-
نى تېپىپ تازا تىللىدىم. ئارقىدىن
شېئىرىمنى كۆتۈرۈپ تەشۋىقات بۆلۈمى-
دىكى بىر دوستۇمنىڭ يېنىغا ئاپاردىم ۋە
شۇ تەھرىر ئۈستىدىن راسا شىكايەت قىل-
دىم. دوستۇم ئۇ شېئىرىمنى ئېلىپ قال-
دى. ئاردىن ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتكەندە
ژۇرنالدا كۆردۈم. شۇغىنىسى، نۇرغۇن يەر-
لىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. كېيىن مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدا يېزىلغان ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا ئاشۇ
شېئىرىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى قاراڭ. قايسى
دەرىجىگە دەمسىز؟ رىغبەتلەندۈرۈش مۇ-
كاپاتىغا مۇيەسسەر بولدۇم، ئۇكا. ھە،
گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمىز. قېنى،
ئىچىشەيلى، — غىياس بوشىغان رومكىلار-
غا ھاراق قۇيدى، — ھوي، نېمە ئىش
بۇ؟ ياراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا
ھاراقمۇ تۈگەي دەپ قاپتۇ. مۇشۇنداق
كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلاردا ئىچىپ كېتىمىز-
دە، ھاراق دېگەننى! ھە، ماۋۇ كالۋالىقىم-
نى قاراڭ، مۇھىم بىر ئىشنى سورىماپتى-
مەن، ھە، سىز ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولدى-
ڭىزمۇ-يا؟ ياق دەمسىز؟ ھە، بوپتۇ. لې-
كىن تۇرمۇش مەسىلىسىنىمۇ ئويلىنىش
كېرەك، ئۇكا. دۇنيادىكى جانۇ-جانىۋارلار-
مۇ جۈپ بولۇپ ئۆتىدىغۇ! بىز ئادەم. يە-
نە كېلىپ ھېسسىياتىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدى-
غان ئادەملەر! ھە، سىزنىڭ بىرەر يەردىن
لايىقىڭىز بارمۇ؟ يوق دەمسىز؟ ھە، بوپ-

تۇ. لايىق دېگەن تولا گەپ، ئۇكا، ــ
غىياس بىر پەس سۆزدىن توختىدى. ئۇ-
نىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، نېمىنىدۇر بىر
نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ــ
ھە، شۇنداق قىلىپ، بىزمۇ ئاكا ـ ئۇكىلار ـ
دەك بولۇپ قالدۇق. بىرسى ـ بىرسىمىزنىڭ
دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولمىساق
بولمايدۇ. مەن گەپ يوشۇرمايدىغان، كى-
شىگە يامانلىق قىلمايدىغان، ئاق كۆڭۈل،
كەڭ قورساق ئادەم. سىزنىڭ تۇرمۇش
ئىشىڭىزنى ئويلىشىم كېرەك. ھە، شۇنداق
قىلىپ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى دەي: مېنىڭ
ئاچامنىڭ بىر قىزى بار، ئۇمۇ تېخى يات-
لىق بولمىدى. ئۇ قىز تولىمۇ كېلىشكەن،
مۇلايىم، ئەخلاقلىق قىز بولىدى دەڭا!
بۇ يىل يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈت-
تۈردى. ھازىر قايسى بىر باغۋەنچىلىك
مەيدانىدا ئىشلەيدۇ. مانا، سىزگە لايىق
ئىزدەپ نەگە باراتتۇق؟ لايىق دېگەن
شۇ ئەمەسمۇ؟! ھە، شۇنداق قىلىپ ئۇ قىز
بىلەن تويىڭىزنى قىلىپ قويساق، بەخت-
لىك ئائىلە قۇرۇپ، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك
تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟!ــ
غىياس خىلىلا ئېغىرلىشىپ قالغانىدى.
بوينى كېسەل تەگكەن توخۇنىڭ بويىنى-
دەك پەسكە ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ
شەپكىسى پەسكە چۈشۈپ، تېخى بايىلا
ئۆزى تۆكۈۋەتكەن سەينىڭ ئۈستىگە چۈش-
تى. مەن ئۇنىڭ شەپكىسىنى ئېلىپ، بىر
قۇر قېقىشتۇرغاندىن كېيىن، بېشىغا كىي-
دۈرۈپ قويدۇم. غىياس قوللىرىنى تەستە
سوزۇپ پىيالىنى ئالدى ـ دە، سوۋۇپ قال-
غان چايدىن ئىككى ـ ئۈچ يۇتۇم ئىچىۋ-
ۋەتتى، ــ ھە، شۇنداق قىلىپ، گېپىمىز
نەگە كەلگەنتى؟ ھە، سىزنىڭ تۇرمۇش
ئىشىڭىزغا كەلگەن. دېمەك، ئۇ قىز شۇن-
داق چىرايلىق، كاساپەتكە كېچە ـ كۈن-
دۈز قاراپ ئولتۇرسىڭىزمۇ قانمايسىز ـ دە!
ھى...ھى...ھى!... شۇنداق قىلايلى، سىز
ئۇ قىز بىلەن توي قىلىڭ! ھەممە ئىشى-
ڭىزنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. ھە. شۇنداق
قىلىپ، ماۋۇ ئەقلىمنى قاراڭ، تاس قاپتى-
مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىمىغىلى. قاي-
سى ئىشنى دەمسىز؟ ھە، ھېلىقى ھېكايەڭ-
نى، تېخى كۆرمىدىم دەمسىز؟ ھەي ئۇكا،
ماۋۇ ئىشىڭىز قاملاشماپتۇ. ھەرقانچە زو-
رۇر ئىشىڭىز بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ،
بىزنىڭ ئىشىمىزنى قىلسىڭىز ياخشى بولات-
تى ـ دە! ھېلىقى كۈنى سىزگە دېگەنىدەك
ئۇ ھېكايىغا كۈچ كەتمەيدۇ، ئۇ ھېكا-
يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن يازغان دەڭا.
مېنىڭ بىر ئادىتىم بار، يازغان نەرسىلە-
رىمنى شەھىرىمىزدىكى ھېلىقى قاسىم دېگەن
يازغۇچىغا كۆرسىتىمەن. ئۇمۇ دەسلەپتە
ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تۈزىتىپ بېرەتتى، ھا-
زىر: «ياخشى بوپتۇ» دەيدىغان بولدى.
قاسىم كىچىك ئادەم ئەمەس جۇمۇ! ھې-
كايە دېگەننى كارامەت ياخشى يازىدىغان
نەرسە ئۇ. شۇڭا، ئاشۇنداق ئاتاغلىق ياز-
غۇچىلار تەستىقلىغان، باش لىڭشىتقان
نەرسىلەر ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ. شۇنداق
قىلىپ، تېزرەك قولدىن چىقىرىۋېتىڭ، ئۇ-
كا. كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن.
ھە، يىغىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى بۇ ئول-
تۇرۇشىمىزمۇ ئاشۇ ھېكايە ھەققىدە پاراڭ-
لىشىش ئۈچۈن ئىدى. بوپتۇ، ئاساسىي
مەقسەتكە يېتەلمەپتۇق، لېكىن شۇنداقتى-
مۇ يەنە بىر مۇھىم ئىشنى توغرىلىۋالدۇق.
قايسى ئىشنى دەمسىز؟ سىزنىڭ توي ئىشى-
ڭىزنى ھە، شۇنداق قىلىپ، پات ـ يېقىندا

ئۇ قىز بىلەن توي قىلىۋالىسىز. شېرىن كېچىلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈسىز... ھى... ھى... ھى... ئۇكا، تېزرەك بىر تەرەپ قىلىڭ جۇمۇ! ياق ـ ياق، توي ئىشىنى دېمىدىم. ھە، ھە، ئۇمىغۇ مۇھىم ئىش. ئالدى بىلەن ھېلىقى ھېكايەمنى گېزىت يۈزىدە كۆرەي. ئاندىن توي ئىشى دېگەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا توغرىلىنىدىغان ئىش. شۇنداق قىلىپ، ھاراقمۇ تۈگىدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. سورۇنىمىزنى يېغىشتۇرساق قانداق؟ ھە، چۈپچۈللا بولۇپ قالدى. رەنجىمەڭ ئۇكا. سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن. ھېكايەمنى چىقارسىڭىزلا...ھى... ھى... ھى... — ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قاتتىق يېپىشىۋالغانلىقىغا قارىماي تېزلا خوشلاشتىم.

3

كەچ كۈزنىڭ سوغۇقى گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرنى ياپرىقىدىن ئايرىغان ۋاقىتتا ئىككى ئايلىق بالنىتسىدا يېتىش ۋاقتىم ئاخىرلاشتى. ئەمدى دوختۇرلارنىڭ پىكرى بويىچە خىزمەتكە چۈشسەم بولاتتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قىشلىق كېيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماگىزىنلارنى ئارىلىدىم. كېيىملەرنى ئېلىپ بولغاندا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدىم ـ دە، دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا كىردىم. ئاشخانا ئىچى خېرىدارلار بىلەن تولغانىدى. مەن بىرەر كىشىلىك ئورۇن تېپىش ئۈچۈن ئۇيان ـ بۇيان قارىدىم. قېرىشقاندەك بىرەر بوش ئورۇنمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇداغا شۈكرى، كىمدۇر بىرى تامىقىنى يەپ بولۇپ تۇرۇۋېدى، دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇردۇم. تۇساتتىن ئارقا تەرىپىمدىكى ئىككى ئادەمنىڭ قىلىشىۋاتقان پارىڭى دىققىتىمنى تارتتى.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، پەرھات دېگەن بىر نېمىنىڭ ئورنىدا مەن ئىشلەۋاتىمەن، دەڭ.

بۇ غىياسنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن ئارقامغا قىيا بۇرۇلۇپ، يەنە بىر ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ، مېنىڭ خىزمەتدىشىم سەمەت ئىدى. ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا پەقەت مۇشتۇم پاتقۇدەكلا ئارىلىق بار ئىدى. سەل دىققەت قىلمىساق، بىر ـ بىرىمىزنىڭ دۈمبىمىز تېگىشىپ كېتەتتى.

— ھەئە، پەرھات كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى سەمەت.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئۇكا. سىز دېگەن پەرھاتتىن بىر قانچە ئىشتانىنى ئۇشۇق كىيگەن. تەھرىرلىك تەجرىبىڭىزمۇ مول. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەرھاتتىن مىڭ ھەسسە قابىلىيەتلىك سىز! توۋا، جاھاننىڭ ئىشلىرى سىزىق بولىدىكەن، ئۇكا. پۈتۈن بىر گېزىتنىڭ ئەدەبىي بەت تەھرىرلىكىنى نەدىكى بىر سويمەك ئىشلىسە قانداق بولغىنى؟! پەرھات دېگەن نان كۆچۈكىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىرنېمىكەن قاراڭ. ئۆتكەن قېتىم بىر پارچە ھېكايە ئەكىرسەم «كۆرۈپ باقايلى» دەيدۇ. ھازىرغىچە گېزىت يۈزىدە كۆرمىدىم. ئۇ ھېكايەم گېزىتكە بېسىلىپ كەتسە سىلىنىڭ گېزىتنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۆسەتـ

تى دەگا. ئۇ دېگەن تولىمۇ ياخشى ھېكا-
يە ئىدى. مەن دېگەن ئۇنداق «سىياھ پە-
لەك» بىرنېمىلەرنى يېزىشنى ياقتۇرماي-
مەن، ئۇنداق نەرسىلەرنى يېزىشقا قولۇممۇ
بارمايدۇ. قاراڭ ئۇكا، بىزدەك ئادەملەر-
نىڭ تەلەپ ـ ئىلتىجالىرىنى ئاللا بىجا
كەلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي
بەدىنىڭ تەھرىرلىكىدىن چىقىپ كېتىشىنى،
سىزدەك بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىش-
لىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. مانا ئەمدى،
بۇ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىم ئورۇندالدى. پەرھات
دوختۇرخانىدا ياتتى. تېخى بىزنىڭ ئازا-
يەمىز تۈتۈپ جەھەننەمگە ... ھى... ھى...
ھى... ھە، ئۇكا، بىز خېلى يېقىن تونۇش-
لاردىن بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن يۈرە-
كىمدىكى ھەرقانداق گەپنى دەۋېرىمەن
جۇمۇ سىزگە. ھە، قېنى، كۆتۈرەيلى. تار-
تىنماي ئىلىڭا. ھە، ئۇكا. مۇنداق بىر
گەپ: يېقىندا بىر پارچە ھېكايە يازغانى-
دىم. سىزنىڭ پەرھاتنىڭ ئورنىغا كىرگەنـ
لىكىڭىزنى ئويلاپ ئۆز قولۇم بىلەن سىز-
گە بېرەي دېگەنىدىم. مانا، بۇ ھېكايە تو-
لىمۇ ياخشى يېزىلغان. نەچچە ۋاقىتتىن
بېرى يازغان ھېكايىلىرىمنىڭ ئالدى دە-
گا. بۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى كۆپ ياز-
غانمەن، لېكىن ماۋۇسى ھەممىدىن ياخشى.
بىر كۆرۈپ بېقىپ گېزىتتە ئېلان قىلى-
ۋەتسىڭىز. ھە، سىزمۇ پەرھاتتەك: «بۇ
ھېكايىدە ھېكايە تۈسى يوق، قالسا» دەپ
تەستىق سېلىۋەتمەڭ جۇمۇ يەنە! ھى...
ھى... ھى...

مەن غىياسنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
ئولتۇرۇپ، ئالدىمغا كەلگەن تاماقنىمۇ
ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ھېكايەمنى
ئېلان قىلىۋېتىڭ، ئۇكا. بۇ ھېكايەمنىڭ
تىلىمۇ تاۋلانغان، پىشقان ھېكايە. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، بۇ ھېكايەمنى ھېلىقى ئاتاقلىق
يازغۇچى ماخمۇت بىر قېتىم كۆرگەن. ھە،
بۇ ھېكايەمنىڭ مەزمۇنىمۇ ناھايىتى چوڭ-
قۇر. بۇنداق مەزمۇندىكى ھېكايىنى ھېچ-
قانداق يازغۇچى يازمىغان. بۇنىڭدا بىر
ئۆزگىرىشچان ئادەمنىڭ تىپى يارىتىلغان،
دەڭا!

غىياسنىڭ سۆزىدىن كۈلۈۋېتىشكە
تاسلا قالدىم. چىڭقاپ كەلگەن كۈلكەم-
نى زورىغا بېسىپ، ئۇنىڭ يەنە قانداق
گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىدىغانلىقىنى كۈتتۈم.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئايالىم يامانلاپ
كەتكەن دەڭ! ھە، ئادەم دېگەن بىر
ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇۋەرسىمۇ زېرىكىپ
قالىدۇ، ئۇكا. ھەربىر ئايالنىڭ خۇلقى-
مىجەزى ئوخشاش بولمايدۇ ئەمەسمۇ! بە-
زىلىرى ئۇتتەك يۈرەكنى مۇزلاتسا، بەزى-
لىرى مۇزدەك يۈرەكنى ئىللىتىدۇ. ھە، شۇنداق
قىلىپ، ئايالىڭىزنى قويۇۋېتىڭ، ئۇكا. بې-
شىڭىز ساقىيىدۇ. يەنە كېلىپ، سىزدەك،
بىزدەك ئادەملەر ئۈچۈن ناز ـ جىلۋىلىك،
كېلىشكەن ئايال بولمىسا بولمايدۇ. كۆرۈم-
سىز ئاياللار ئىناۋىتىمىزگە تەسىر يەتكۈ-
زىدۇ. بۇنىمۇ ئويلاش كېرەك. نەھايەت بىر
بالىڭىز بارىكەن. ئۇنىڭ كارى چاغلىق.
ھە، شۇنداق قىلىپ، خوتۇن ئېلىشتىن غەم
قىلماڭ. شەھەر دېگەندە نى ـ نى چىراي-
لىق قىزلار بار. شۇنىڭدىن بىرەرنى ئالسىز.
ھە راست، ئىككىمىز يېقىن تونۇشلاردىن
بولۇپ قالدۇق. سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز مې-
نىڭ خۇشاللىقىم ئەمەسمۇ؟ ھە، مېنىڭ
ئاچامنىڭ بىر قىزى بار. ئۇ تولىمۇ چى-
رايلىق قىز. بولمىسا شۇنىڭ بىلەن توي

(داۋامى 107 ـ بەتتە)

# تەرمە گۈللەر

ئابدۇكېرىم ھاشىم

## گۈللۈكتە

(ھېكايە)

شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا ئەتراپى تۆمۈر رېشاتكا بىلەن قاشالانغان ناھايىتى كۆركەم بىر گۈللۈك بار ئىدى. باھار كېلىشى بىلەنلا گۈللۈكتە ھەرخىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، ئۆتكەن - كەچكەن كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتاتتى، گۈللۈككە كېلىپ تاماشا قىلىدىغانلار، گۈللەر ئارىسىدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈدىغانلار ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆكسۈمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا بويۇنلىرىغا رەسىم ئاپپاراتلىرىنى ئېسىۋالغان سۈرەتچىلەر بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار خېرىدارلارنى بىر - بىردىن قىزغىنىپ بەس - بەستە ئۆز يېنىغا تارتىشاتتى. شۇنداقتىمۇ گۈللۈكتە سۈرەتكە چۈشۈدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، سۈرەتچىلەر ھەرھالدا خېرىدارسىز قالمايتتى. ئادەملەرنىڭ گۈللەر ئارىسىدىكى چىرايلىق سىماسى، سۈرەتچىلەرنىڭ ئاپپاراتىنى توغرىلاپ سۈرەتكە تارتىۋاتقان چاغدىكى ھەرخىل ھالەتلىرى ئاجايىپ قىزىقارلىق مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، گۈللۈكنى تېخىمۇ جانلاندۇراتتى.

ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سۈرەتچىلەرنىڭ ئوقەتى تازا ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان مەزگىلدە سۈرەتچىلەر ئۈچۈن بىر كۆشەندە چىقىپ قالدى. گۈللۈكنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىمام ئىسىملىك گۈلچى: «گۈللەرنى نابۇت قىلىۋېتىسىلەر» دېگەننى باھانە قىلىپ، سۈرەتچىلەرنىمۇ، سۈرەتكە چۈشكۈچىلەرنىمۇ گۈللۈك ئىچىگە زادىلا يولاتمىدى. سۈرەتچىلەر گۈلچى ئىمامغا ھەرخىل ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ يالۋۇرۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بىكارغا كەتتى. سۈرەتچىلەر گۈللۈك ئىچىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، قېرىشقاندەك سۈرەتكە چۈشكۈچىلەرمۇ بىردىنلا سېلىكىپ، سۈرەتچىلەر كۆپ ھاللاردا ئايلانما رېشاتكىنى يۆلەپ ئەسنەپ ئولتۇرۇشىدىغان، ناگان - ناگاندا كېلىپ قالىدىغان خېرىدارلارنى تالىشىپ، بىر - بىرى

گە ھۇرپىيىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئەنە، شۇ سۈرەتچىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا بوي، سەپكىن يۈز كەلگەن رۇسۇل ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئىنتايىن ئىتتىك، پۇت-قولى ئالاھىدە چاققان بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى «رۇسۇل ئۇسسۇل» دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. رۇسۇلنىڭ ئاشۇنداق چاققانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ خېلى كۈنلەردىن بېرى سۇسلىشىپ قالغان ئوقىتى بىردىنلا جانلىنىپ، ئەتراپتىكى باشقا سۈرەتچىلەرنى ھەيران قالدۇردى. رۇسۇل بولسا ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن چاققان چىقىپ، گۆلچى ئىمامنى قولغا چۈشۈرگىنى ئۈچۈن، خۇددى شەھەرنى ئۇتتۇۋالغاندەك كىدىيىپ، ئوقىتىنى قىلىۋەردى، لېكىن بۇ ئىشمۇ سەۋەبسىز بولمىغانىدى.

بىر كۈنى رۇسۇل ئوقىتىنىڭ زادىلا يۈرۈشمەيۋاتلىقىدىن زارلىنىپ ئىمامغا ھال ئېيتتى. ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى. ئىمام، رۇسۇلنىڭ ئۆزىگە سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ بولغانىدى.

— گۆللۈككە كىرىپ سۈرەت تارتىشىڭ ئۈچۈن ئايدا ماڭا قانچە پۇل بېرىسەن؟ — سورىدى ئىمام.

— 30 يۈەن.

— كەم بولار، ئىنساپ بىلەنراق بىر نەرسە دېمەمسەن!

— ئايدا شاراقلاپ تۇرىدىغان پۇلدىن ئوتتۇزنى ئالساڭ بولمىدىمۇ؟...

— گەپىڭ راستىنى قىلاي، رۇسۇل، 50 يۈەندىن بىر پۇڭ كەم بەرسەڭ گۆللۈككە كىرىمەن دەپ خىيال چاغلىما.

— بوپتۇ، چىدىماس، بەرسەم بەردىم، رۇسۇل چاققانلىق بىلەن تۆش يانـ
چۆقىغا قول سالدى. چۈنكى ئۇ ئىمامنىڭ دېگىنىگە كۆنمىسە، ئۇبدانلا تاپاۋەت قىلغىلى بولىدىغان گۆللۈكتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. — ماڭا ئالە، ساڭا ئاش بولسۇن، گۆللەپ كېتەرسەن...

شۇ كۈندىن تارتىپ گۆللۈك رۇسۇلنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، تاپاۋىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىشقا باشلىدى.

— يوقال! — دەيتتى رۇسۇل گۆللۈككە قەدەم باسقان باشقا سۈرەتچىلەرگە، — مەن بۇ گۆللۈكنى سېتىۋالغان، بىر تال چۆپى ئۈچۈن پالان تەڭگە تۆلەيمەن!

دەرۋەقە ئىشمۇ شۇنداق بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، رۇسۇلنىڭ خېرىدارلىرى ئالاھىدە كۆپىيىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان بىرنەچچەيلەننىڭ گۆللۈك ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئەرۋاھى ئۇچۇپ، سەپكىنلىك يۈزى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كەتتى.

— قانداق دەلتە نېمىسەن، — ۋارقىرىدى رۇسۇل، قولىدا يېپيېڭى سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى كۆتۈرۈۋالغان 50 ياشلار چامىسىدىكى ئاق چاچلىق ئادەمگە قاراپ، — چىقىشە گۆللۈكتىن!

باش-ئايىغى يوق دەشنەمنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزگەن ئاق چاچلىق كىشى ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟...

— نېمە دەيتتىم، — رۇسۇل ئەسەبىيلىك بىلەن گەپىنىڭ بېشىغا تەپتى، — مەن بۇ گۆللۈكنىڭ خوجايىنى، مەندىن رۇخسەتسىز باشقا ھېچقانـ

داق سۇرەتچى كىرەلمەيدۇ بۇ يەرگە، سىزمۇ كەشىڭىزنى تېز توغرىلاڭ، بولمىسا ئاپپاراتىڭىزنى تارتىۋالىمەن، ئاياغ ئاستىڭىزدا چەيلەنگەن ھەر بىر مايسىنى ھېسابلاپ پۇل ئالىمەن.

— ئازراق تەخىر قىلىڭ، — دېدى ئاق چاچلىق كىشى مۇلايىملىق بىلەن، — گۈل پەسلى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، مۇنۇ ئوغلۇم ئۇرۇمچىدە ئوقۇيدۇ، ئايرىلىش ئالدىدا خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى دېگەنىدۇق، رۇخسەت قىلسىڭىز...

— ۋاي - ۋۇي، بۇنداق شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ كېكىرىپ كەتكەنمەن، مەنمۇ مۇشۇ گۈللۈكتە ئوقەت قىلىۋاتقىنىم ئۈچۈن ھېلىقى ئىمامغا خېلى كۆپ ھەق تۆلەيمەن، گۈللۈكتە باسقان ھەر بىر قەدىمىم پۇلغا كەلگەن، ئۇقتىڭىزمۇ، پۇلغا!

ئۇنداق قىلماڭ ئۇكام، بىر قېتىم چۈشۈۋالايلى، گۈل - گىياھلارغا ھەرگىز زەخمەت يەتكۈزمەيمىز، — دېدى ئاق چاچلىق كىشىنىڭ يېنىدىكى سېمىز ئايال سىپايىلىق بىلەن.

— قويۇڭ، قورۇق گېپىڭىزنى، گۈللۈكتىن چىقىپ كېتىڭلار! — رۇسۇل ئوڭ قولى بىلەن گۈللۈكنىڭ ئىشىكىنى ئىما قىلدى، — قېنى، يولۇڭلار بولسۇن.

رۇسۇلنىڭ بۇنچىلىك تەرسالىقىنى كۆرگەن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى نېمە قىلىشنى بىلمەي، تەئەججۈپ ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ھە، تۇرۇۋېرىسەنغۇ، ھەرقايسىڭغا ياخشى گەپ كار قىلمايدىغان ئوخشايدۇ، — رۇسۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى ئاپپاراتنى چاققانلىق بىلەن بويىنىغا ئاستى - دە، ئاق چاچلىق ئادەمنىڭ مۈرىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئىتتىردى، — چىقىش، ھەرقايسىڭ بىلەن دەتالاش قىلغۇدەك ۋاقتىم يوق مېنىڭ، چىقىش دەيمەن!

— نېمانداق قوپال ئادەم بۇ؟ — سېمىز ئايالنىڭ تەرى سەل تۇرۇلدى ۋە ئېتتىك ئارقىغا بۇرۇلۇپ يولدىشىغا قارىدى، — يۈرۈڭا، چىقىپ كېتەيلى...

— ھە، ئەقلىڭنى ئەمدى تاپتىڭ، تېز... رۇسۇل قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئالدىغا ئەمدىلا بىر چامدىۋېدى، گەجگىسىدىن قامالاپ تۇتقان يوغان بىر قولنىڭ كۈچى بىلەن سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن تەرىنى تۈرۈپ كەينىگە قارىدى ۋە ئۆزىگە غەزەپلىك ھومىيىپ تۇرغان ئىمامنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— ھەي بەغەرەز، — بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى ئىمام، — كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا، يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ كىمگە قول ياندۇرۇۋاتىسەن؟!

— سەن ئىشىگىنى قىل ئىمام، بۇ گۈللۈكنىڭ خوجايىنىمەن، سېنىمۇ قوشۇپ سېتىۋالغانمەن، ئەمدى تىلىڭ كۆيىدۇ سېنىڭ.

— خەپ توختا، — ئىمام رۇسۇلنىڭ گەجگىسىدىن قوللىرىنى ئاجراتتى - دە، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن گۈللۈكتىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ تېزلا يېتىشتى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇ دېدى، لېكىن ھېلىقى كىشىلەر قول ئىشارىسى ئارقىلىق ئىمامغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن كېتىپ قېلىشتى. قارىغاندا، ئۇلار بايىقى ئىشنى كۆڭلىگە ئانچە ئېلىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

ئىمام روھى چۈشكەن، مەيۈسلەنگەن ھالدا رۇسۇلنىڭ قېشىغا كەلدى، رۇسۇل ئېخىچە ھېلىقى كىشىلەر كەتكەن كوچا تەرەپكە قاراپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە گىدىيىپ تۇراتتى.

— ھەي ئەقىلسىز، — دېدى ئىمام ئىبغىزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟

— كىم بولسا بولۇۋەرسۇن. نېمە چاتاقىم مېنىڭ، ئادەم تونۇمايمەن، ماڭا كېرىكى پۇل، — ... رۇسۇل مەغرۇرلۇق بىلەن تۆش يانچۇقىنى شاپىلاقلاپ قويدى، — نېمە بولدۇڭ ئىمام، چىرايىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتىغۇ؟

— مېنىڭ ئېشىمغا توپا چاچتىڭ، — غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى ئىمام، — ھازىر سەن قوغلىۋەتكەن ئادەم يېڭىدىن سايلانغان شەھەر باشلىقى ئەمەسمۇ؟ ھەي... ئەمدى مەنمۇ، سەنمۇ ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇق، گەكسى.

— ھا...ھا... شۇ گەپمىدى، ھېلىغۇ شەھەر باشلىقىكەن، ئەۋلىيا بولسىمۇ بەردىبىر ماڭا، گۈللۈكتىن قوغلىسا سېنى قوغلايدۇ، ئورنىڭغا ساڭا ئوخشاش گولدىن بىرىنى ئەكىلىدۇ شۇ، ئۇنىڭمۇ چۆنتىكىگە 50 يۈەنني سالىمەن-دە، گۈللۈك يەنە مېنىڭ بولىدۇ. ئاپپارات قولۇمدىلا بولىدىكەن، ئۇ ۋاقىت دېگەن گۈلدەك يۈرۈشۈپ بېرىدۇ...

ئىمام بىردىنلا قاتتىق سارسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھېلىغىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان رۇسۇلدىن كۆزلىرىنى يۆتكىدى-دە، ئەتراپىدا چىرايلىق ئېچىلغان ھەرخىل گۈللەرگە قارىدى، گۈللەر ئىزغىرىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئىمامنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، پۈتلىرى گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالدا تىترەپ كەتتى. ئۇ، قەدەملىرىنى مىڭ تەستە يۆتكەپ، گۈللۈكنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىغا يۆلەندى-دە، كېسەل ئادەمنىڭكىدەك زەئىپ ئاۋازدا ئاستا غۇڭشىدى:

— ئىست گۈللۈك، ئىست ئامەت!...

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى).

---

(بېشى 103 - بەتتە)

قىلارسىز-ھە! قانداق دېدىم؟ ھې... ھې... ھې...

ئەمدى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ چەگ-قاپ كەلگەن كۆلكەمنى توسۇۋالالمىدىم. كۆلكەمدىن ھەيران قېلىشقان خېرىدارلار ماڭا قاراشتى. سەمەتنىڭ ئارقىسىغا قارىشى بىلەن مېنىڭ ئارقامغا قارىشىم تەڭ كېلىپ قالدى.

— ھوي پەرھات، سىزمىدىڭىز، قانداق ئەھۋالىڭىز، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى سەمەت ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ.

— يامان ئەمەس، — دېدىم مەن سەمەتكە قولۇمنى ئۇزاتقاچ كۆلكەمنى توختىتىپ.

— ھە، سىز... غىياس ماڭا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى، كېيىن چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ دومسايدى.

— ھە، غىياس ئاكا، سالامەتمۇسىز؟ — دېدىم مەن غىياسقا.

— ھە، ھە... سالامەت.

— پەرھات، ھەر نېمە بولسا ساقىيىپ قاپسىز. قاچان خىزمەتكە چۈشىسىز؟ — سورىدى سەمەت.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئەتىدىن باشلاپ.

— ھە، ئوبدان بوپتۇ. دادام ئېغىر كېسەل ئىكەن، يوقلىغىلى يېزىغا باراي دەپ تۇراتتىم، ئوبدان بوپتۇ، كېلىڭ. بىردەم بىللە ئولتۇرايلى.

— خوش، مەن قايتاي، ئازراق ئىشىم بار ئىدى. ماقۇل ئەمىسە، غىياس ئاكا.

— ھە... بۇ... بۇ... — غىياس قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى گۇدۇڭشىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

تاھر قاسم

## كونا ئۆتەڭ ھالسرايدۇ كېچىدە

ئۇپۇق بلەن گرەلەشكەن كەڭ دالا
خرەلشپ قالدى گۇگۇم ئچىدە.
كونا ئۆتەڭ ياتار بۇندا ھالسراپ،
يولۇچسز چغر يولنڭ چېتىدە.

پەرۋازىمۇ جممپ ئۇچار قۇشلارنڭ،
غايىب بولدى ئۆتكۈنچلەر شەپسى.
مۇگدەك باسقان قېرى توغراق تۈۋىدە،
يېتىمسراپ قالدى بوۋاي كەپسى.

يىراق كۆكتە چىمرلشپ يۇلتۇزلار،
كۆز قسىدۇ ئاڭا سوغۇق يالترا‌پ.
تەلمۈرىدۇ بوۋاي ئۈنسز-تىنىمسز،
يولۇچلار شەپسگە قايتىلاپ.

تەنھالىقتا ئۆتمۈشنى ئەسكە ئېلپ،
مۇڭ ئلكدە پىچرلايدۇ خىيالچان.
بۇندا ئۆتكەن جۇشقۇن ھايات قاينمى
كۆز ئالدىدا بولۇپ بىر-بىر نامايان...

كېلپ ئۇ چاغ يىراقلاردىن كارۋانلار
تۈنەر ئىدى كېچلەردە خىرامان.
بوۋاي كۆڭلى ھەر دەقىقە شادلىنپ،
ياشار ئىدى بۇندا غەمسز، بىئارمان.

ئۇزاپ كەتسە ئۆركەش ياساپ تۆگلەر،
قالار ئىدى كولدورمىلار ئاۋازى.
چاڭ كەلتۈرۈپ ئورمانلارنى ھەر نەپەس،
تىنجىمايتتى كۈيچى قۇشلار پەرۋازى...

بىراق بۈگۈن ھايات شامى ئۆچكەندەك،
مۇڭغا چۆكۈپ قالدى ئەجەب ھەممە ياق.
ئۇيقۇسىراپ كەتكەن قېرى توغراقلار،
تۆكەر ئاستا شىلدىرلىتىپ يوپۇرماق.

ئورمانلارنى قاپلاپ قارا تۇمانلار،
غۇۋا بولۇپ قالدى يېقىن-يىراقمۇ.
بۇزۇپ بوۋاي خىيالىنى تەشۋىشتە،
ئۆچۈپ قالدى كەپىدىكى چىراغمۇ.

تەشۋىشنى تۈن قوينىغا قالدۇرۇپ،
ئالدى بوۋاي ھاسىسىنى قولىغا.
يىراق كۆكتە چاقناپ قۇتۇپ يۇلتۇزى،
نۇر سەپكەندەك بولدى ئۇنىڭ يولىغا.

ئۈمىد ئۇنى پەرىشتىدەك يېتەكلەپ،
سىڭىپ كەتتى نۇر ئىچىگە كېچىدە.
كونا ئۆتەڭ قالدى بۇندا ھالسىراپ،
ئۆتكۈنچىسىز چىغىر يولنىڭ چېتىدە...

يې ۋېنفۇ

# ئۇلۇغ ئۇلۇشۋاش

1

بىر مىلليارد ئېغىز
تاماق يەيدۇ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق.
ھەر دەم-ھەر مىنۇت
مەجبۇرمىز چۇشۇشكە جەڭگە،
كۆرۈنمەس ئالۋاستى
ئاۋازسىزلا توۋلىغان چاغدا
«بەرماڭا! — دەپ،— تاماق! تاماق! تاماق!»

مەن ئالۋاستى، سەن ھەمدە ئۇمۇ،
ئالۋاستى ھەممىسى «تاماق» دېگەننىڭ.
ئۆزىدۇر ئالۋاستى ياشىماقلىقنىڭ.
مەن يېسەم بىر پارچە گۆشنى ناۋادا،
ئاشمايدۇ، قالمايدۇ ھېچنېمە ساڭا.
ئېچىلسا گەر مېنىڭ بۇ يوغان ئاغزىم
ۋەھىمە سالىدۇ ئۆمرۈڭگە سېنىڭ
بولۇپ ئۇ دەھشەتلىك زەربىگە توقماق.
«تاماق بەر!
تاماق بەر!
كەلتۈرگىن تاماق!»
كېلىدۇ ھەر ياندىن مۇشۇ بىر سادا.

بىر نان بىر ئادەمگە تېگىدۇ پۈتۈن،
تېگىدۇ يېرىمىدىن ئىككى ئادەمگە،
تويمايدۇ بىر نانغا بەش-ئالتە قورساق.
بىر نانغا قول سۇنسا ئۇن، يۈز ئادەم تەڭ،
تەگمەيدۇ بىر بۇردا نانمۇ ھېچكىمگە،
ھەيلى سەن قانچىلىك ئۇستىلىق قىپ باق.

مۇشۇ بىر ھېسابنى — ئاددىي ھېسابنى
زۇچۇڭجى① ئەۋلادى بۈگۈنگە قەدەر
ئىشلەپمۇ كۆرمىدى زىنھار-زادىلا
شۇڭلاشقا لىق تولدى ئادەملەر بىلەن
لىق تولدى چوڭ-كىچىك مەھەللە-كوچا،
لىق تولدى باغچە، ئۆي، ئاشخانا، مۇنچا،
لىق تولدى پاراخوت، پويىز، ئايروپىلان،
مەكتەپ ۋە ماگىزىن ھەم شىپاخانا.
ھەممە يەر مىغىلدار ئادەملەر بىلەن
قىستىشار بىر-بىرىنى، قىلماي ھېچ رەھىم،
ئالىشىپ، ھومىيىپ قارىشار ھەتتا.
بىر چەۋىن قانتىدا ئۇخلار يەتتىسى،
سەرەڭگە قېپىدا ياشار يۈزلەپ جان،
قىستاپ بىز ماركسنى چىقاردۇق تامغا،
يوق زادى چۇشۇشكە ئاڭا ھېچ ئامال.
قىستىلىپ،
مىجىلىپ بولدى خېمىردەك
ھەتتاكى كالېندار گۈزىلى-كۆرمىك
يۈرەكنى ئويناتقان ئويناق ئىلىجامال.

بەزىلەر دېيىشەر:
«جۇڭگولۇقنىڭ كۈنى ئۆكسۈلۈپ قالدى،
بويىمۇ ئۆسمەكتە قامەتلىك بولۇپ!»
ئاھ بېچارىلىق!...

① زۇچۇڭجى (420 — 500) — جەنۇب-شىمال سۇلالىلىرى دەۋرىدە، جەنۇبىي سۇلالىدە ئۆتكەن، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن ئالىم. ھېساب-ماتېماتىكا ساھەسىدە تۆھپىسى زور.

بىلسەڭ بۇ بويىمىز قىستاڭدا ئۆسكەن،
بويىمىزمۇ قىستاڭدا كەتكەن ئۈزۈرۈپ.
ئاقماقتا شۇ قىستاڭ تۇپەيلى مانا
كۆزدىن ياش، بەدەندىن تەرلەر قۇيۇلۇپ.
بۇ قەدىم قۇرۇقلۇق دۇچ كېلىپ خەتەرگە،
چۆكمەكتە سۇغا ئۇ، بەللىرى سۇنۇپ.

بىلەمسەن، پولاتتەك قانۇنىيەت بۇ:
«قىلمىغىن ھەرگىزمۇ ئارقا ئىشىك!» دەپ
ھەر كۈنى بىرىلەر نەسىھەت - تەنبىھ،
ھەر كۈنى ھەر ياڭزا يالغان سۆز قىلىپ؛
ھەر كۈنى ھېسابسىز كاپىشىپ باشقىغا،
ھەر كۈنى نەچچە رەت ۋە نەچچە قېتىم
باشقىلارنى كەسكىن تەنقىدلەر قىلىپ.
ئاندىن خۇپىيانە ئۆزىمىزنىمۇ
تەنقىدلەپ سۆزلەيمىز ئېغىز ئۇچىدا،
لېكىن بىز مەجبۇرمىز دېيىشكە مۇنداق،
«بىر بالا تاپماقتىن باشقا ئامال يوق»،
ۋە لېكىن راستىنى ئېيتساق، قەلبىمىز
ئېچىشار ھەر كۈنى ئازابلار چېكىپ.
كۆپىيىپ بارىدۇ ئادەملەر يەنە
تاپقاندىمۇ گەرچە پەقەت بىر بالا.
ۋە بەلكى خوتۇنلار بولسا ماتكىسىز
قۇتۇلۇپ كېتەرمىز بولۇپ خاتىرجەم،
بۇ بالا - قازادىن پەقەت شۇندىلا.
ناۋادا،
بىرەر چوڭ يىغىن ئېچىلغان —
بولسىدى بەختكە ئەينى چاغدىلا،
مايىنچۇ① ئەپەندىمگە بىلدۈرۈلگىنى
بولمىغان بولسىدى قايغۇ - ماتەملا؛
ۋە بەلكىم بۈگۈنكى يىغىلىشلاردا
بېشىمىزنى قاتۇرغان مۇشكۇل ئىشلارمۇ
كۆرۈلگەن بولاتتى يوق ھېسابىدىلا.

2

مەن چىقتىم
چۆجگۈن قوناق ئۇمىچى ئىچىدىن؛
ئاتمىشىنچى يىللاردا
قىرىق قۇلاق يىلتىزىدىن —
قىلىنغان نان قېتىدىن؛
ئاچارچىلىق يىللىرىدىكى
ئاچتىن ئۆلگەنلەر دۆۋىسىدىن؛
ئانامنىڭ ياۋا كۆكتات شورپىسىدىن،
ياڭيۇ، پۇرچاق ئارىسىدىن.
مىڭ جاپادا ئۆمىلەپ چىقىپ،
ئانامنىڭ
نان تىلىگەن سېۋەتنى قولتۇققا قىسىپ؛
بىر سېۋەتكە زەڭگەر شېئىرنى ئېلىپ،
بىر سېۋەتكە تەكلىكنى سېلىپ،
قەدەم باستىم مېھمانخانا، رېستورانغا،
قەدەم باستىم نەچچە ساراي ۋە ئورگانغا.
قەدەم باستىم ئاشپەزلەر ئارىسىغا،
قەدەم باستىم چوڭ - كىچىك ئاشخانىغا.
قەدەم باستىم زاۋۇتقا ھەمدە كانغا،
ئالىي مەكتەپلەرگە، ئالىي ماكانغا؛
قاتناشتىم ھەشەمەتلىك زىياپەتلەرگە،
قاتناشتىم بەزىدە ئاددىي سورۇنغا.
قاتناشتىم تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسىگە،
قاتناشتىم تويغا، ئۆلۈم نەزىرىسىگە.
بىراق
ئىچمىدىم ئۇ يەردە ئېسىل مەي - شاراب،
يېمىدىم ئۇ يەردە ئاش، مانتا... كاۋاپ.
گويا
باشقا ئالەمدىن كەلگەن كىشىدەك،
شەرەپ بىلەن چۈپەيلىك قىلىپ
تۇردۇم يۇندا تۇڭىغا قىيالماي قاراپ،
يۈرەكتە ھېسلىرىم ئۇرغىدى قايناپ.

① مايىنچۇ — ئېلىمىزدە نوپۇسنى تىزگىنلەشنى ئەڭ بالدۇر ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم.

ھەيران قالدىم،
چۈچۈپمۇ كەتتىم،
شەرقتىكى ئۇلۇغ، قەدىمي
مەدەنىيەتلىك بىر كاتتا دۆلەت
بولۇپ كەتتى زادى نېمىشقا
مۈشۈنچىلىك نامرات ۋە خاراب؟!
بەلكىم بۇ
كېسەللىك ياكى ئۇنۇتقاقلىقتۇر،
ئەمەستۇر دىۋانىلارچە قىلىق:
ئۇلار تاپسا ئىككى نان
بىرىنى چالار داپ قىلىپ.
قورسىقى تويسا ئۆزىنى ئەۋلىيا بىلىپ،
مەيدىسى قىچىشسا دۇمبىسىنى قاشلاپ،
يۈرۈشەر ھەريان چېپىپ، شاپاشلاپ،
ئۆزىنى قىيناپ كاپشىپ ـ قايىنشىپ.
نامراتلىقتا
بوپ قالسىمۇ قاقشال تاياقتەك،
قورسىقىنى دومبايتار ناسۇستا يەل بېرىپ.

راستىنلا ئاجايىپ ئىشتەيلىك ئەل بىز،
ھەر بىرىمىز ئاقىل ۋە ئالىم،
بىلىمىز ئېسىل تاماقنى بىرلا قاراپ.
ياۋا كۆكتاتلارمۇ شۇنچە كۆپ بىزدە،
تەملەر شۇنچە كۆپ، بولسىمۇ ھەرخىل
چىققىلى بولماس بىر ـ بىرلەپ ساناپ.
تاماق يېيىشمۇ پەن، مەدەنىيەت،
ئىلىمىزدە بار:
تۆت چوڭ سەي شەجەرىسى ①
داۋام قىپ كەلمەكتە قەدىمدىن بۇيان،
راۋاجلانماقتا ھەم ھەر كۈن ـ ھەر زامان،
تۈگەتمىسەك ھەممىنى يەپلا
ھېسابلانمايمىز غالىب قەھرىمان.
ناۋادا،
راسلىساق بىر جوزا تاماق،
ھوشسىزلىنار بىر قاراپ ئالەم.
تىزىلار ئۇنىڭغا مۈشۈ دۇنيادا
بارۇ يوقنىڭ بەرى تامامەن؛
يېيىش تۈگۈل
بىر قاراپ قويسا
ئون يىل ئارتۇق ياشايدۇ ئادەم.
توغرا ئېيتقان كۇڭزى شۇڭلاشقا
«يېسە ئادەم ئېسىل نەرسىنى
تۇتار دائىم ئۇنىڭ خۇمارى،
زېرىكمەيدۇ ئۇنىدىن ھېچقاچان.»
قولتۇقىدا بولسىمۇ «كاپىتال»
بىراق ماركس ياشىدى نامرات.
جۇڭگونىڭ ئېسىل تاماقلىرىنى
چۈشىدىمۇ ئۇ كۆرۈپ باقمىغان.

شېئىرىم بىلەن مەن
يۇندا تۇگمىدىن،
تۈكرۈك قاچىسىدىن
تېرىۋالدۇق مانتا، مومىنى.
ئازابلاندىم،
تاشلىغىلى قىيمىدى كۆڭلۈم،
چۈنكى تازا تارتقاچقا بىر چاغ
ئاچ ـ زارلىقنىڭ ئەلەم، دەردىنى.
چاغان ھارپىسىدا،
ئېتىزلىقتىن
يېرىم سېۋەت ياۋايى كۆتىكى قېزىپ،
بەردىم ئانامغا
چاغانلىق تاماق ئېتىپ.
ماڭا ئايان:
ئاچ ئادەم ھەممىشە يۈرەر تاتىرىپ،
ئاچ دۆلەتمۇ كېتەر سارغىيىپ.
ئازابلاندىم، تاشلىغىلى قىيالمىدىم،

① تۆت چوڭ سەي شەجەرىسى — گۇاڭدۇڭ، شەندۇڭ، خۇنەن، سىچۇەننىڭ ئۆزىگە خاس تەملىك سەيلىرى شەجەرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى، ئاچلىق دەردىنى بەك تارتقانىدىم.
قارىيالىسىدىم. تېلەمچىزورغىمۇ
قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن جايلار،
موساپىرلار لاگېرىدىكى
ئاچ - زېرىنلەر كۆرۈنگەن چاغدا.
ماڭا ئايان: ھەرقانداق ئادەم
يوقىتىدۇ ئۆز غۇرۇرىنى
ئاچلىق ئاڭا تەھدىت سالغاندا.
ھەر قانداق باي
ئويناق، يا مۇڭلۇق
كۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ؛
ئېسىل ھەممە ئەرزان ماللارنى،
ھەتتاكى ئالىيجانابلىقنىمۇ...
ئالالايدۇ تەڭگىگە سېتىپ،
ئازابلاندىم، تاشلىغىلى قىيالمىدىم،
چۈنكى، ئاچلىق دەردىنى بەك تارتقانىدىم.
مەن ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن
چىققاچقا بۈگۈنكى ئەقلىمنى تېپىپ؛
يىغىپ بارچە مانتا، مومىنى،
پاكىز يۇيۇپ
ماڭدىم لىرىكىلىق سېھۇتىمگە سېلىپ.
يىغىپ بارچە مانتا، مومىنى،
پاكىزە يۇيۇپ
دۆۋىلىدىم ئېگىز - ئېگىز تاغ قىلىپ،
ھېردەمدىلا بىر چوڭ سېرىق تاغ
پەيدا بولدى ئاشۇ مومىدىن،
شۇڭا ئۇنىڭ رەڭگىمۇ سېرىق.
ئەگرى تاغ ئەسلىدە بولغاچقا ھاسىل —
ئاق ئۇندىن،
كۆرۈنەر ئاپئاق.
بېيجىڭنىڭ ئاشقان تاماق - سەيلىرى
بەك ئېسىل - كاتتا.
شۇڭا چاچار...
شىيائىشەن تېغى ئەجەب خۇش پۇراق.
ئاشقان پىۋا، قەھۋە - شىرنىدىن
ھاسىل بولغان زەمزەمدەك بۇلاق.
قاراڭ، مانا مەن مانتا، مومىنى
يىغىپ، دۆۋىلەپ تاغ - تاغ قىلىپ،
ھەيران قالدىم ئەتراپقا بېقىپ.
پاھ!...
قايانغا باقسام ھەممە ياقتا تاغ،
جۇڭگودا نېمانچە تاغ تولا؟
تۇرىدۇ بەرى كۆككە كىرە سېلىپ.
ھە، شۇڭا كىدىيىپ تۇرغانىكەن - دە،
جومولاڭما ھەقلىق يوسۇندا
دۇنيادا ئەڭ ئېگىز چوققا ئاتىلىپ!

3

ئالدىمدا
ئولتۇراتتى بىر باھادىر يىگىت،
ئاغزىغا سېلىپ ئۇ بىر كاپام گاڭپەن.
ئۇشتۇمتۇت قاپىقى كەتتى تۈرۈلۈپ.
بىلمەس سەۋەبىنى ھەتتا خۇدامۇ،
تۆكۈۋەتتى ئاشنى دوم كۆمتۈرۈپ.
ئەپسۇسكى، ئۇ يىگىت بىر قاچا ئاشنى
تۆكۈۋەتكەن بولسىمۇ بېشىدىن ئۆرۈپ،
قويمىدى ھېچكىم زۇۋان سۈرۈپ.
ئەينى يىللاردا
بولۇشقا ئىلغار
ئۆگەنگەن لېي فېڭ، ۋاڭجېنى ئۈلگە قىلىپ.
كىمدە كىم ئەگەر
چېچىۋەتسە ئىككى تال گۈرۈچ
قىلغاچقا ئۇنى راسا سازايى
گۈرۈچنى يەم بىلەن تېرەتتى ئېلىپ.
ئەمدىچۇ؟
جا ئاكتىپلىق زادىلا ئاقماس.
جىلەڭ ئاكتىپلارمۇ
دات باسقان ئۈسكۈنىدەك
تۈرۈۋشار تېمتاس.
بىزدە ئۆگىتىلگەن ھېسسىيات

ئوخشايدۇ گويا
تولا ئۆرۈلۈپ،
ھەر يېقى كۆيۈپ،
قازاندا پىشقان قاپقارا نانغا.

ئېھ!
ئۆكمىتىلگەن ھېسسىيات
ئادەم كۆڭلىنى
تولدۇرۇدىكەن مۇڭغا، پىغانغا.
مىللىتىمنىڭ ئاڭلىقلىقى
ئىپادىلىنەر
تەپسە تەۋرىمەستەك مەھكەم تۇرۇشتا،
دۇچ كەلسىمۇ خەۋپ - خەتەر.
ئەپسۇسكى، ھېچ كىشى غىك - پىك قىلماس
قارا نىيەتلەر ئادەم ئۆلتۈرسە،
ئاپتوبۇس ئىچىدە،
شۇڭا ئېتىپ ۋەھشىيلىكى بۆرىدىن بەتتەر.
گاڭپەننى تۆكسە نېمە كارى،
ئىشمۇ ئۇ خورسىنغىدەك شۇ قەدەر؟
پەقەتلا مەن — بىچارە شائىر
چىدالماستىن،
قويدۇم ئۇنى ئازراق ساۋىداپ.
شۇ چاغدىلا
يوقلۇقىغا ھوقۇق قولۇمدا
بەك ئۆكۈندۇم، كەتتىم تىتىلداپ.
ئەگەر بولسا ھوقۇقۇم ئازراق
خۇددى لىيەنجاڭغا ئوخشاش
ئامبۇردەك قوللىرىم بىلەن
موما تاشلىغاننىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ،
يېگۈزەتتىم ئامما ئالدىدا
يۈندا تۆكمىدىن مومىنى ئالدۇرۇپ.
دەر ئىدىم ئۇنىڭغا غەزىپىم بىلەن:
«ھۇ، لامزەللە،
پومپىشچىكمۇ ئەمەستى سەندەك ئىسراپخور،
يۈرمەيتتى ئاش - تاماقنى چېچىپ.
ئەگەر سەن يەنە
چۈشۈرۈۋەتسەڭ موما ئۇۋاقلىرىنى
سەن ئىتنىڭ ئاغزىنى تارتىپ يىرىپ؛
ئۆكتىپ قويىمەن تاماقنى قانداق
يېيىشنى ساڭا ئۇنتۇلماس قىلىپ!»
ئالدىمدىكى باھادىر يىگىت
گەپكە ئېغىز ئاچتى،
بىلدىمكى، ئەنخويلۇق ئىكەن ئۇ، ھەيھات!
ئەنخوي ئەسلىدە
بىر جاي ئىدىكى، ھەممىدىن نامرات.
ھەممە يېزا، ھەممە ناھىيىلەردە
تىلەمچىلىك قىلىپ ھەر بىر ئائىلە،
ياشايتتى شۇنداق ھەر ئادەمزات.
بۇ ئىشلار قىلاتتى يۈرەكنى پارە،
ساپايى بىلەن دۇمباقنى چېلىپ،
يامغۇردەك كۆز يېشى تۆكۈپ،
قىلغان نالە - پەريات.
مانا شۇنداق ئەڭ نامرات جايدىن
چىققان بولسا چوكچى بايۋەچچە،
ئاھ، بىلەلمىدىم ھېچ
ئىنسانلار يەتكەنمىكىن ئاداققى چەككە؟!

بىر مىليارد ئېغىز
تاماق يەيدۇ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق.
شۇڭا بىزنىڭ كۈنىمىز
ماڭغاندەك گويا سىمنىڭ ئۈستىدە.
ئۆتسە بىردىن قىلچە سەۋەنلىك
پۈتۈن ئەلنى ئاچلىق ئالار ئىلكىگە.
ئادەم كۆپەيسە، ئازىيىدۇ يەر،
بۇنىڭ ئۆزى بىر قانۇنىيەت.
ئۆزگەرمەس ئۇ مەڭگۈ - مەڭگۈگە.
ئادەم كۆپەيگەچ
ئېكىنزار ئورنى بولدى بىنا - ئۆي،
بولدى ئورمانلار ۋەيران - خارابە.

يەنە تېخى تاجاۋۇزچى قوم
ئوتلاقلارنى يۇتماقتا يالماپ.
يۇتماقتىدۇر دەريا سۇلىرى
قىرغاقلارنى ئىنماستىن يالاپ.
يەنە، يەنە...
ۋاقتى كەلسە بىر كۈنى تېخى
سىغدۇرالماي قالارمىز پۈتنى
بىر ھەر قانچە كۈچىنىپ ئىتتاپ...
مۇشۇ سۆزنى يازغان چېغىمدا
ئاقتى يېشىم تارام - تاراملاپ؛
مۇشۇ سۆزنى يازغان چېغىمدا
كەتتى تېنىم تىترەپ - لاغىلداپ.
ئەسكە ئالدىم ئەجدىھانى مەن
قورقۇنچتا شۇدەم جاقىلداپ.
ئالەمدىكى ئەڭ زور بۇ جەمەت
نېچۈن زادى بولالماس خالاس
ئۆزئۆل- كېسىل بولۇشتىن خاراب؟!
بىزگە زادى قالامدۇ پەقەت
ئەجدىھانىڭ ئۆزلىرى ئەمەس
تاش ئابىدە - ئەجدىھا مىڭلاپ؟!
ئەجەب ئىش - ھە، بۇنى ئالىملار
خورسىنىشتا قويمىسا ئويلاپ...

4

شۇدەم مېنىڭ ئەقلىم ئىدى لال،
بىراق ئوي- پىكرىم ئىدى شوخ شامال...

تارتتۇق جاپا،
چەكتۇق رىيازەت،
بولماس ئۇنى بىر - بىر ھېسابلاپ.
ساۋاق نېمە؟
بىر ئويلاشقا ئادەتلەنمىگەن،
شۇڭا بۇنى قويمىدۇق ئويلاپ.
مىجىق شاپتۇل گويا يەر شارى
تۇرار ئۇندا ھەر كۈن رېئاللىق
كۆتمىگە تېپىپ،
بۇرنىمىزغا قولىنى ئىتتاپ.
بىزلەردە يوق ئەقىل ۋە ئىدراك
ۋە ياكى يوق ئىپتىخار، غۇرۇر،
شۈكرى بىلەن ياشايمىز شۇڭا
ئىككى قۇتۇپ ئارىلىقىدا
سەكراتقا چۈشكەندەك ئىنجىقلاپ.
بىزگە كاللا نېمىگە كېرەك؟
يى پالۋان ئاتقان توققۇز① قۇياشنى،
باشقۇرۇشقا بولسۇن دەپ ئۇڭاي.
كەچۈرۈڭ، بىزنىڭ تاش كاللىمىزنىڭ
بىلىدىغىنى تاماقلا، ھاي - ھاي!
شۇڭا بىز
بىر توپ مايمۇندەك
ئۆگىنىلگەن ئىما، ئىندەككە،
جاڭنى چېلىپ نېمە قىل دېسە
دەرھال شۇنى ئىجرا قىلىمىز:
يۆتكە دېسە كىيىم - كېچەكنى
ھايال قىلماي بولىمىز يۆتكەپ.
يىغلا دېسە ياكى كۈل دېسە،
يىغلايمىز يا كۈلىمىز ھەدەپ.
ئىنقىلاب قىل، دېسە شۇ ھامان
بىز چۈشىمىز مەيدانغا سەكرەپ.
كۆتۈر دېسە ئىسيان، ناۋادا،
ۋەيران قىلىمىز ھەممىنى چەيلەپ.
بىز گويا ئەركى يوق مەھبۇس،
بىز يوقاتقان ھېس - تۇيغۇمىزنى،
كەتكەن ئۇ بىردىن يىراققا چەتنەپ.

① يى پالۋان — خەنزۇ خەلق رىۋايەتلىرىدىكى پالۋانلارنىڭ بىرى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەسلىدە ئاسماندا ئون قۇياش بولۇپ، جاھان بەك ئىسسىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا يى پالۋان توققۇز قۇياشنى ئېتىۋېتىپ، بىرسىنىلا قالدۇرغانىمىش.

بىر ھەيكەلمىز ــ بۈيرۈقنىڭ قۇلى؛
تۇرىمىز پەقەت «خوش، خوش، لەببەي»
دەپ.
كۈن يۇمىلاق ياكى ياپىلاق
بولۇپ كەتسۇن كارىمىز نېمە،
كەتسە ھەتتا ئېگىزلەپ، پەسلەپ.

ئۆزىمىزنى تاپالماي يۈرسەك
كەڭ ئالەمنى ئاختۇرۇپ ـ ئىزلەپ؛
باردۇر يەنە قانداق بىرنەرسە
تىلغا ئېلىپ كەتكۈدەك سۆزلەپ؟!
بولسا مەسئۇل تىرىكلەر ئەگەر
مەدھىيىگە ــ پەقەت ماختاشقا؛
بولسا مەسئۇل ئۆلگەنلەر ئەگەر
دەرد ـ ئەلەمنى بايان قىلىشقا؛
دېمەك، بىزنىڭ تىرىكلىكىمىز
باشقىلارنىڭ تۆھپىسى ھامان.
ئەگەر ئۆلسەك باشقىلارنىڭكى ــ
سەۋەنلىكى جەزمەن، بىگۇمان.
قەلبىمىزدە پۈتۈن يەر ـ جاھان،
بولالمىدۇق ئەمما ئۆزىمىز
ئەڭ ئاخىرى ئازاد، شادىمان.
بەلكىم بىزنىڭ پېشانىمىزگە
پۈتۈلگەندۇر تەقدىردە قىسمەت:
تاماق يېيىش، تاماق يېيىشلا
ئۇزۇل ـ كېسىل، تامامەن، ئەبەتە
بىراق
مەن بۇنىڭدىن قىلىمەن نومۇس،
بۇ سۆز ماڭا تۇيۇلار بەك سەت.
چۈنكى ئەينى يىللاردا پۇقرا
خارلانغان بەك ئاچۇ ـ زار قېلىپ.
تومپايمىغان قورساق زادىلا
قىسقا بولغاچ سويامچىلىكلا،
ئۆتكەن كۈنلەر سۇ ـ پەۋا ئىچىپ.

تويغۇزىدۇ بەزىلەر قورساق
كىندىكىنى دەسمايە قىلىپ.
بەزىلەر يەر ئېسىل، بىباھا
ئاش ـ تاماقنى، تۆلىمەس ئەمما ــ
يانچۇقىدىن بىر پۇڭ چىقىرىپ.
نامراتمۇ يەر،
باي ـ زەردارمۇ يەر،
يىگەنىسىرى بولىمىز نامرات.
بولغانسېرى نامرات تېخىمۇ
كۆچەپ يەيمىز ھەممىنى، ھەيھات.
ئۇتتۇق قازانساق،
مەغلۇب بولساق ھەم
يەيمىز، يەيمىز، يەنىلا يەيمىز.
ئىش ئوڭشالسۇن
ياكى بۇزۇلسۇن،
يەيمىز، يەيمىز، يەنىلا يەيمىز.
ئەسلىدە يېيىش
قورال ئىكەن بىزگە ئەڭ ئۆتكۈر.
ئەڭ چىرايلىق ئېسىل ئەڭگۈشتەر.
تۇغۇلۇپلا
تۇۋلىيالماي تۇرۇپ «ئانا» دەپ،
باشلاپتىمىز يېيىش، ئىچىشنى
دەپ ۋارقىراپ: «بەر! بەر! يەنە بەر!»
بىر ساقلاپ قالدۇق
كۆزگە كۆرۈنمەس ئاشۇ ئورگاننى
ئۇ «داخۇر كالۋا» ئەبەدىي تويماس.
شۇڭا نوپۇسنى ئازايتىشتەك
ئەڭ مۇھىم، قىيىن مەسىلىلەرنى
كۆڭۈل بۆلۈپ ھەل قىلماي بولماس.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشقا سېلىپ بىز
ئەڭ ئۆتكۈر قورالىمىزنى
ھەممە يەيدىغاننى
تۈگىتىش كېرەك يەپ.
سومۇرسەك بىز

كەتسۇن دەريا - دېڭىزلار قۇرۇپ،
كەتسۇن قۇياش ۋە كەتسۇن ئايمۇ
نۇرسىزلىنىپ، تامام خۇنۇكلەپ.
تاشلايلى يەپ ئىشىپ قالغاننى،
يەنە يەيلى تاشلىۋەتكەننى
بىز ئىرىنمەي تېرىپ بىر - بىرلەپ.
جەڭ قىلايلى ھېچ ئۈزۈلدۈرمەي
يەڭ ئىچىدە ماسلىشىپ، ھەدەپ.
شۇنداق قىلساق پەيدا بولىدۇ
تەڭدىشى يوق بالايىۇ - ئاپەت؛
ئەنە شۇندىلا راسا ئۇنۇملۈك
ستراتېگىيە بىلەن
ئۆزىمىزنى قىلمىز گۇمران
ئازابلانماي قىلچىلىك پەقەت.
قايىلمەن چىندىن
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈشتەك
بۇ ئۇلۇغ ۋاستىگە.
ئىھە، بەلكىم بۇ
بولسا كېرەك ئەڭ ئاداققى ئۇلۇغلۇق
بارلىق ئۇلۇغلۇقىمىز ئىچىدە.

ئۈمىدىم شۇ: بۇ ئەندىشىلىرىم
بولۇپ قالغاي بىھاجەت ئەندىش،
بولۇپ قالغاي ھەر جۈملە سۆزۈم،
ھەر بىر مىسرا ۋە ھەر بىر قۇرۇم
تۇتىرۇقسىز، ئالا - جوقا گەپ،
چەكتىن ئاشقان، تامام خاتا گەپ.
گەر خاتالىق بولسا ھەر كىمدە
تۈزەتسىلا بولدى، ۋەسسالام،
سۆزلىمەيمىز «كېيىن قالدى» دەپ.

1988 - يىل، 2 - مارت، بېيجىڭدە 3 - قېتىم تۈزىتىلدى.

(«خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - ساندىن)

مەخۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى.



# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

تۇرغۇن ئالماس

## ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدا

ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرگىنىمگە يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، خەلققە ئەرزىگۈدەك ئەسەرلەرنى يازالمىدىم. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

شۇنداق بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدا بەزىبىر تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ جەھەتتە ناھايىتى قىسقا، ئاددىي ھالدا بولسىمۇ بىرنەچچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئاساسىي مەسىلە توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن قانداق سەۋەب بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ قالغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۆتەي.

دۇنيادا گۈزەللىكنى ياقتۇرمايدىغان، مۇزىكىنىڭ شوخ، يېقىملىق ساداسىنى زوق بىلەن ئاڭلىمايدىغان ئادەم يوق. چۈنكى ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمگىكى، ئەقلى ئارقىلىق پۈتۈن مەدەنىيەتنى، گۈزەللىكنى ياراتقۇچىدۇر.

كىچىكىمدىن تارتىپ پادىچى باللار چالغان نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى، دېھقانلارنىڭ خاماندا ئېيتقان «لاي-لاي» ناخشىسىنى بەكمۇ قىزىقىپ ئاڭلايتتىم، ئۆزۈممۇ نەي چېلىش، ناخشا ئېيتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، ئەپسۇسكى ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ئۆمرۈم بويى قولۇمدىن كەلمىدى.

گۆدەك چېغىمدا ۋە ياشلىقىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار زادى يادىمدىن چىقمىدى. 1936-يىلى 12 ياش ۋاقتىمدا، قەشقەر بولاقسۇ ئۆركەش يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر قېتىم ئىسمائىل ئەپەندىمنىڭ تايىقىنى يېدىم. ئۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپتە دىنىي دەرسمۇ ئۆتۈلەتتى. ئېھتىمال، جۈمە كۈنى بولسا كېرەك، باللار سىنىپتا ئولتۇرۇپ «مەۋلۇد» ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. مەنمۇ باللار قاتارىدا ناخشىغا جۆر بولدۇم. «ياھەبىب سالام ئەلەيكە» دېگەن تەكرارلىنىدىغان مىس-

رانى ئەپلەپ ئېيتالمىغانلىقىم ئۈچۈن، مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم
بولغاي، ناماز ئوقۇمىغان بالىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ قالدىم. ئىسمائىل ئەپەندىم شۇ ئەيد-
بىم» نى باھانە قىلىپ، ئۆتتۈكۈمنى سالغۇزدى، پەلەققە تارتتى، ئىنچىكە بىيە تايىقى
بىلەن پۇت - ئالقانلىرىمغا راسا سالدى. «تووۋا قىلدىم»نى نەچچە قېتىم تەكرارلىدىم،
تاياقنىڭ زەربىدىن ئۇنۇم ئۆچۈپ كەتتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن دادامغا يىغلاپ
تۇرۇپ ئەپەندىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىم. يالغۇز ئوغۇل ئىدىم، شۇنىڭدىن باشلاپ
دادام مېنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدى. دادام بالىلار ئارقىلىق ئەپەندىمگە بىزنىڭ شەھەرگە
كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى، شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى.
1934 - يىلى 3 - ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى قەشقەر كونىشەھەردە قىرغىنچىلىق قىلغان-
دا، شەھەردىن قېچىپ چىقىپ، بۇلاقسۇدىن قاراۋاغ يېزىسىغا كۆچۈپ كەتتۇق.
يەنە بىر كۆڭۈلسىز ۋەقە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان
چېغىمدا يۈز بەرگەنىدى. مەندە 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىكى ئوفېتسىرلارنى
تەربىيىلەيدىغان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇش، يازغۇچى بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلدى. شۇ يىل-
لىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشى تازا كەسكىن باسقۇچقا قەدەم
قويغانىدى. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئىنقىلابىي ناخشا دەرسى ئۆتۈلەتتى. چىڭ فامىلىلىك
خەنزۇ مۇئەللىمىمىز سىنىپتا بالىلارنى ئىككى - ئىككىدىن ئۆرە تۇرغۇزۇپ ناخشا ئېيتقۇزۇپ
ئىمتىھان ئالاتتى. ئاۋازىم زادىلا قاملاشمىسا كېرەك، ناخشا ئىمتىھانىدا مەن ئارانلا
24 - 25 نومۇر ئالاتتىم، دېمەك، ناخشا ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەيتتىم. چىڭ شەنسىڭ
روھىمغا يامان تەسىر بولمىسۇن، دەپ نۆل قويۇشنىڭ ئورنىغا 25 نومۇر قوياتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن دارىلمۇئەللىمىننى تۈگەتكۈچە، ناخشا ئىمتىھانى دېسە بېشىم قېتىپ،
ساۋاقداشلىرىمنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تولىمۇ بىئارام بولۇپ يۈردۈم.
يۇقىرىدىكى ئىككى ۋەقە مەندە ئەدەبىيات - سەنئەتكە، بولۇپمۇ يازغۇچى بولۇشقا
نىسبەتەن قىزىقىش ئورنىغا تۇرۇپلا سوۋۇش ھېسسىياتىنى قوزغىدى. راستىنى ئېيت-
سام، يازغۇچى، شائىر بولۇشقا ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم.
«ماڭا ئوخشاش ناخشا ئېيتالمايدىغان ئادەمنىڭ شائىر بولۇپ شېئىر يازىمەن دې-
يىشى خام خىيال ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كەلدىم، لېكىن كۈتۈلمىگەندە، 1940-
يىلى يازدا شائىر مۇتەللىپ بىلەن (ئۇنىڭ بىلەن سىنىپداش ئىدىم) شائىرلىق تالانتى
توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئۇ: «شائىر بولۇش تۇغما تالانت» دېدى. مەن ئۇ-
نىڭغا: «بۇ خۇراپىي قاراش» دېدىم. مۇتەللىپ ئۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىتا-
لىيىلىك بىر مەشھۇر مۇزىكانتنى مىسال كەلتۈرۈپ، «ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ مۇزىكانت بول-
غان» دېدى. مەنمۇ ئۆز قارىشىمنى راستقا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ، «ئۇنداق بولۇشى
ناتايىن، ئاتام دۇتار ۋە راۋابنى ياخشى چالاتتى، لېكىن مەن دۇتار، راۋاب بوياق-
تا تۇرسۇن، بوكۇبوڭنىمۇ چالالمايمەنغۇ؟» دېدىم. ئۇ: «مەن سېنىڭ ئاتاڭنىڭ دۇتار،
راۋاب چالغانلىقىنى كۆرمىگەن، گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېدى. مەن مۇتەللىپكە رەددى-
يە بېرىش ئۈچۈن: «مەنمۇ سەن مىسال كەلتۈرگەن ئىتالىيىلىك مۇزىكانتنىڭ بالىلى-
رىنىڭ مۇزىكانت بولغانلىقىنى كۆرمىگەن، مەنمۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېدىم. ئەت-

راپېمىزدا تۇرغان ساۋاقداشلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئىككىمىز سەل تەمتىرەپ، جىم بولۇپ قالدۇق. ساۋاقداشلار: «قېنى، قايسىڭلارنىڭ گېپى راست؟ ئىشەندۈرگۈدەك پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېيىشتى. مەن مۇتەللىپكە قارىدىم، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىر نەرسىنى چوڭقۇر ئويلاۋاتقاندەك قىياپەتتە ئىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ ئېيتىپ يۈرىدىغان بىر تەمسىل سۆزىنى مىسال كەلتۈرۈپ: «تاتارلاردا ‹تىرىشسا تاشقا قوزۇق قاققىلى بولىدۇ› دېگەن تەمسىل بار ئىكەن. سىلەر سەۋرى قىلىڭلار، قانداقلا بولمىسۇن، مەن بىر كۈنى گېزىتكە يارىغۇدەك شېئىر يازىمەن» دېدىم. دەرسكە كىرىشكە چېلىنغان قوڭغۇراق مۇنازىرىنى ئاياغلاشتۇردى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئۇيقۇم كەلمىدى. مېنى «ئەگەر شېئىر يازالمىسام، باللار ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەكتەپنى تاشلاپ كېتىشتىن باشقا يول يوق» دېگەن خىيال چىرمىۋالدى. ئاخىر «ۋىللىدە» يانغان چىراغتەك ئۇ-مىد ئۇچقۇنلىرىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئەتىسى شىرىپ ئاتلىق تاتار ساۋاق-دىشىمغا «سەن ماڭا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كىتاب تېپىپ بەرگىن» دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى ۋە لاتىن ھەرپىدە بېسىلغان تاتارچە ئوقۇش كىتابى تېپىپ بەردى. كىتابنى ۋاراقلاپ، شېئىرنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاددى-غىنا چۈشەنچە بېرىدىغان بابنى تاپتىم.

بەختىمگە يارىشا 1941 - يىلى 5 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» گە «قايتمايمىز» نام-لىق تۇنجى شېئىرىم بېسىلىپ چىقتى. تۇز، ئاق كۆڭۈل مۇتەللىپ مېنى تەبرىكلىدى. «بولدى. ئىشەندىم، شائىر بولىدىكەنسەن، ياز، توختىماي ياز!» دېدى.

شۇنداق باھانە-سەۋەب بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ قالدىم.

مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلغاندىن تارتىپ، قىسقا ۋەقەلىك شېئىرلارنى يېزىشنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. «تەنلىرىم ياپراق» نى 1946 - يىلى بىرىنچى ئايدا قەشقەردە يازدىم. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قارا شەھەر-دىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قاماقخانىسىدىن چىقىپ، قەشقەرگە كەلدىم. شۇ چاغدى-كى قەشقەر لايىقا ئېقىۋاتقان چوڭقۇر دەرياغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىڭ پاتقىقىغا بارغانسېرى پېتىپ كېتىۋاتقان ھالدا ئىكەن. خەلق قاتـ-مۇ قات زۇلۇم، نادانلىق، يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىگە چىدىماي، چېكى يوق چۆلدە ئې-زىپ قالغان يولۇچىدەك گاڭگىراپ قالغانىدى. نادانلىق، جاھالەتتە ئەسىر بولغان بە-زى ئاتا-ئانىلار بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىنى مەكتەپتىن چەكلەپ، تاملىرى قە-دىمكى قورغان تاملىرىدەك ئېگىز ھويلىلارغا نەزەربەنت قىلغان. بۇنداق قىزلار ئە-شىكنى قىيا ئېچىپ، كوچىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىغان. «تەنلىرىم ياپراق» شېئىرىنىڭ يېزىلىشىغا كېچىكىمدە بىر مەھەللىدە كېچىلىرى «بۆكۈ - بۆك» ئويناپ بىر تۇغقان ئاكا-سىڭىلدەك ئۆتكەن بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى سەۋەب بولدى. ئۇ، ھاللىق ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، بويىغا يېتە-يەتمەيلا ياش قۇرامى چوڭ دادىسىدەك بىر بايغا ياتلىق قىلىنغان، قىز توي كېچىسى ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن، باينىڭ باغ ھويلىسىدىكى كۆلگە ئۆزىنى تاشلىغان، مالايلار قىزنى كۆلدىن سۇزۇۋالغان.

ئەتىسى ئانىسى ھوشىغا كەلگەن قىزنىڭ زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كەتكەن جامالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن ۋە قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن. دەردلىك ئاجىز ئانا يىغلاپ، قىزنىڭ دادىسىغا يېلىنىپ، «سىلىدىن ئىككىلا دۇنيا رازى بولاي، قىزىمىزنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولمايلى، باينىڭ دۇنياسى قۇرۇپ كەتسۇن! ئەگەر كېپىمنى يەردە قويسىلا مەندىنمۇ، قىزىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالسىلا، قىيامەتتە كۆرۈشىمىز» دېگەن. بۇ گەپلەر نادان، جاھىل ئاتىغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، توي كېچىسى قىز تەرىپىدىن ساقاللىرى يۇڭدالغان، يۈز ـ كۆزلىرى تاتىلانغان بايمۇ بىرەر ئايغىچە تالا ـ تۈزگە چىقالمىغان، ئاخىر قىز بايدىن ئۈزلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قوشنا ـ قولۇملار قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇغان، ئاڭلىق بىر يىگىتنى لايىق تېپىشقان، لېكىن نادان، جاھىل ئاتا جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، «بېشىغا چاچ قويغان ئەپەندىگە قىز بەرمەيمەن» دەپ تەكلىپنى رەت قىلغان.

مەن 1945 ـ يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا قەشقەرگە باردىم، ئاتا ـ ئانام 1944 ـ يىلىلا ئىلىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. قەشقەر قۇم دەرۋازىسى تاش بازىرىدىكى ھامما ئاچامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. ھاممام باي بولغاندىن تاشقىرى ماڭا خۇددى ئۆز ئانامدەك مېھرىبان ئىدى. شۇ چاغدا مېنىڭ قەشقەرگە ئامان ـ ئېسەن كەلگەنلىكىمگە خۇش بولغان تۇغقانلىرىم، تونۇش ـ بىلىشلىرىم مېنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلىشتى. مەن باشتا تىلغا ئالغان قىزنىڭ ئۆيى شەھەردىكى ئۆيىمىزگە قوشنا تام ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدا قىزنى چالا ـ پۇچۇق كۆرۈپ قالدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسى خىزمەتچى ئايال ئارقىلىق مېنى مېھمان بولۇپ كېتىشكە يەنە تەكلىپ قىلدى. بېرىشقا ئوڭايسىزلاندىم. بۇنى سېزىپ قالغان خىزمەتچى ئايال قىزنىڭ دادىسىنىڭ بىر يەرگە كەتكەنلىكىنى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «تارتىنمىسىلا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن باردىم. بۇ قېتىم قىز ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان تەتىللا كۆرپىگە ئەدەب بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مەن بىلەن ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ئالتە يىل بولغانىدى. ئۇ زىلۋا بوي، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى.

شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن قىزنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، «تەنلىرىم ياپراق» شېئىرىنى يازدىم. بۇ شېئىرنىڭ 1947 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى تىپىك ۋەقەنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

شېئىر يېزىشتا ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى قانداق ئىپادىلەش توغرىسىدا بىرنەچچە كۈن ئويلىنىمەن. يازىدىغان شېئىر توغرىسىدا ھەممە ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، خالىي ئۆيدە ئەمەس، خىزمەت ئورنىدا، تاماق يەۋاتقاندا، يول يۈرگەندە، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ مەجلىس زالىدا خىيال سۈرۈۋېرىمەن، بۇنداق چاغدا باشقا ئىشلار خىيالىمغا كىرمەيدۇ.

لېكىن يازىدىغان چاغدا مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى ياكى سەھەر ۋاقتى بولسۇن، بىرلا شەرت — جىمجىتلىقلا كېرەك. ھەتتا پاشىنىڭ «گىڭ» قىلغان ئاۋازىمۇ ئىلھامىمنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ. مۇتلەق جىمجىتلىق بولغاندىلا، يازماقچى بولغان شېئىرلىرى ياكى ھەجىمدىكى ئەسەر (رومان ياكى تارىخىي ئەسەر) نىڭ مەلۇم باب، بۆلەكلىرىنى بىر يولىلا يېزىپ چىقالايمەن. شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، مېنىڭ بىرەر رومانىم خەلق بىلەن تېخى يۈز كۆرۈشمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، رومان يازمىغانلىقىمدا ئەمەس. مەن 1964-يىلى يازغان «قەشقەر ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى. رومانىمنى تىنقىۋالغانلار ھېلىغىچە يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ، ماڭا قايتۇرۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تارىخ تەتقىقاتىغا كىرىشىپ قالدىم. مېنى تونۇشتۇرغان ژۇرناللار «بورانلىق يىللار» ناملىق رومان يېزىۋاتقانلىقىمنى خەۋەر قىلىشتى. مەن ناھايىتى خىجىل. باشلاپ قويۇپ ئاخىرىنى يېزىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ قويغان رومانىنى 1989-يىلى يېزىپ تاماملاشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن. ئەجەل ئۈشتۈمتۇت ئېلىپ كەتمىسە، بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۆزۈمچە ئەدەبىي ئەسەر قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ، دەپ ھېس قىلغان، يېزىشقا بەكمۇ قىزىققان ھايات ۋەقەلىرىدىن بەزىلىرىنى زادى يازالمىدىم.

بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرەي:

1957-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40-يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان جۇڭگو يازغۇچىلار دېلېگاتسىيىسىنىڭ تەركىبىدە موسكۋاغا باردىم.

موسكۋادىكى «ئۇكرائىنا» مېھمانخانىسىدا لوندوندىكى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كېتىۋاتقان كىسومىدا ئاتلىق بىر ياپون قىزى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى مۇكەممەل بىلىشى ئۆزئارا كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىشىمىزگە ئىمكانىيەت بەردى.

كىسومىدا «ئۇكرائىنا» مېھمانخانىسىدا يېرىم ئايچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ 1945-يىلى ئاۋغۇستتا ياپونىيىنىڭ خىروسىما، ناگاساكى ئاراللىرىغا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن تاشلانغان ئىككى ئاتوم بومبىسى توغرىسىدا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئېيتقان سۆزلىرى تا ھازىرغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. كىسومىدانىڭ سۆزىگە قارىغاندا، خىروسىما، ناگاساكى ئاراللىرىغا تاشلانغان ئىككى ئاتوم بومبىسى 200 مىڭدىن ئارتۇق ياپون خەلقىنىڭ بېشىغا چىققان. خىروسىما، ناگاساكى ئاراللىرى كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن. كىسومىدا ھەمىشە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان ھال رەڭ يىپەك ياغلىقىدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قايغۇلۇق قىياپەتتە: «ئامېرىكىلىقلار ئاتوم بومبىسىنى خىروسىما، ناگاساكى ئاراللىرىغا تاشلىغۇچە دۇنيادىكى ئۇرۇشخۇمار جىنايەتچىلەرنىڭ بېشىغا تاشلىسا بولمامتى؟ ئامېرىكىلىقلار ئاتوم بومبىسىنى داۋراڭ قىلىپ، گويا دۇنيانىڭ تەقدىرىنى خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغاندەك كۆرەڭلەپ كەتتى،

لېكىن ئامېرىكىدىن باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ ئاتوم بومبىسىنى ياسىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادا ئاتوم بومبىسىنى تىنچلىق ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىتىش تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ ھازىر ئىنسانىيەت بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولسۇن، خىروسىما پاجىئەسىنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىنلا ئەمەس، ئاتوم ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، يەر شارىنىڭ كۆمپەيكۇم بولۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. ھازىر «تىنچلىق»، «مەڭگۈ تىنچلىق» دېگەن چۇقانلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى، زادى كەلگۈسىدە ئاتوم ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولامدۇ-يوق؟ بۇنى بىلمەيمەن» دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. يىگىرمىسىلەرگە كىرەي دەپ قالغان غۇنچە بوي، قارا قۇمچاقتەك كۆزلىرىدە تەبەسسۇم ئۇچقۇنلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى تىك، نازۇك كىرپىكلىرى ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆزىگە ئەمەس، يۈرىكىگە ئوقيانىڭ ئوقىدەك قادىلىدىغان، چىرايى ئاق سۈزۈك ياپون قىزى — كىسوممىدانىڭ پەرى قىزلاردەك بەكمۇ گۈزەل قىياپىتى خىيال سەھنەمدە ئاندا-ساندا غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خىروسىما پاجىئەسى، ئاتوم ئۇرۇشىنىڭ خەۋپى توغرىسىدا سۆزلىگەن چاغدىكى يىغا ئارىلاش، بەكمۇ نازۇك، يۇمران ياپراقتەك ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە ھەمىشە پىچىرلاپ تۇرىدۇ.

چۈنكى مەندە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغان ياپون قىزى كىسوممىدانىڭ ئەنسىرىشى دۇنيا خەلقىنىڭ ئەنسىرىشى ئىدى.

مانا شۇ مەسىلىنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا ياپون قىزى كىسوممىداغا بېغىشلاپ بىر داستان يېزىشنى ئويلىدۇم. بىر نەچچە قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەپسۇسكى، ئىلھام كەلمىدى. لېۋ تولستوينىڭ تەبىرىچە، «ئىلھامنىڭ ئوندىن توققۇزى قان بىلەن تەر» دىن كېلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېمىنى يېزىش ئۈچۈن ئويلانمىدىممۇ ياكى يۈرەك قانلىرىمنى سەرپ قىلمىدىممۇ؟ بىلمەيمەن، «ئىلھام» زادىلا كەلمىدى.

كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ خىلمۇخىل خىياللارغا چۆكتۈم، قابىلىيەتسىزلىكىمدىن مۇشۇنداق بولۇۋاتقاندۇ؟ دەپ ئېچىنغان ھالدا ئۆزۈمگە تەسەللى بەرگەن چاغلىرىمۇ بولدى. ياق! ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىش قولۇمدىن كېلەتتىغۇ، ھەي، بۇ «ئىلھام» دېگەن سىرلىق بىر نەرسە ئوخشايدۇ. تۇرۇپلا ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكىدەك ئەسەرلەرنى يېزىش قولىدىن كېلىدىغانلار بولسۇن، ياكى تالانتلىق مەشھۇر شائىر، يازغۇچىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەرقانداقى (دۇنيا قارىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ۋە شەيئىلەرنى مەدھىيىلەپ، يامان كۆرىدىغىنىنى دۇمبالاپ ئەسەر يازغانىغۇ دېگەن قاراشقىمۇ كەلدىم.

بۇ مەسىلىنى ئويلىغانسېرى ئىچىم تىتىلداپ، بۇ ھەقتە يازغۇچى زامانداشلىرىم بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «شۇ تېمىنى يېزىشقا بولغان ھەۋىسىڭنى ياش ۋاقتىڭدا ياپون قىزى كىسوممىداغا نىسبەتەن قوزغالغان ئىشتىياقىڭ بېسىپ چۈشكەن ئوخشايدۇ. كىم بىلىدۇ، شۇ ئىشتىياق يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرامدۇ

تېخى» دېيىشىپ چاقچاق قىلىشتى.

ئويلا - ئويلا، ئاخىر مەسىلىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى تاپتىم.

مەن باشتا يازىدىغان چېغىمدا مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى ياكى سەھەر ۋاقتى بولسۇن، بىرلا شەرت — جىمجىتلىق كېرەك ئىدى.

مەن يازىدىغان چاغدىكى ئورۇننىڭ جىمجىتلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، تۈپ ھەل قىلغۇچ شەرتنىڭ بىرى — كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ھېسابقا ئالماپتىمەن. ئەگەر يازغۇچىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمىسا، يېزىقچىلىق ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇننىڭ ھەرقانچە جىمجىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئىلھام» نىڭ كېلىشى ناتايىن ئىكەن. مەن ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىن ئاشۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم.

مەن 1958 - يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئون يىل داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم بولالمىدىم. مانا شۇ دەككى - دۈككىدە ئۆتكەن يىللاردا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تېما توغرىسىدا يازماقچى بولساممۇ، «ئىلھام» كەلمىدى. يازالمىدىم. ھەممە كىشىگە ئايان بولغاندەك، پەقەت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، ئەنسىزلىك، قالايمىقانچىلىق تۈگىگەندىن كېيىنلا ئومۇمىي خاتىرجەملىك ئەسلىگە كەلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، ئېلىمىزدە ئىلىم - پەننىڭ گۈللەپ - ياشنىشىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىمكانىيەت يارىتىلدى. پەقەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىن سۆز ئاچقاندا، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» يۆنىلىشىگە ئاساسەن خىلمۇخىل تېما، خىلمۇخىل سەنئەت ئېقىمى، خىلمۇخىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەشەببۇس قىلىندى. ئاددىي ھالدىلا مەمۇرىي بۇيرۇقچىلىق قىلماسلىق ۋە مەمۇرىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، توغرا، پرىنسىپال بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇش تەكىتلەندى. ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىمكانىيەت بېرىدىغان توغرا يۆلۈنۈش ۋە تەشەببۇسلار نەتىجىسىدە كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشى، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ھەممە شەرتلەردىن ئەۋزەل ئىكەن. ياشىنىپ قالغانلىقىم، سالامەتلىكىمنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى.

شۇنداق تۇرۇغلۇق نېمە ئۈچۈن، ھېلىغىچە يۇقىرىدا بىر نەچچە قېتىم تىلغا ئېلىنغان كىسومىداغا بېغىشلاپ يازىدىغان ئەسەرنى يازمىدىم؟ بۇنىڭ سەۋەبى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا قىزىقىپ قالدىم، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، ئۆمرۈم يار بەرسىلا، كىسومىداغا بېغىشلاپ بىر داستان يازماقچىمەن.

# ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا ①

زىيارەت قىلغۇچى: يالقۇن

تارىخ ھەرقانداق ئاڭلىق ئەدىبنىڭ زىممىسىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ئاشۇ ئەدىب تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى، زوقلىنىش ئىقتىدارىنى، تۇرمۇشقا ۋە ئۆزىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ئەمەلىي ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلىگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى قىلچە كۆزدە تۇتمايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىنى، ئېستېتىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىدىن پۈتۈنلەي، باش تارتىدىغان يولدا ھەرگىزمۇ ماڭمايدۇ. بىز تا ھازىرغىچە ماددىي نامراتلىق بىلەن مەنىۋى قاششاقلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل رېئاللىقى شائىرلىرىمىزنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ. بىز شېئىرنى نېمە ئۈچۈن يازىدىغانلىقىمىزنى، كىم ئۈچۈن يازىدىغانلىقىمىزنى، يازغان ئەسەرلىرىمىز ئۆزىمىز تەۋە بولغان خەلققە زادى قانچىلىك ئەمەلىي نەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇرراق ئويلىساقلا، كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇپ كېتىشى ئانچە تەسكە توختىمايدۇ، توغرا يولنىمۇ جەزمەن تېپىۋالىمىز. چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار، يارامىلىق نەرسىلىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرالايمىز.

قىسقىسى، كونكرېت شېئىرنى كونكرېت تەھلىل قىلغاندىلا، ئۇنىڭغا بىرقەدەر مۇۋاپىق باھا بەرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ياخشىلىرىمۇ، ناچارلىرىمۇ، ئىجادىي يېزىلغانلىرىمۇ، تەقلىدىي يېزىلغانلىرىمۇ، ھېسسىياتى چىن، پىكرى يېڭىلىرىمۇ، ھېسسىياتى ساختا، پىكرى پۈچەكلىرىمۇ بولىدۇ. ياخشى شېئىرنى ياخشى، ناچار شېئىرنى ناچار دېيىش، بەدىئىي ماھارەتنىمۇ، يېتەرسىزلىكنىمۇ كۆرۈش، يېڭىلىقنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش، مىللىي ئىنكارچىلىقتىنمۇ ساقلىنىش، پېشقەدەملەر بىلەن ياشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان قوپال سۆز - ھەرىكەتلەردە بولماسلىق لازىم.

بىر خىل ئۇسلۇبنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا بۇرۇنقى ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنكار قىلىنىپ كېتىشى ناتايىن. بىرقانچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تا ھازىرغىچە ئۆلمەي كېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى. ئاشۇ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا ئاز بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملار، ئەدەبىي ئۇسلۇبلار، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلمەس ئە-

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

سەرلەرنىڭ قىممىتى قىلچە ئاجىزلىشىپ كەتكىنى يوق. بۈنىڭغا ھەرقايىسى مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيەت تارىخى گۇۋاھ.

ئىچكى گۈزەللىك ئۆزىگە خاس تاشقى گۈزەللىكنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە تاپالايدۇ.
تاشقى گۈزەللىك بىلەن تېپىشالىغان ئىچكى گۈزەللىكنىڭ ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ تولۇق
نامايان بولىدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىيات دولقۇنى ئۆزىگە يارىشا گۈزەل تاشقى رېتىم بىلەن
بىرلەشسە، كىتابخاننىڭ قەلبىنى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك زىلزىلىگە سالالايدۇ. شۇڭلاشقا
ئىچكى رىتىم ئۆزىگە لايىق تاشقى رىتىمنى تاپقىنى ياخشى، لېكىن قاپىيىنى ئىچكى
رىتىمنى بوغۇپ قويىدىغان پاسسىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. شۇڭلاشقا
يېڭى شېئىرلارغا بۇ جەھەتتە بەكمۇ ئۆلۈك تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالماسلىق كېرەك، لې-
كىن قانداقلا بولمىسۇن، تاشقى رىتىمنى تاشلىۋېتىش پايدىلىق ئەمەس. ھەر بىر ژا-
نىرنىڭ ئۆزىگە يارىشا تاشقى شەكلى، تاشقى گۈزەللىكى، ئىندىۋىدۇئاللىقى بولغىنى
ياخشى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

«ئەنئەنىنى بۇزغانلىق» دېيىشنىڭ ئۆزى ئۇيلانماي بېرىلگەن باھا. ئۇنداق دې-
گۈچىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئەنئەنە غايىسى بۇمۇ مەۋھۇم. ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش
كونا قەبرىستانلىقنىڭ شەيخى بولۇش ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قەبرىستانلىقنى خۇش پۇراق
گۈللەر بىلەن تولغان باغچىغا ئايلاندۇرۇشتۇر.

شائىر ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى باشقىلارنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسىنىڭ
«قېلىپى» غا لايىقلاشتۇرمايدۇ، بەلكى خىرە-شىرە پەردە ئىچىدىكى روھنىڭ پىسخىك
ۋاقىتنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدىكى سۈرئىتىنى تەقدىم قىلىدۇ. كىتابخانلار ئالدى بىلەن
شائىرنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۆزىنى كۆرۈشكە يۈزلىنىدۇ. شائىر ئادەتتىكى مەۋجۇدىيەت
ياكى ھادىسىدىن ئۆزىنى مەلۇم نىسبەتتە كۆرەلەيدىغان بولسا، سەنئەت ئارقىلىق ئۆ-
زىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئەسەر ھېسسىياتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشچان رىتىمىدىن شەكىللەنگەن
جىلۋە. بۇ يەردىكى بىتەرەپنىڭ باشقىلار قەدىمىنىڭ رىتىمىگە ماسلىشىشى سۈنئىيلىكنىڭ
كېلىپ چىقىش مەنبەئىدۇر. سەنئەت سۈنئىيلىك بىلەن مۇرەسسە قىلمايدۇ. تۇراق، قا-
پىيىلەر شېئىرنىڭ جىسمى ئەمەس، بەلكى لىباسى ياكى قاسىرىقى. ئۇنىڭسىزمۇ شېئىر
مەۋجۇت، زوق مەۋجۇت. شېئىر ئەسەر ھالىتىگە كېلىش-كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر،
ھاياتنىڭ مۇرەككەپ توقۇلمىلىق ۋە كۆپ قاتلاملىق ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت ھادىسە، گەپ
ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئەركىنلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتە. تېپىشماقلار كىرىزىسقا ئۇچ-
رىغان شېئىرلارغا نىسبەتەن كىشىلەرنى تەپەككۇرغا ئۈندەپ، مېڭىنىڭ پائالىيەتچانلى-
قىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ئەمما چۈشىنەلمىگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى تېپىشماق بولماي-
دۇ. تېپىشماق شېئىر ئەمەس، شېئىر تېپىشماق ئەمەس. چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر
پارچە شېئىر ھېسسىياتتىن ئايرىلمىغان بولسىلا، ياخشى چىقمىغان شېئىر دېگىلى بول-
مايدۇ. ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ ئالاھىدىلى-
كى ئۆز ھېسسىياتىنى چەكسىز ئەركىنلىك ئالىمىدىكى مەن دەپ ھېس قىلىپ قىممەت-

كە ئىگە قىلالىشىدا. ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇرلۇك ئامىللار مۇرەككەپ ۋە چۇشىسـ
ـمان تۇيغۇلار جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئىنسان مەڭگۇ يېڭى ۋە غوۋا ئۇقۇم.
شېئىر ئىنسان روھىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن، غوۋالىقنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. مەلۇم ۋەيىتتە
مىزنى مىكرو نۇقتىدىن كۆرەلىسەكلا، غوۋالىق ھېس قىلمايمىز. شۇڭا بىز كىتابخانلار-
دىنمۇ بىر ئىجادىيەتنى كۇتىمىز. ئۇ بولسىمۇ قوبۇل قىلىش.

پەرھات ئىلياس:

ئەنئەنە داۋاملاشقان بولۇشى كېرەك، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ تۈز سىزىق ئەمەس
ياكى مەلۇم بوشلۇقتىلا سانسىز قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرغۇچى چەمبەرمۇ بولالمايدۇ. ئۇ
ھايات ئۇقىنى بويلاپ چەكسىز بوشلۇقتا سوزۇلغۇچى ئەگرى سىزىقتۇر. بىر مىللەتنىڭ
ئەنئەنىسى بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر مىللەتكە
خاس ئەنئەنىنىڭمۇ يۇقىرى ۋە تۆۋەن باسقۇچلىرى بولىدۇ. ئەنئەنە سىزىقى يۇقىرى
پەللىگە يەتكەندە، يەنە تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. تۆۋەن پەللىگە يەتكەن ھامان يەنە
مىللەت پسىخولوگىيىسىدىكى ئىنتىزارلىقتا ماس كېلىدىغان ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دېمەك ئەنئەنىمۇ ھەرىكەتچان بولىدۇ. بۇنى «ئەنئەنىنى بۇزغانلىق»
دەپ ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇپ چىقىشى ئەركىن بول-
غاچقا، ئۇنى تۇراق، قاپىيە بىلەن ئارتۇقچە بوغۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

شېئىردىكى رىتىم ھېسسىيات رىتىمىغا تەڭكەش بولالىغاندا، شېئىر تەبىئىي
چىققان بولىدۇ. ئەگەر ھېسسىيات تۇراق، قاپىيە تەلەپلىرى بويىچە ئەركىن ئېقىپ
چىقسا، تېخىمۇ ياخشى، مۇبادا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، زورمۇ زور تۇراق، قاپىيە
قوغلاشماسلىق كېرەك.

پولات ھېۋزۇللا:

ئەنئەنە مەڭگۇلۇك چەكسىز ئۇقۇم، مىللىي ئەنئەنە مىللىي تۇرمۇشقا ئوخشاشلا
كەڭ، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان. شۇڭا مىللىي ئەنئەنىنى قاتمال، تار رامكا ئىچىدە
چۈشەنسە، مىللىي ئەنئەنىمۇ ئۆز رەڭگىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئىجادىيەت
ئەركىنلىكى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى شۇنىڭ ئۈچۈن بىر گەۋدە بولالىغانكى،
شائىرمۇ خەلقنىڭ بىر ئەزاسى. خەلق ئۇقۇمى ئايرىم نەزەرىيىچىلەر فورمۇللاشتۇرغان-
دەك ئۇنداق ئاددىي بولماستىن، كەڭ، مۇرەككەپ قاتلام. شېئىرىيەتنىڭ كۆپ خىللى-
شىشى شېئىرىيەتنىڭ خەلقچىللىق روھىنىڭ كۆپ خىللىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۇۋارلىق
خۇسۇسىيىتى روشەن بولغان ۋە كىتابخانلىرى ھەممىدىن كۆپ بولغان «ئاممىۋى ئەدە-
بىيات» باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىزدە مۇستەقىل تۈركۈم سۈپىتىدە تېخى
مەيدانغا كەلمىدى. «ئاممىۋى شېئىرىيەت» شېئىرىيىتىمىزدە تېخى بوز يەر. ئۇنىمۇ را-
ۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، شېئىرىيەتنىڭ خەلقچىللىقى بىر «ئېسىل» ئېقىمنى
ئومۇملاشتۇرۇشتا ئەمەس، بەلكى شېئىرىيىتىمىزنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

4 - سوئال: كىشىلەر بۇ شېئىرلارنى ھەر خىل ئېقىملارغا تەۋە دېيىشىۋاتىدۇ. سىز-
چە قانداق؟

قۇربان بارات:

بۇ گەپنى ئېيتقۇچىلار شۇ ئېقىملارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، بىر - بىرىدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقى، قايسى دەۋرنىڭ، قايسى ئەلنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ قايسى تۈرىنىڭ قاچان شەكىللەنگەن، نېمە ئۈچۈن پەيدا بولغان ئېقىملىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمەيدۇ. بۇ مۇكەممەل بولمىغان غەيرىي تۈرەلمىلەرنى بىرەر ئېقىمنىڭ مەھسۇلى دەپ ئاقلاشقا ئۇرۇنۇش نەزەرىيە جەھەتتىن پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. بىز بىلىدىغان ھەر خىل ئېقىملار بىلەن بۇ شېئىرلارنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى يوق. بۇ چالا موزدۇزنىڭ «بۇ يېڭى زېلاندىيە مودىسىدىكى يېڭى پوسوندىكى ئاياغ كىيىم»، «بۇ ئامېرىكىچە ئاياغ كىيىم» دەپ قاملاشتۇرۇپ تىكەلمىگەن ئاياغ كىيىمنى بازارغا سالغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئوسمانجان ساۋۇت:

مېنىڭچە، بۇنداق قاراش بۇ شېئىرلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىرلارنىڭ ئىپادىلەش تېخنىكىسى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقىغا قارىتىلغان. قايسى ئېقىمغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن بۇ مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ سەنئەت ياكى سەنئەت ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش، مەسىلىنى تولىمۇ قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

سىدىقھاجى روزى:

يېڭى شېئىرلارنى تۈرلۈك ئېقىملارغا تەۋە دەپ قاراش، مېنىڭچە، نادانلىق بولار. ھەرقانداق بەدىئىي ئېقىمنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىگە مۇۋاپىق مېتودى بولىدۇ. ئېقىم ۋە مېتود يېڭى ئەدەبىي قاراشلار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئەدەبىي قاراش ۋە مېتودنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىي بولىدۇ. ئېقىملار ۋە مېتودلار ئۈستىدە سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن بۇ ئاساسنى تېپىش كېرەك. مەسىلەن، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىدا «ئاڭ ئېقىمى» نىڭ ئىزنالىرى بار، لېكىن تولۇق مەنىدە «ئاڭ ئېقىمى» غا مەنسۇپ دېگىلى بولمايدۇ. يېڭى شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلارنىڭ تولىسى ياش ئىزدەنگۈچىلەردىن بولغاچقا، ئۇلاردا دۇنيا ۋە تۇرمۇش توغرىلىق مۇئەييەن پەلسەپىۋى قاراش شەكىللەنگەن دېيىشكە تېخى بالدۇر بولسا كېرەك.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

بىلمەيمەن، بىزدە ئېقىم يارىتىش مەسىلىكى يوق. جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ھەر خىل ئېقىملار بار، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىزدەنمەكتە ۋە ئۆزگىچە ئۇنۇمگە ئىگە بولماقتا. بىزمۇ دۇنيا قۇرۇۋاتقان ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىۋاتىمىز ھەم ئىزدىنىۋاتىمىز. شۇڭا بىزدە بىرەر ئېقىمنىڭ لايىھىسى تۈزۈلمىگەن، ئۇنداق قىلىشمۇ ھاجەتسىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بىز ئۆز مۇھىتىمىزدىكى ھەرقانداق ئېلېمېنتلارنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلمايمىز.

5 - سوئال: سىزنىڭچە شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسى كىتابخان سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلاشقىنى تۈزۈكمۇ ياكى كىتابخاننىڭ سەۋىيىسى شائىر سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلاشقىنى تۈزۈكمۇ؟

تېيىپجان ئېلىيوپ:

كىتابخانىلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسى بىلەن ھېسابلىشىش كېرەك، لېكىن بۇ، شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەزى ياشلار «كۈڭگا» شېئىرلارنى سەۋىيىسى تۆۋەن، ئادەم چۈشەنمەيدۇ دەپتىمىش، بۇ ئىشنى باشلا - باشلىماي مۇشۇنداق گەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ پايدىسى يوقتۇ دەيمەن. دەرۋەقە، يېڭىلىقنى چۈشىنىش ئۈچۈن يېڭىچە سەۋىيە كېرەك، لېكىن ھازىرقى «كۈڭگا» شېئىرلارنى چۈشىنەلمەسلىكنىڭ سەۋىيە بىلەن مۇناسىۋىتى چوڭ ئەمەستەك تۇرىدۇ. شۇڭا چۈشىنەلمىدۇق، دېگۈچىلەرنى دۆتلەر قاتارىغا چىقىرىۋەتمەيلى. شۇنىڭ بىلەن «كۈڭگا» شېئىرغا بولغان خۇشتارلىقىنىمۇ ئالدىراپ كۆلمەيلى. بىر نېمىس ئەدەبىياتشۇناسى: «ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرمايدىغان شەكىل پوئېزىيە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن.

قۇربان بارات:

بۇ شېئىرلارنى يېزىۋاتقان شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىمۇ تازا تايىنى بولمايۋاتسا، ئۇلار سەۋىيە دېگەن بۇ ئېنىقلىقتا تېخى ئېرىشەلمىگەن تۇرسا، كىتابخانىلارنىڭ سەۋىيىسىنى قايسى سەۋىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىكەنمىز؟ بىز ئەسەرلىرىمىزنى خەلق كۆپچىلىكى ئۈچۈن يازىمىز. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى خەلقنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ئېستېتىك زوق بېرىش. شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ ئۇلارغا نېمە تەربىيە بەرمەكچى بولغانلىقىمىزنى ئالدى بىلەن ئۇلار چۈشەنسۇن-دە! ئۇلار ئۆزلىرى چۈشىنەلمىگەن چالا «تېپىشماق» لاردىن قانداق تەربىيە ئالىدۇ؟ قايسى خىل ئېستېتىك زوققا ئىگە بولىدۇ؟ ئەگەر خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى شائىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش تەلەپ قىلىنسا، بىرىنچىدىن، بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ماتېرىيال ئىمكانىيىتىمىز ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ھازىرقى دەرىجىسى بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز مۆلچەرلىيەلمىگەن بىرەر تاسادىپىلىق يۈز بېرىپ، شائىرلار سەۋىيىسى دەرىجىسىگە بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ قالسا، ئۇلارغا بىزنىڭمۇ لازىمىمىز بولمايدۇ. ئۆزلىرى شائىرلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى تەربىيىلەۋېرىدۇ. كىتابخانىلارنىڭ سەۋىيىسىنى شائىرنىڭ سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى گەپنى لېنىن دېگەن بولسا، ئۇمۇ خۇدا ئەمەس، بەلكى ئىنسان. ناھايىتى ئۇلۇغ ئىنسانلارمۇ بەزىدە خاتا سۆزلەرنى قىلىدۇ ۋە خاتا ئىشلارنى ئىشلەيدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت:

«بەدىئىي زوقلىنىش ئۈچۈن بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇش كېرەك» (ماركس). بىزنىڭ مەقسىتىمىز، ئەلۋەتتە كىتابخانىلارنىڭ سەۋىيىسىنى شائىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، ھالبۇكى ھازىرقى زامان كىتابخانىلىرىنىمۇ بوش چاغلاشقا بولمايدۇ.

سىدىقھاجى روزى:

سەۋىيىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئۆزئارا پەرقى، ئەمەلىيەتتە، سەۋىيىنىڭ رېئاللىقى مەنىسىنى تەسىرلىنىدۇ. شېئىر كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلىشىدىغان تەشۋىقات قورالى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك سەۋىيىسىنى جانلاندۇرىدىغان ۋە ئۆزىگە

يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىستېتىزىملىق ھادىسىدۇر. خەلق ئۆزىنى قاچان چۈشىنىدۇ؟ بۇ سەۋەبىگە باغلىق. شۇڭلاشقا ھەقىقىي شائىر ۋە شېئىر پەقەت شائىر ئۆزىنى چۈشەنگەن دەۋردىلا دۇنياغا كېلىدۇ. يېڭى شېئىر ئىزدەنگۈچىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. قىسقىسى، «روھ ماددىدىن پەيدا بولىدۇ، لېكىن روھ ئىككىنچىلەپ ئۆزى پەيدا بولغان مەنبەگە قايتمايدۇ» (ياڭ چۈنشى). بەلكى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:

شېئىر شائىرنىڭ چەكسىز باي ھەم ئىنتايىن مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان چىن ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ قانداق سەۋىيىدە يېزىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا شائىرلارنى شېئىرلارنى مەلۇم كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسىگە لايىقلاشتۇرۇپ يېزىشقا زورلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن مەسئۇلىيەتچان ئەدىبلەر ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي قالمايدۇ. ھەقىقىي مىللىي شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. بۇ خىل خاسلىق بىزنى ئاشۇ شائىر تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئىستېتىك ئاڭ ھەم بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى بىلەن دۇنياۋىلىقى ئەزەلدىن بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇلارنى بىر ـ بىرسىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

شېئىردىكى ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى تاۋلىشى، تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇشى لازىم. ئەمما بۇ ستېخىيىلىك يوسۇندا ئەمەلىيلىشىدۇ. دېمەك، شائىر ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ، كىتابخان شائىر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ نىسپىي ھالدا يېقىندىن يارىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

پەرھات ئىلياس:

ئەلۋەتتە، مەقسەت كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسىنى شائىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش. شائىر بارلىق كىشىلەرنى دۇنياغا شائىرانە كۆز بىلەن قارىسىكەن دەپ ئويلايدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاتاشقا تەييار، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگۈچىلەرمۇ، چۈشەنمىگۈچىلەرمۇ بولىدۇ. چۈشىنىشنى خالىغانلارنى قارشى ئالىمىز، خالىمىغانلارنى زورلىمايمىز.

پولات ھېۋزۇللا:

«كىتابخانلار» ئۇقۇمى كەڭ ئۇقۇم. ھېچكىم كىتابخانلار سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ. شائىر ئۆز ھېسسىياتلىق تەپەككۇرىنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بىلەن بەدىئىي زوق قانۇنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىشى كېرەك. بۇ يەردىكى زوق قانۇنىيىتىنى ئۆزىگە خاس ھەرىكەت ئىچىدە كۆزەتكەن ياخشى، بولمىسا قاتماللىق كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بەدىئىي زوقمۇ شائىر تەپەككۇرىغا ۋە ئۇنىڭ تىلدا، يېزىقتا ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئوخشاش تەرەققىيات يولىغا ـ تۇراقسىزلىققا ئىگە.

ياسىن زىلال:

روشەنكى، ئاڭلىق بىر ئەدىبنىڭ ئەسەر يېزىشى كىتابخانلار ئۈچۈن، كىشىلەر قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، روھىيەتنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، پارلاق غايىۋى

دەۋر مەنزىلىگە باشلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا شائىر كىتابخانىغا ھەم ئېنىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بېرىشى ھەم ئۇنى تولىمۇ يىراق پەللىدىكى شېئىرىي مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىشقا يېتەكلىشى كېرەك. لېۋ تولستوي: «كەڭ ئاممىنىڭ سەنئەتنى چۈشىنەلمەسلىكىگە ئۇنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى سەۋەب بولالمايدۇ، ھازىرقى دەۋردىكى سەنئەتكارلار بۇنى ئاممىنىڭ چۈشىنەلمەسلىكىنىڭ بىر سەۋەبى دېيىشنى ياخشى كۆرۈشمەكتە. بىز شۇنداق دەپ ئېيتىشنى خالايمىزكى، كەڭ ئاممىنىڭ سەنئەتنى چۈشىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇ سەنئەتنىڭ ناھايىتى ئۇسال بولغانلىقىدا، ھەتتا ھەرگىزمۇ سەنئەت ئەمەسلىكىدە» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، بىزگە «ماۋجۇشىنىڭ ياخشى ئوغلى موللا مەمەد، سەن سادىقسەن پارتىيەگە ئەبەت» دېگەندەك قېپىيالىغاچ، قىلچە سەنئەت پۇرىقى يوق گەپلەرمۇ، «قېنى مېنىڭ ئەكس سادايىم؟» دېگەنگە ئوخشاش سوراق جۈملىمۇ كېرەك ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شېئىر كېرەك.

6 - سوئال: بۇ شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قارىغاندا قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

تېيىپجان ئېلىيوپ:

بۇ ئىككى خىل شەكىلدە پەرق چوڭدەك تۇرىدۇ. ھازىرقى بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ ياكى چاچما شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرلار بىلەن ئالاقىسى روشەن. «گۇڭگا» شېئىرلارنىڭ ئۇنداق ئەمەس. مەن بۇ يەردە قاپىيە، ۋەزىننى كۆزدە تۇتقىنىم يوق، بەلكى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى (ئۇستىلىستىكا) جەھەتتىكى ۋارىسلىقنى بەكرەك كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. نۇقسانلارغىلا قاراپ «ئارۇز ۋەزنىدە يېزىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى» دېيىش خەلىتە گەپ. مېنىڭچە، ھازىر ھەممە ئادەمدىن ئارۇزدا يېزىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، دېگەن تۈزۈك. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە خېلى ياخشى نەرسىلەر بار ئىكەن، بىز ئۇلار بىلەن تونۇشمىغىنىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى سېزەلمەي يۈرۈپتىمىز. كلاسسىك ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ماھارەتنىڭ سانسىز ئۈلگىلىرىگە ھازىرغىچە ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ.

قۇربان بارات:

بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن يولىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل مەھسۇلاتلىرىنى «ئەنئەنىۋى شېئىرلار» دەپ بىرلا كاتېگورىيىگە ئايرىغىلى بولمايدۇ. مەن ھازىرقى شېئىرلارنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۆتكەندىكى ۋە ھازىرقى ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتلىرىغا قارىغاندا بىرەر قانداق ئۆزگىچىلىكى ۋە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ھېس قىلمىدىم. بۇ شېئىرلار ماڭا ناھايىتى خام، ناھايىتى چالا، ناھايىتى بىمەنە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت:

ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ جەۋھىرىمۇ «ئادەم»! دۇنيادىكى ئەبەدىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، «ئادەم» ئۇلۇغلىنىشى، «ئادەم» ئەسلى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇشى لازىم. يېڭى شېئىرىيەت ئىچكى ئالەمنى تاشقى ئالەملەشتۈرۈش يولىدا ئىزلىنىۋاتىدۇ. ھەر بىر قەدەمنى دادىل، يۈرەكلىك تاشلاۋاتىدۇ، بۇ تولىمۇ قىممەتلىك.

سىدىقھاجى روزى:

يېڭى شېئىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قۇرۇلمىسى يېڭى شېئىرلارنى ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى ئامىلدۇر. ئىجادىيەت پسىخىك ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ۋە

ئىجادىيەت خاراكتېرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، ئىجادىي پىكىرگە خاس بولغان ئىجادىي شەكىللىمۇ شائىرنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بىر خىل ياۋاش، يۇمشاق ئىجتىمائىي پىسخىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەلگىسى بولسا، يېڭى شېئىرىيەتنىڭ شەكلىي مەۋجۇتلۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان تەسەۋۋۇرنىڭ، خاھىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ مەقسەتكە ئايلانغان ئىرادىنىڭ، قىسقىسى، 80-يىللاردىكى ياشلار خاراكتېرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:

ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلارمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق. قايسى شېئىرنىڭ قايسى شېئىردىن ئەۋزەللىكىنى كونكرېت سېلىشتۇرۇش، كونكرېت تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بەلگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەنئەنىۋى شېئىرلار ئارقىلىق يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىنكارقىلغىلىمۇ، شۇنىڭدەك يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلار ئارقىلىق ئەنئەنىۋى شېئىرلارنى قارا-قويۇق چۆكۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان يېڭى شېئىرلارنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى ئەنئەنىۋى قائىدىلەرنىڭ تار رامكىلىرىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، تەپەككۇر شەكلى، تىل شەكلى ۋە قۇرۇلما جەھەتتە باشلامچىلىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقان. ئۇلار شەيئىلەرنى جانلاندۇرۇش، چېتىلما تەسەۋۋۇر قىلىش، تەقلىد قىلىش، سىمۋول قىلىش ۋە سەكرەتمىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە چەكسىز ئەركىنلىككە قەدەم تاشلىغان. بۈگۈنكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى ئازادلىققا ئېرىشىش يولىدىكى يېڭى تەلپۈنۈشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلەپ، ئەدەبىياتتا ئادەمنى مەركەزلىك ھەم خوجايىنلىق ئورنىغا چىقارغان.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

بۇ شېئىرلار تۇراقلاشقان شەكىل چۈشەنچىسىدىن ئازاد، رىتىمى كۆپ خىل، ھېسسىياتى جۇشقۇن، تەپەككۇرى ئۆزگىچە، ئىپادىلىشى يېڭىچە، پىكىر قىلىشتا تار دائىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇشقا يۈزلەنگەن، تىل ۋە جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىنى سۇبيېكتىپنىڭ، ماھىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان شېئىرلاردۇر. بۇ شېئىرلار يەنە كىتابخانلار ئېڭىدىكى بۇرۇلۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قاتماللىققا خاتىمە بېرىشكە تىرىشقان شېئىرلاردۇر.

پەرھات ئىلياس:

بۇ شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قارىغاندا تۈپكى ئەۋزەللىكى شېئىرىي ھەرىكەتنىڭ ئەركىن، تەبىئىي ئىپادىلىنىشىدە. شېئىرىي ھەرىكەت شېئىردىكى پىكىر ھەرىكىتى، رىتىم ھەرىكىتى ۋە شەكىل ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. پىكىر ھەرىكىتى رىتىم ھەرىكىتى بىلەن شەكىل ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى شېئىرلاردا رىتىم ھەرىكىتى بىلەن شەكىل ھەرىكىتىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. بۇ بەلكىم ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ئۆز ئانىسى بولغان ناخشا قويىنىدىن تېخىچىلا چىقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك، لېكىن ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ئىچىدىمۇ ناھايىتى ياخشى شېئىرلار بار. بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.

پولات ھېۋزۇللا:

بۇ شېئىرلار بۇنىڭدىن بۇرۇنقى شېئىرىيەتكە قارىغاندا ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تولۇقلاش پوزىتسىيىسىگە ھەم يولىغا ئىگە. بۇ شېئىرلار تاشقى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىچكى دۇنياغا بۇرالدى. بۇ «ھېسسىيات شېئىرىيەتنىڭ جېنى» دەيدىغان سۆزنى ھەقىقىي تۇردە، ئاڭلىق ھالدا تونۇغانلىق.

بۇ شېئىرلار بۇرۇن نەزەرگە ئېلىنمىغان نۇقتىلىق سىناق، بۆسۈشلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ خۇددى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سىناق، ئىزلىنىشلىرى، نۇقتىلىق بۆسۈشلىرى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن بۆسۈشىگە جۇغلانما ھازىرلىماقتا.

ياسىن زىلال:

ھازىرقى رېئاللىقتىن قارىغاندا، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ «ئەۋزەللىكى» ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىكى ئۇزۇن بەھىرلىك بىرەر مىسرانى بىرقانچە غەيرىي «مىسراچاق» لارغا پارچىلاپ، بىر پۈتۈن شېئىر سۈپىتىدە قايتا كۆتۈرۈپ چىقىشقا قادىرلىقىدا!

8 - سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلاردا ھايات مەنتىقىسىگە مۇخالىپ بولغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

قۇربان بارات:

بۇنداق ئەھۋاللار بار. ھايات مەنتىقىسىگە، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە خىلاپ سۈرەتلەر بار. بىز بىرەر تىل بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەنمىز، ئۇنىڭ بارلىق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز، ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئىنتىزامىغا بويسۇنۇشىمىز، تۇرمۇشتىن بىرەر كۆرۈنۈش ئالماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئېلىشىمىز كېرەك. «بويى يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت:

ھاياتنىڭ ئۆزى كەڭ، چوڭقۇر، مۇرەككەپ نەرسە. ھايات ئۆزى ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئامىللارنى بىز تېخى بىلىپ يەتمىدۇق. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەققىدە ئەمدىلا سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ھايات مەنتىقىسىگە مۇخالىپ كېلىدىغان شېئىرلار يېزىلدى دېسە، مېنىڭچە، يەنىلا قۇللۇق، مەدداھىيۋازلىق، ھايباردكاللىقچىلىق يېزىلغان شېئىرلارنى كۆرسەتسە كۇپايە.

سىدىقھاجى روزى:

ھايات مەنتىقىسىگە خىلاپ بولغان ھادىسىلەرنىڭ خىيال بىلەن ھېسسىياتنىڭ مەنتىقىسىگە خىلاپ بولۇشى ناتايىن.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

شېئىرلاردا مەنتىقىلىق تەپەككۇر قىلىنمايدۇ. مۇبادا ھاياتتىكى بىرەر مەنتىقىنىڭ قېلىپىنى تۇرغۇزۇۋېلىپ شېئىر يازساق، بۇ خۇددى پىچىنە - پىرەنىك ياسىغاندەكلا بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. شېئىردا ھېسسىياتلىق تەپەككۇر ياكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ پائالىيىتى گەۋدىلىك بولىدۇ. «مۇخالىپ» لىقنى ھېسسىيات تەبىئىتى بىلەن باغلاپ چۈشىنىش كېرەك.

پەرھات ئىلياس:

ئاتالمىش ھايات مەنتىقىسى قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس. ئۇ بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاشلا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ھايات مەنتىقىسى بىلەن بۈگۈنكى ھايات مەنتىقىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ھايات مەنتىقىسى بولىدۇ. بۈگۈن ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ كېيىنچە ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولىدىكەن، شېئىرلارنى ھايات مەنتىقىسى بىلەنلا ئۆلچەش ھاجەتسىز. شېئىر بىلەن ھايات مەنتىقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلىدىكەن، شېئىر ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، ئەدەبىياتتىكى چىنلىقنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

پولات ھېۋزۇللا:

ھايات مەنتىقىسىگە مۇخالىپلىق ياكى لايىقلىق ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، ھايات مەنتىقىسىنى تولىمۇ تار، مۇھىم بىر كاتېگورىيىدەك ھېس قىلىپ، يېنىكلىك بىلەن دانىشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، روھ مەنتىقىسى تاشقى دۇنيا مەنتىقىسىگە قارىغاندا تولىمۇ ئەركىن، تۇراقسىز بولىدۇ. روھنىڭ بەزى ماھىيەتلىرىنى باشقا بىر بىمەنە رېئاللىق ئۈستىگە قويۇپ ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى رېئاللىقىمىزنىڭ چەكلىمىلىكى روھقا بىر خىللا تاللىنىشنى بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، روھنىڭ بىمەنىلىكىنى ئېچىش كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. روھنىڭ ماھىيىتىنى قېزىشتىكى ئەركىن شەكىلنى دېمەكچىمەن. بۇنىڭدىمۇ شەكىلۋازلىقنى ئاقلىمايمەن.

10 - سوئال: بۇ شېئىرنى يېزىۋاتقان بەزى ئاپتورلار «چۈشىنەلمىدۇق» دېگۈچىلەرگە: «بىز ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن ئەمەس، كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن يازىمىز» دېگەن جاۋابنى بەرمەكتە، سىز بۇ جاۋابقا قانداق قارايسىز؟

ئابدۇكېرىم خوجايوپ:

مېنىڭچە، بۇ خاتا ئېيتىلغان سۆز، لېكىن تامامەن خاتا دېگىلى بولمايدۇ. بىز خەلقىمىزنى تەربىيىلىشىمىز، خەلقىمىز دېيەلمىگەن گەپنى دېيىشىمىز كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز. بۈگۈنكى خەلققە خىزمەت قىلالمىغان نەرسىنىڭ ئەتە ئۈچۈن خىزمەت قىلالىشى ناتايىن، ئۇنداق قىلىدىغان بولساق، خەلق نەدە قالىدۇ؟ لېكىن كەلگۈسى ئۈچۈن يازىدىغانلارمۇ يېزىۋەرسۇن، ئۇلارنى بىرسى توسالمايدۇ. ھازىر چۈشىنەلمىگەن بولسا، كېيىن چۈشىنىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن. بىراق يەنىلا بۈگۈن مۇھىم.

قۇربان بارات:

ھازىرقىلار چۈشىنەلمىگەن نەرسىنى كېيىنكى دەۋردىكىلەرمۇ چۈشىنەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇيغۇر تىلى بىزدىن ئۇلارغا مىراس قالىدۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىدە ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇلار قانداقمۇ چۈشىنەلەيدۇ؟ بۇ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ خاملىقى، بىلىمسىزلىكى ۋە نۇقسانلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئاتقان چوڭ لاپ، قۇرۇق گەپ! بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ يازغان چۈشىنىكسىز شېئىرلىرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۆزلىرى

بىرىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەمسىز؟ بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆمرى يار بېرەمدۇ؟

ئوسمانجان ساۋۇت:

ئۇنداقمۇ ئەمەس. ھەرقانداق بىر سەنئەتكار ئۆز دەۋرىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان دەۋرداشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ھەرقانداق ئەسەر كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە خەلقنىڭ مەڭگۈ قەدىرلەيدىغان سەنئەت دۇردانىلىرىغا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن يازىدىغان ئادەم ئاۋۋال ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن يېزىش كېرەك!

سىدىقھاجى روزى:

شائىرنىڭ رېئال دەۋردە ئاتىقى چىقماي، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاتىقى چىقىدىغانلىقى ئۇچرايدىغان ھادىسە. شائىر بەدىئىي دۇنيادا ياشىغاندىمۇ رېئاللىقتىن تەلتۆكۈس ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. «كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن يازىمىز» دېيىش بىر خىل جۆيلۈش! شائىر يازىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋرگە مەنسۇپ. ناۋايى ئۆز دەۋرىدە ئىجاد قىلغانىدى، ھازىر ناۋايىنىڭ مىسرالىرىنى ئوقۇغاندا مەست بولمايدىغان كىشى بارمۇ؟

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:

ئاتاقلىق شائىرنىڭ ھەرقانداق ئىجادىي پائالىيىتى رېئاللىق بىلەن، ئۆز خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ روھى چاقناپ تۇرىدۇ. دەل مۇشۇنداق روھ شائىرنىڭ نامىنى ئۆچۈرمەيدۇ.

«ئەسەرنى كەلگۈسىدىكىلەر ئۈچۈن يازىمىز» دېگۈچىلەر، ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنى رېئاللىقنىڭ تېشىغا قويۇشقا ئۇرۇنغۇچىلار، يەنە قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تۇتۇش قىلغۇچىلار. بۈگۈنكى خەلقنىڭ كۈلكە ھەم يىغا سادالىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، قىلچە تەسىرلەنمەيدىغان ياكى ئۇلار بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان شائىرمۇ بولامدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

ئۇنداق ئەمەس. شېئىر مەقسەتنىڭ زورۇقتۇرۇشىدىن تۇغۇلمايدۇ. شېئىر مەست قىلغۇچى ئىلھامنىڭ سېھرىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئالىيجاناب ئىستەك بولۇپ، شائىر ئىجادىيەت داۋامىدا ئۆزىنى ئېغىر مەجبۇرىيەتلىك مۇھىتتا ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى يىمىرىلىشنىڭ چەكسىز بوشلۇقىدىكى سەرسان چېكىتكە ئايلىنىدۇ. شائىرنىڭ مەجبۇرىيىتى مەقسەت ئۈچۈن زورمۇ زور كۈچىيىشتە ئەمەس، بەلكى ئۆز ھاياجىنىنى ئۆزى ئۈچۈن قاراڭغۇ بولغان، ستېخىيىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشىدىغان تۈرتكىنىڭ («مەقسەت» نىڭ) رولىغا ئىگە قىلىشتا. «كەلگۈسى ئۈچۈن يازىمىز» دېگەن پىكىر ئانچە ئىلمىي ئەمەس دەپ قارايمەن.

11 - سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ تىلى لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس دەۋاتىدۇ، سىزچە قانداق؟

قۇربان بارات:

توغرا. شېئىرنىڭ ماتېرىيالى تىل. تىل بىلەن مۇئامىلە قىلىغان ئادەم ئۇنىڭ

لوگىكىسىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. شېئىر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شېئىردا لوگىكىغا ئەمەل قىلماسلىقنى «بىر خىل بوشۇش»، «چەكلىمىدىن ئازاد بولۇش» دەپ دەۋا قىلىش گودەكلىك. بۇ چاچ، ساقالنى ۋاقتىدا ئالدۇرماسلىق، ۋاقتى - قەرەلىدە مۇنچىغا بېرىپ تۇرماسلىق، كىيىم - كېچەكلەرنى يۇماي، دەزماللىماي، يىللاپ كىيىۋېرىشمۇ بىر خىل مەدەنىيەت، بوشۇش روھى، دېگەندەكلا بىر گەپ.

ئوسمانجان ساۋۇت:

مەلۇمكى، ئەدەبىيات تىل سەنئىتى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىلغا نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇلۇشى كېرەك. جۈملە تۈزۈلۈشى، ئوبرازلىق تىل، ئىستىلىستىكا جەھەتتىكى يېڭىلىقلار ئەسەرنىڭ قىممىتىنى باھالاشتىكى بەدىئىي مىزان بولۇشى كېرەك. شائىرنىڭ ئىچكى ئالەمى تىل ئارقىلىق تاشقى ئالەمگە ئامان - ئېسەن ئايلانغان ئىكەن ۋە بىز ئۇنى سەزگەن ئىكەنمىز، دېمەك قانداقتۇ مەنتىقىغە چۈشمەسلىك مەۋجۇت بولمايدۇ. شائىرلىرىمىز بۇ پىكىرنىمۇ كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە دائىم ئېسىدە ساقلىسا، مېنىڭچە، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

پەرھات ئېلياس:

شېئىرىيەتتىكى تىل تاشقى ۋە ئىچكى تىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ھەقىقىي تىل ئىچكى تىلدۇر. بەزىلەر بۇنى بىلمىگەچكە، تاشقى تىلنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپلا، «مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ - دە، شائىرنىڭ تاشقى تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن لوگىكىلىق پىكرىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. لوگىكىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇمۇ نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. بەزىلەر ئىستىلىستىكىلىق لوگىكا بىلەن فورمال لوگىكىنىڭ پەرقىنى بىلمىگەچكە، ھەممىنىلا فورمال لوگىكا قائىدىلىرى بويىچە تەھلىل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى تېخىچە گودەك باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. تىلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان يېڭى بوشۇش ھادىسىلىرى، لوگىكىلىق چېقىلىش ھادىسىلىرى تېخىچە تەتقىق قىلىنىپ باقمىدى. تىل تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەلۇم بىر خىل قېلىپ بويىچىلا تەھلىل قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەرگىزمۇ تىلدىكى قېلىپلاشتۇرۇشنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. شېئىرىي تىل پۈتۈن تىل ساھەسىدە ئەڭ جەڭگىۋار، ئاۋانگارت بولىدۇ. شۇڭا بۇ شېئىرلارنىڭ تىلىنى ئالدىراپلا «لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

پولات ھېۋزۇللا:

تىل روھنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى بولسىمۇ، لېكىن روھنى ئۆز ھارارىتى، سۈرئىتى، مۇرەككەپلىكى بويىچە ئىپادىلەشتە يەنىلا ئاجىز. تىلدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىش ئەھمىيەتلىك سىناقلارنىڭ بىرىدۇر. بەزى مۇرەككەپ ھېسلار ئىپادىلەنگەندە، تىلنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى ھالەتلىرى، تەركىبلىرى، قۇرۇلمىلىرى بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. بۇ خىل سىناق ھېس - تۇيغۇ مۇرەككەپلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. شەكىلۋازلىق زىيانلىق.

12 - سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلارنى يىغلاڭغۇ، چۈشكۈن شېئىرلار دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ، بۇ توغرىمۇ؟

ئوسمانجان ساۋۇت:

ئادەمنىڭ ھاياتى كومېدىيىلىك تەركىبلەرگە قارىغاندا تراگېدىيىلىك تەركىبلەرگە تولىمۇ باي كېلىدۇ. مۇرەككەپ ھايات مەنتىقىسىدىن قارىغاندا، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى زىممىسىگە ئالغان سەنئەت ئەسەرلىرى ئەلۋەتتە تراگېدىيىلىك رەڭلەرگە قېنىق تولىدۇ. شۇڭا ئادەمنى ئۇلۇغلاش، ئادەمنى ئۆز قىممىتى بويىچە قايتا تەقسىملەشتە ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى، بەختسىزلىكىنى يېزىش، مېنىڭچە، يىغلاڭغۇلۇق، چۈشكۈنلۈك بولمايدۇ. يىغلاڭغۇلۇق، چۈشكۈنلۈك تەبىئىيكى چىرىكلىككە — ئادەمنى قورال، قول دەپ بىلىدىغان ئىدىيىگە مەنسۇپ.

سىدىقھاجى روزى:

بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت تارىخى كۆز ياش بىلەن كۈلكىنىڭ ئورۇن ئالمىشىش تارىخىدۇر. كۈلگەنلەرنىڭ يىغلىشى، يىغلىغانلارنىڭ كۈلۈشى بەرھەقتۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا «يىغلاڭغۇ شېئىرىيەت» چوقۇم بەدىئىي ساھەدە خۇشاللىنارلىق بىر مەنزىرە يارىتىدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا تراگېدىيىلىك ھادىسىلەرمۇ، كومېدىيىلىك ھادىسىلەرمۇ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مۇرەككەپ تۇرمۇش شائىرنى بەزىدە كۈلدۈرسە، بەزىدە يىغلىتىدۇ. بۇ خىل رېئاللىقنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا بەزى شېئىرلاردا تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقى، شائىر قەلبىنىڭ شادلىق تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە تۇرمۇشنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى، شائىر قەلبىنىڭ مۇڭ-زارى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. قايسى شېئىردا قانداق ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەش شائىرنىڭ ئاشۇ شېئىرنى يېزىۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھېس-تۇيغۇنى قېلىپقا چۈشۈرگىلى، بۇيرۇققا بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن خىلمۇ خىل ھېس-تۇيغۇلارنى شېئىرلارنىڭ لەقىمىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

پىلاتون قايغۇلۇق ھېسسىيات بىلەن خۇشاللىق ھېسسىياتى گىرەلەشكەن ھالەتتە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىر تامچە ياشنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن سوئال بەلگىسى ۋە ئۈندەش بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن. تراگېدىيە گۈزەللىكى پاسسىپ ھالەتتىكى ئىنكاسسىز ئازابنىڭ نامايان بولۇشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىر خىل جەڭگىۋارلىقنى چۆكمە قىلغان ئاچچىق سۇيۇقلۇقنىڭ جۇلاسىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بىر پارچە ئەسەرنى پەقەت بىرلا خىل ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى دېگىلى بولمايدۇ.



# جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

بىز، كىتابخانلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق. بۇ سەھىپىدىكى ماتېرىياللار فرانسۇزچە «لاروئۇسسې» (LAROUSSE) ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى — «مەيدان لاروئۇسسې» ئېنسىكلوپېدىيىسىدىن ئېلىندى.

## ئىران ئەدەبىياتى

ئىران ئەدەبىياتى ئاساسەن ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ: 1 - ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات؛ 2 - ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىيات.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىران ئەدەبىياتى تارىخىي دەۋرلىرى نۇقتىسىدىن ئۈچ ئارىلىق دەۋرگە ئايرىلىدۇ: (1) ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ ئىراننى ئالغان يىلى، يەنى مىلادىدىن بۇرۇن 331 - يىلغىچە بولغان دەۋر؛ (2) مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 - يىلدىن مىلادىدىن كېيىنكى 226 - يىلغىچە سوزۇلغان، پارچىلىنىش ۋە چېكىنىش دەۋرى دەپ نام بېرىلگەن دەۋر؛ (3) مىلادىدىن كېيىنكى 226 - يىلدىن 650 - يىلغىچە بولغان دەۋر.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى دەۋردىن بۈگۈنگىچە قالغان ئەسەرلەر بىرنەچچە ئابىدە، پارچىلاردىن ئىبارەت. زەردۇشتىنىڭ گاتالىرى بۇ دەۋرگە ئائىت ئاساسىي سەنئەت مەھسۇلىدۇر. خېلىلا كېيىنكى دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن بۇ ئەسەر ئەدەبىياتتىن كۆرە تىل ۋە ئېتىقاد جەھەتتىن ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. بەزى شېئىرلار دىنىي مۇراسىملاردا مۇزىكا بىلەن تەڭكەش قىلىنىپ ئوقۇلاتتى. بەزىلىرى باكتىرىيان، بەزىلىرى زېند تىلى بىلەن يېزىلغان ۋە بۈگۈنكى پارسچىنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ ئىپتىدائىي چۈشەنچە مەھسۇلاتلىرى ئاۋىستادىن ئورۇن ئالغان. ئاۋىستا ساسا-

نىلار دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ تىلى بىلەن سانسكرىتچىنىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈلگەن يېقىنلىق ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ھەر ئىككى تىل ئارىسىدىكى چۈشەنچە بىرلىكگە ۋە ئەينى مەنبەدىن ئوزۇقلانغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. زەردۇشتىنىڭ گاتالىرى بىلەن شاپۇر I دەۋرىدە يېزىلغان خورد ئاۋىستا ئارىسىدىكى بەزى تىل ۋە چۈشەنچە ئۆزگىرىشلىرى دەسلەپكى دەۋر ئىران ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىغانلىقىنى، داۋاملىق ھالدا قوشنا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن ئەھمەنىلەر سۇلالىسىنىڭ يىقىلىشىغىچە (مىلادىدىن بۇرۇن 331 - يىلى) داۋام قىلدى. بەزى ئەدەبىيات ۋە تىل تارىخچىلىرى بۇ دەۋرنى ئىران - ھىند دەۋرى، ئاۋىستا دەۋرى، ئارىلاشما ئىران تىلى دەۋرى ۋە قەدىمكى پارس دەۋرى دېگەندەك بۆلۈملەرگە ئايرىيدۇ. بۇ ئايرىمىنىڭ ئاۋىستا ۋە گاتالاردىن باشقا ئاساسلىق تايانچىسى يوق. مەتىنلىرىنىڭ كۆپ يەرلىرى كەم بولغان بۇ ئابىدىلەرنىڭ كەيخۇسرەۋ (مىلادىدىن بۇرۇن 559 -، 529 - يىللار)، دارا I (مىلادىدىن بۇرۇن 521 -، 486 - يىللار)، ھاشايارشا (مىلادىدىن بۇرۇن 486 -، 465 - يىللار) زامانلىرىدىن قالغانلىقى مەلۇم.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇن 331 -، 226 - يىللار) ئىراننىڭ ھەر جەھەتتىن چېكىنگەن دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە ئىران تىلى، دىنى ۋە ئەدەبىياتى قەدىمكى ئاناتولى ۋە يونانىنىڭ پەۋقۇلئاددە تەسىرى ئاستىدا قالغاندى. ئىسكەندەرنىڭ ئىرانغا ئورۇنلاشتۇرغان يونان ۋە ماكىدونىيە كۆچمەنلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بىر مەدەنىيەت ۋە سەنئەت دۇنياسىدىن كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئىراننىڭ پۈتۈن چۈشەنچە قۇرۇلمىلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر يۆنۈلۈشكە ئىگە قىلدى. بۇ دەۋردە ئىران ئەدەبىياتى ئاستا - ئاستا قەدىمكى ئەنئەنىلىرىدىن ئايرىلىپ، ھىند، ئاناتولى، يونان مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ ئىشكانىيان دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇن 250 - يىللاردىن 226 - يىلغىچە) ئىرانغا ئاناتولى، ئاسۇر، يونان مەدەنىيەتلىرى كەڭ تەسىر قىلدى. ئىرانلىقلار ئاناتولى، يونان دىنلىرىنى ۋە تەڭرىلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. ئىشكانىيان دەۋرىدە ئىران دۆلەت تىلىنىڭ يونانچە ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ پۇللىرى ئۈستىدىكى يېزىقلاردىن، قۇراللىرىنىڭ ناملىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ. ساسانىيلار ياكى ئىشكانىيان دەۋرىدە كەلىلە ۋە دەمنە، سىنبادنامە كەبى ھىند مەنبەلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئىران ئەدەبىياتى مۇشۇ دەۋردىن كېيىنلا تىلغا ئالغۇدەك خاراكتېرغا ئىگە بولدى.

زەردۇشت دىنىنى يېڭىدىن رەسمىي دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئەردەشىر تانسەر (مىلادىدىن بۇرۇن 241 -، 226 - يىللىرى) تەرىپىدىن بۇ دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن توخارىستان ھۆكۈمدارى گوشتاسىپقا يېزىلغان بىر مەكتۇپىنىڭ سۈگۈن ئىبىن مۇكەففا تەرىپىدىن ئەرەبچە قىلىنغان تەرجىمىسىلا (I ئەسىر) ساقلانماقتا. بۇ دەۋردە ئىران ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەمچى بولغان ئاساسىي مەنبە زەردۇشت دىنىدۇر. قەدىمكى ئەدەبىياتنىڭ ئۈچىنچى ۋە ئاخىرقى دەۋرىدە مىلادىدىن كېيىن 226 -، 650 - يىللار) زەردۇشتلۇقنىڭ ئانا كىتابى توپلىنىپ، پۈتۈن بىر كىتاب ھالىتىدە يېزىپ

چىقىلدى. مىلادىدىن بۇرۇن XV ئەسىرگىچە بارىدىغانلىقى سۆزلەنگەن، ئەمما دەۋرىمىز-
گىچە يېتەرلىك ھۆججەت قالدۇرمىغان ئىران ئەدەبىياتى VII ئەسىردىن كېيىن ئىس-
لام دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېڭى بىر يۆلىنىشكە، خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىران ئەدەبىياتى. ئىسلامىيەتكىچە قەدىمكى دىنلارنىڭ
تەبىئەتكە باغلانغان كۆپ تەڭرىچىلىك ئېتىقادلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا راۋاجلانغان
ئىران ئەدەبىياتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن (641-، 820-يىللار)
يۆنىلىشنى ئۆزگەرتتى. قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر ئەرەب چۈ-
شەنچىسى ئىگىلىدى. سىياسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا دىني ئېتىقادتا كۆرۈلگەن
ئەرەب تەسىرى قىسقا بىر زامان ئىچىدە ئەدەبىيات ساھەسىگىمۇ تارقالدى. ئىسلامى-
يەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە (جاھىلىيە دەۋرى) يېتىشكەن مۇئەللە قاتۇسەبئە (يەتتە
ئاسقۇ) شائىرلىرى قىسقا بىر دەۋر ئىچىدە ئىران شېئىرىيىتىگە تەسىر قىلدى. بۇ
ئۆتكۈنچى دەۋردە يېتىشكەن ئىران شائىرلىرى كۆپرەك ساراي ئەتراپىدا ئىشلىگەنلىك-
لىرى ئۈچۈن، ئىراندا ئەرەب تەسىرى ئاستىدا راۋاجلانغان دەسلەپكى شېئىر تۈرى
قەسىدە بولدى. ئەدەبىيات مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگەندەك ئەرەب تىلىدا يېزىل-
دى. ئەرەب تىلى بىر ئىلىم تىلى سۈپىتىدە مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلۇشقا باشلىدى. بۇ
دەۋردە ئىراندا ئەرەبچىدىن پارسچىغا نۇرغۇن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغىنىدەك، فىقھ،
گرامماتىكا، تارىخ ساھەلىرىدە ئىرانلىق ئاپتورلار ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە يازدى.
سىبەۋەيھ (772-، 809-يىللار) كە ئوخشاش ئىرانلىق ئالىملار ئەرەب تىلى ۋە گرام-
ماتىكىسى ئۈستىدە ئىشلەشتى، ئەرەبچە ئەسەرلەر يازدى. سىبەۋەيھنىڭ «ئەلكىتاب»
ناملىق ئەسىرى ئەرەب تىلىنىڭ ئاساسي مەنبەلىرىدىن بىرى بولدى. بەششار بىن بۇرد،
ئەبۇنۇۋاس قاتارلىق ئىرانلىق شائىرلار شېئىرلىرىنى ئەرەبچە يازدى. ئىران تىلى
پەقەت VIII ئەسىردە مۇستەقىل بولۇشقا باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا بىر ئەدەبىيات ۋە
مەدەنىيەت تىلى بولۇش يولىغا ماڭدى. ئەبۇھەس سوغدى (IX ئەسىر)، ئاببباس مەرۋى
(IX ئەسىرنىڭ باشلىرى) دەسلەپ پارسچە شېئىر يازغان ئىران شائىرلىرى بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ. بۇلاردىن كېيىن خانزالائى بادگىسى (835-يىلى ۋاپات بولغان)، فىرۇزمەش-
رىقى (900-يىلى ۋاپات بولغان)، ئەبۇسۇلەيك گۇرگانى (879-يىلى ۋاپات بولغان)،
مەھەممەدبىن ۋاسىف سىستانى (IX ئەسىر) غا ئوخشاش شائىرلار پارسچە ئەسەر يېزىش-
قا باشلىدى.

ئىران ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ئەدەبىياتى ئىچىدە بىر مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ئۆز
ئورنىنى تېپىپ ئوتتۇرىغا چىققان دەۋرى سامانىلار دەۋرىدۇر (874-، 1000-يىللار).
بۇ دەۋردە پارس تىلى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تىلى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى، شېئىر
ۋە نەسىر ساھەسىدە پارسچە ئۆرنەكلەر بېرىلدى. ئىران ئەدەبىياتىدا دەسلەپ مەسنە-
ۋى يازغانلار ئەبۇشەكۇر بەلخى (948-يىلى ۋاپات بولغان)، دەسلەپكى «شاھنامە»،
«يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا» ھېكايىسىنى يازغان ئەبۇل مۇئەييەد بەلخى (X ئەسىر)، شەھىد
بەلخى (937-يىلى ۋاپات بولغان)، رۇدەكى سەمەرقەندى (X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى)

قاتارلىقلار غەزەل ساھەسىدە مۇھىم تۆھپە ياراتتى.

بولۇپمۇ شۇ دەۋردىكى ئىران شائىرى رۇدەكى غەزەل، قەسىدە، قىتئە، رۇبائىي
مەسنەۋى قاتارلىق تۈرلەردە زاماندىشلىرى بولغان ئەرەب شائىرلىرى بىلەن تەڭ تۇردى،
بەزى چۆشەنچىلەرنى قوللىنىش جەھەتتە ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بەزى مەنبەلەر
رۇدەكىنىڭ كلاسسىك ئىران شېئىرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، شېئىرنى بىر
پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ، «كەلىلە ۋە دەمنە» نى نەزمىلەشتۈر-
رۈپ چىققاندى، دەقىقى تۇسى (981 - يىلى ۋاپات بولغان)، غەزەل ۋە قەسىدەدىن
باشقا قەدىمكى ئىران مەسەللىرىنى، قەھرىمانلىرىنى تېما قىلغان بىر «شاھنامە» يازغان.
بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ ساھەدە فىردەۋسىگە ئۈلگە بولغان، مەرسىيەدە زاماندىش-
لىرىغا ۋە ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئۈلگە كۆرسەتكەن ئەبۇمەنسۇر مەرۋەزى (X ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرى ۋاپات بولغان)، غەزەلدە قىسائى بىن مەنسۇرنىڭ ۋەزىر ئۇتبى ئۈچۈن
سۆزلىگەن قەسىدىسى بىلەنمۇ تونۇلغانىدى. سامانىيلار دەۋرىدە ئىراندا شېئىر، شۇنىڭ-
دەك نەسىردىمۇ بىر ئويغىنىش ۋە ئەرەب تەسىرىدىن قۇتۇلۇش يولىدا تىرىشچانلىقلار
كۆرسىتىلدى. بۇ دەۋردە پارسچە تەرەققىي قىلىپ ئەدەبىيات ۋە بىلىم تىلى سۈپىتىدە
ئۆزلەشكىنىگە قارىماي، ئىسھاق مەۋسىلى (850 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەبۇماشەرى
بەلخى (866 - يىلى ۋاپات بولغان)، دىنەۋەرى (902 - يىلى ۋاپات بولغان)، زىكرىيارازى
(932 - ياكى 934 - يىللىرى ۋاپات بولغان)، مەھەممەدبىن ياقۇب كۇلەينى (941 - يىلى
ۋاپات بولغان)، ھەمزە ئىسپاھانى (970 - يىلى ۋاپات بولغان)، مەھەممەدە بىن ئەلى
(992 - يىلى ۋاپات بولغان) ئوخشاش ئىرانلىق ئالىم، تېۋىپ، پەيلاسوپلار ئەسەرلىرىنى
ئەرەبچە يازغانىدى.

ئىران ئەدەبىياتىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى غەزنەۋىلەر دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە
ئىران ئەدەبىياتىدا ئەسلىگە قايتىش، قەدىمكى ئىراننىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەسەرلىر-
گە، خەلق مەسەللىرىگە، ئەپسانە قەھرىمانلىرىغا يۈزلىنىش خاھىشى تۇغۇلدى. غەزنە شەھىرى
سەنئەت، بىلىم ۋە ئەدەبىياتنىڭ مەركىزى بولدى، بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇد غەزنە-
ۋى (1030 - يىلى ۋاپات بولغان) ئىران شائىرلىرىنى سارايغا توپلاپ، ئۇلارغا زور
ئىلتىپاتلار قىلدى. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئىزباسارى سۇلتان مەسئۇدمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى.
بۇ دەۋردە ئۇنسۇرى (1039 - يىلى ۋاپات بولغان)، قەسىدىچىلىكتە ياخشى ئۆرنەك كۆر-
سەتتى. بۇ دەۋرنىڭ ئىككىنچى مۇھىم شائىرى ئەسجەدىدۇر (1040 - يىلى ۋاپات بول-
غان). بىراق شائىرنىڭ بەك ئاز ئەسەرلىرى زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلىگەن. شېئىرگە
مەنە نەپىسلىكىنى، ئەقىل ئويۇنلىرىنى كىرگۈزگەن، تەبىئەت تېمىلىرىغا كەڭ ئورۇن
بەرگەن، ئۇلارغا ئوچۇق ۋە ساپ ھاۋا كەلتۈرگەن پەررۇخى (1039 - يىلى ۋاپات بول-
غان) قەسىدە تۈرىدە مۇھىم ئۆرنەكلەر بەردى؛ ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن ئەدەبىياتىنىڭ
تەسىرىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئۇچرىغان، قەسىدە ۋە غەزەلدە ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ
ئورتاق چۆشەنچىلىرىنى پارسچىغا ئايلاندۇرغان مىنۇچېھرى (1040 - يىلى ۋاپات بول-
غان) ئىران شېئىرىيىتىگە تەبىئەت قارىشىنى كىرگۈزۈپ، خىيالدىن كۆپرەك رېئال-

لىقتا يۈزلەندى. داستان تۈرىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەجدادچىسى ھېسابلانغان، قەدىمكى ئىران تارىخىنى، خەلق مەسەللىرىنى، ئەپسانە قەھرىمانلىرىنى تېما قىلغان، پارسچىنى ئەرەب تىللىنىڭ تەسىرىدىن قۇتقۇزغان فىردەۋسى (1020 - يىلى ۋاپات بولغان) «شاھنامە» ناملىق 30 مىڭ بېيىتلىك ئەسىرى بىلەن ئىران شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك تۈرىنىكىنى تىكلىدى. قابۇس يەشمىگىر (1013 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىبنى مىسكىۋەيھ (1030 - يىلى ۋاپات بولغان)، سالەبى (1013 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەبۇلفەزل بەيھەقى (1077 - يىلى) قاتارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ۋە ئەدەبىياتچىلىرىدۇر. ئەبۇلفەتھ بۇستى، (1010 - يىلى ۋاپات بولغان) گە ئوخشاش ھەم ئەرەبچە، ھەم پارسچە شېئىر يازغانلارمۇ بار ئىدى. ئىران ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋرى چۈشەنچە جەھەتتىن يەنە قەدىمكى ئاناتولى، ھىند، مىسوپوتامىيە، مىسىر، يۇنان، لاتىن ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ئاستىدا ئىدى. ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدە، يېڭىدىن پەيدا بولغان باشقا چۈشەنچىلەردە تەسەۋۋۇپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنىدى. فىردەۋسى باشلىغان قەدىمكى ئىران مەدەنىيىتىگە قايتىش چۈشەنچىسى، تەبىئەتكە باغلانغان سەنئەت ئۆز ئورنىنى تەسەۋۋۇپقا بوشىتىپ بەردى.

ئىران تەسەۋۋۇپى ئىسلام دىنىنىڭ قاراشلىرى بىلەن يېڭى ئەپلاتونچى پەلسەپىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۇغۇلدى. بۇ چۈشەنچە سىستېمىسىدا قەدىمكى ھىند پەلسەپەسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئاناتولىدا تۇغۇلۇپ، قوشنا مەملىكەتلەرگە يېيىلغان چۈشەنچە مەھسۇلاتلىرىنىڭمۇ تەسىرى بار. ئىران شېئىرى، نەسرى، پەلسەپەسى، سەنئىتى كەڭ دائىرىدە تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغان بولۇپ، چۈشەنچىلەر ساناقلىق ۋە چەكلىك ئىدى. ئىشق، روھ، ۋىسال، تەجەللى (كۆرۈنمە)، ئىرپان (ئىلىم - مەدەنىيەت)، مەرىپەت، زىكر، تەۋازى، مەھبۇب، مەھبۇبە، ئىبادەت، بادە (شاراب، مەي)، جام (قەدەھ)، ساقى، ساغار (چوڭ قەدەھ)، شاراب، بۇلبۇل، مەي، سەبۇ بىر خىل ئىچىملىك)، دىل، سەرۋ... گە ئوخشاش تۈرلۈك نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان چۈشەنچىلەر سۆزلىرىلەم ئەمەلىيەتتىن ئۈستۈن) چۈشەنچىسىگە ئورالغان بابا تاھىر (XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋاپات بولغان)، ئەبۇسەئىد (1049 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇللاھ ئەنسارى (1088 - يىلى ۋاپات بولغان)، سەنائى (1150 - يىلى ۋاپات بولغان)، شەيخ ئەتتار (XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋاپات بولغان) غا ئوخشاش تەسەۋۋۇپچى شائىرلار، فىردەۋسىنىڭ شاھنامىسىغا تەقلىد قىلىپ «گەرشاسپنامە» ناملىق داستانىنى يازغان ئەسەدى تۇسى (1073 - يىلى ۋاپات بولغان)، «سەپەرنامە» ئاپتورى ناسىر خۇسرەۋ (1089 - يىلى ۋاپات بولغان)، قەتران تەبرىزى (1073 - يىلى ۋاپات بولغان)، قەسىدىلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە چوڭ شۆھرەت قازانغان مەسئۇدسەئىدسەلمان (1121 - يىلى ۋاپات بولغان)، مۇئىززى (1148 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار ئاز - تولا بولسىمۇ تەسەۋۋۇپ سىرتىدا قالغان قەسىدە شائىرلىرىدۇر. رۇبائى تۈرىنىڭ شەرق ئەدەبىياتىدا قۇرغۇچىسى ھېسابلانغان ئۆمەر ھەييام (1135 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىران ئەدەبىياتىدا قەسىدە تۈرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرى ئەنۋەرى (1187 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئۇنىڭ ئىزى بىلەن ماڭغان خاقانى شىرۋانى (1177 - يىلى ۋاپات بولغان)، نىزامى (1203 - يىلى

ۋاپات بولغان)، ئەدىب سابىر (1151 - يىلى ۋاپات بولغان)، رەشىدۇددىن ۋاتۋات (1177 - يىلى ۋاپات بولغان)، جامالۇددىن ئىسپاھانى (1192 - يىلى ۋاپات بولغان)، سەييىد ھەسەن غەزنەۋى (1150 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەمىئەك بۇخارى قاتارلىقلار غەزنە سەلجۇقلىرى دەۋرىنىڭ مەشھۇر قەسىدە، غەزەل، قىتئە ۋە مەسنەۋى شائىرلىرىدۇر.

بۇ دەۋردە نەسىر ساھەسىدە مۇھىم تەرەققىيات كۆرۈلمىدى. بىر قىسىم پارسچە نەسرىي ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەر نەسىرلەرنىڭ بېزەكلىك، بىر پىكىرنى چۈشەندۈرۈشتە كۆپ خاراكتېرلىك، ئۇزۇن تەركىبلىك، تەسۋىرىي بولۇشلىرىدا ئىپادىلەندى. XI ۋە XII ئەسىرلەر ئىران ئەدەبىياتىدا شېئىر ساھەسى، بولۇپمۇ مەسنەۋى، قەسىدە، رۇبائىي تۈرلىرى كامال تاپقان ئالتۇن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. XIII ۋە XIV ئەسىرلەر بولسا، غەزەل تۈرىنىڭ ئەڭ تەرەققىي تاپقان دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە ئىران شېئىرىيىتىگە ئىككى يېڭى ئامىل كىرگەنلىكى مەلۇم. بىرى، شەيخ سەئدى شىرازىنىڭ (1294 - يىلى ۋاپات بولغان) ئېلىپ كەلگەن ئىلمىيلىك ھاۋاسى؛ يەنە بىرسى، غەزەل ساھەسىدە ۋە ئۆزىدىن كېيىن كىرگەنلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ھاپىز شىرازى (1388 - يىلى ۋاپات بولغان) ئەڭ جۇشقۇن بىر چۈشەنچە بىلەن تىلغا ئالغان ھايات ۋە تەبىئەت سۆيگۈسىدۇر، ئىران ئەدەبىياتىدا فىردەۋسى داستانىنىڭ، ئەنۋەرى قەسىدىنىڭ، شەيخ سەئدى بولسا غەزەلنىڭ ئۇستىلىرى سانىلىدۇ. سەئدىنىڭ شېئىرىدە ھېكمەت، ئىخچام سۆزلەر، چوڭقۇر مەنە، ئىنچىكە پىكىر ئويۇنلىرى قولاي ۋە راۋان بىر تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. XV ئەسىر شېئىرىنىڭ يېڭىدىن تەسەۋۋۇپقا قايتقان دەۋرى بولۇپ، بۇنى موڭغۇللارنىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە خانىۋەيرانچىلىقلارغا باغلىغۇچىلار بار. بۇ دەۋردە يېتىشكەن مەغرىبى تەبرىزى (XV ئەسىرنىڭ باشلىرى)، ئىسمەت بۇخارى (XV ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋاپات بولغان)، نىئمەتۇللاھ كىرمانى (1430 - يىلى ۋاپات بولغان) غا ئوخشاش شائىرلار غەزەل ۋە مەسنەۋى تۈرىدە تەسەۋۋۇپنى ئاساسىي تېما قىلغان مۇھىم ئەسەرلەرنى تەقدىم ئەتتى. XV ئەسىر ئىران ئەدەبىياتىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، پۈتۈن ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىگە كەڭ ئورۇن بەرگەن شائىر موللا جامى (1492 - يىلى ۋاپات بولغان) دۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپرەك تارىخ ۋە تەزكىرە مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ. بۇ دەۋرنىڭ نەسىر تىلى بەك ئېنىق، ئۇقۇملۇق ھېسابلانمايدۇ. جۈملىلىرى ئۇزۇن، خاراكتېرلىك ۋە بېزەلگەندۇر. XVI ئەسىردىكى ئىران ئەدەبىياتى كۆپرەك ھىند تەسىرى ئاستىدا قالغان، سەبكى ھىندى دەپ ئاتالغان چۈشەنچىنىڭ تارقالغان دەۋرى سانىلىدۇ. XVI ئەسىر ئىران ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئۆتكۈنچى دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئىران ئەدەبىياتى ئۇرفى، باباپىغانى ۋە فرۇزى قاتارلىق يىرىك يازغۇچىلارنى يېتىشتۈردى.

بۇ دەۋر نەسرى ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆتكەن ئەسىرلەردىكىگە ئوخشاش تارىخ، ئەخلاق تېمىلىرىنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەر، شائىرلار تەزكىرىلىرى، سۆزلۈكلەر كەڭ ئورۇن ئىگىلەيدۇ. شائىرلار بىر پىكىرنى چۈشەندۈرۈشتىن كۆرە سەنئەت ھۈنىرىنى كۆرسىتىشنى،

سۆز ئويۇنلىرى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى غىياسۇددىن خۇاندىمىر (1543 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «ھەبىبۇسسىيەر» ناملىق تارىخى، ئەھمەد غاپپارنىڭ «نىگارىستان»، «جىھان - ئارا» («جاھاننىڭ زىننىتى») ناملىق ئىككى ئەسىرى، ئەمىن ئەھمەد رازىنىڭ «ھەپت ئىقلىمى» («دۇنيانىڭ يەتتە بۆلۈمى») گە ئوخشاش تەزكىرىلىرىدىن ئىبارەت. يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن ياندىش تەرجىمە پائالىيەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭمۇ كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەنلىكى كۆرۈلىدۇ.

XVII ۋە XVIII ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ نازىرى (1612 - يىلى ۋاپات بولغان)، تالىب ئامۇلى (1626 - يىلى ۋاپات بولغان)، كەلىم ھەمەدانى (XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋاپات بولغان)، زۇھۇرى (1615 - يىلى ۋاپات بولغان)، سائىب تەبرىزى (1669 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار كۆپرەك ھىندىستاندا ياشىغان ئىران شائىرلىرى بولۇپ، شېئىردە كەڭ خىيالغا، سۆز ئويۇنلىرىغا، مەنە ئىنچىكىلىكلىرىگە، بەدىئىيلىككە ئەھمىيەت بېرىشتى. ئۇلاردىن كېيىن ئەدەبىياتقا كىرگەن ئابدۇلقادىر بېدىل (1720 - يىلى ۋاپات بولغان)، ھاتىف ئىسپاھانى (1783 - يىلى ۋاپات بولغان») لارمۇ ئەينى يولدا مېڭىشتى. تارىخ ساھەسىدە نادىر شاھ دەۋرىنى تېما قىلغان، مىرزامەھدى خان تەرىپىدىن يېزىلغان «دۇررەئى نادىر» («نادىر ئۈنچە دانىسى») ناملىق ئەسەر مۇھىم ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر ئالىملىرىدىن مەھەممەد باقىر مەجلىسىنىڭ دىنىي تېمىلاردا يازغان ئەسەرلىرى دەۋرىنىڭ دىن، ئەخلاق، تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن ئۆرنەكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قازى نۇرۇللاھ شۇستەرىنىڭ 1601 - يىلى تاماملىغان شىيە مەزھىبى ئالىملىرىنىڭ، ھوقۇقچىلىرىنىڭ (قانۇنچىلىرىنىڭ)، تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ ھۆكۈمدار ۋە شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ھاياتلىرىنى تەتقىق قىلغان ئەسىرى، ئەھمەد رازىنىڭ 850 كە يېقىن شائىرلارنىڭ ھاياتىنى ئىچىگە ئالغان تەزكىرىسى (1760 - يىلى يېزىلغان) ئەدەبىيات ساھەسىدە پايدىلىنىدىغان ئاساسىي مەنبەلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ شەرق ئەللىرىگە تارقىلىشى، يېڭى سەنئەت قاراشلىرى، رېئاللىققا، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش پۈتكۈل شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا بولغىنىدەك، ئىراندىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. غەزەل، قەسىدە، رۇبائى، قىتئە، بېيىتكە ئوخشاش قەدىمكى شېئىر شەكىللىرى يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ. مىجمەر ئىسپاھانى (1810 - يىلى ۋاپات بولغان)، نېشات ئىسپاھانى (1828 - يىلى ۋاپات بولغان)، فۇرۇگى (1857 - يىلى ۋاپات بولغان)، ۋىسال شىرازى (1845 - يىلى ۋاپات بولغان)، قائىممaقام (1835 - يىلى ۋاپات بولغان)، سۇرۇش ئىسپاھانى (1868 - يىلى ۋاپات بولغان)، مەھمۇدخان مەلىكۇششۇئار (1895 - يىلى ۋاپات بولغان) لارغا ئوخشىغان شائىرلار، سەبكى ھىندى ئەنئەنىسىدىن قۇتۇلۇپ، قەدىمىي ئىران شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشتى.

نەسىر ساھەسىدىمۇ شېئىرغا ئوخشاش بىر خاھىش كۆزگە چېلىقىدۇ. چىرايلىق، ئەمما چۈشىنىكسىز خىياللار، خاراكتېرلار بىلەن بېزەلگەن سەنئەت ئويۇنلىرىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراقلىشىپ، دىن، ئەخلاق، تەسەۋۋۇپ، تارىخ تېمىلىرى كەڭ ئو-

رۇن ئالدى. XX ئەسىر ئىران شېئىرلىرىدە ئويغىنىش، تەدرىجىي ھالدا زامانىۋى سەنئەت چۈشەنچىسىگە يۈزلىنىش كۆرۈلىدۇ. كۈنلۈك ھادىسىلەر، رېئال ھايات شېئىرگە كىرىپ بارىدۇ. قەدىمكى چىرايلىق سۆز ئويۇنلىرى بىلەن تولغان شەكىلدىن يىراقلىشىپ، پىكىرلەرنى شېئىرگە بولۇشىچە كىرگۈزۈش تۈيغۇلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مىللىيەتچىلىك ئېقىملىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، شېئىرلىرىدە كۆپرەك مىللىي تۇيغۇلارنى تىلغا ئالغان ئىنقىلابىي پىكىرلىك ئەسەرلەرنى بېرىپ، مۇھىتىغا تەسىر ئۆتكۈزگەن شائىرلارمۇ يېتىشكەنىدى. ئىران ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئالدىنقى قاتاردا كېلىۋاتقان شائىرلار ئارىسىدا ئىرەج مىرزا (1923 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەدىب ئۇل - مەمالىك (1917 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىشقى (1923 - يىلى ۋاپات بولغان)، باھار خۇراسانى (1886 - يىلى تۇغۇلغان)، پەرۋىن ئىتىسامىي (1910 - يىلى تۇغۇلغان)، رەشىد ياسەمى (1896 - يىلى تۇغۇلغان) لارغا ئوخشىغان غەرب شېئىرىيىتى ۋە مەدەنىيىتىگە مايىللىقى بارلارنىڭ نامى كۆزگە چېلىقىدۇ.

ھازىرقى ئىران ئەدەبىياتىدا رومان، تىياتىر، ھېكايىگە ئوخشاش سەنئەت تۈرلىرى ئويغىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا. كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى تۈپەيلى يېڭى باشلانغان رومان ژانىرىدا تارىخىي تېمىلار بىلەن رومانتىزم خېلىلا سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تىياتىر ساھەسى تېخى بوۋاقلىق باسقۇچىدا كېتىپ بارىدۇ. ئىراندىكى يېڭى ئەدەبىياتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى رۇس، ئىنگلىز ۋە فرانسۇزلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## ئىراق ئەدەبىياتى

ئىراق ئەرەب مەملىكىتى بولسىمۇ، لېكىن تارىختا ئۆزلىرىگە خاس بىر ئەدەبىياتىنى ياراتقان ئەمەس. ئىسلام پەيلاسوپلىرىنى، ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، شۇنىڭدەك شائىرلارنى، يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئىراق پەقەت مەكتەپلىك ۋەزىپىسىنىلا ئورۇنلىدى. ئىراقتا ئورغۇنلىغان ئىلمىي ئېقىملارغا مەنسۇپ كىشىلەر ئوقۇغان، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مۇستەقىل بىر ئەدەبىياتى يوق. پەرەزداق، بەششار بىن بۇرد، ئىبنۇل ئەھناف، ئەبۇل ئاتاھىيە، ئەلى بىن ئەل - جەھىم، ئىبنۇر رۇمى، ئىبنۇل ھەججاج، ھەرىرى، ئەبۇ زەيد سەئىد بىن ئەۋسۇل ئەنسارى، ئەبۇ ھاتىم سەھىل بىن مۇھەممەد سىجىستانى، ئەبۇ ئۆمەر سالىھ، بىن ئىسھاق ئەل - جارمى، ئىبنى دۇرەيد قاتارلىق يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە ئەدەبىياتچىلار ياكى ئىراقتا تۇغۇلغان، ياكى ئۇ يەردە ئوقۇغان، ئەسەرلىرىنى شۇ يەردە يازغان ئالىم، شائىر، ئەدىبلەردۇر. باغدات ۋە بەسرە ئەدەبىياتى ئۆز ئالدىغا ئايرىم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئەرەب تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان، مۇستەقىل بىر ئىلمىي ئېقىم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دەسلەپكى مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى بەسرە ۋە باغداتتا قۇرۇلغانىدى. بەسرەدە قۇرۇلغان مەشھۇر تۇنجى تىل مەكتىپى كېيىنكى يىللاردا ئەل - مەنسۇر تەرىپىدىن پايتەخت باغداتقا كۆچۈرۈلگەنىدى. تىلشۇناس خەلىل بىن ئەھمەد، مۇئەررەج بىن ئامرۇس - سادۇسى، نادىر بىن شۇمەيل،

مۇھەممەد بىن ئەھمەد ئەل - مۇستەنسىر، مۇھەممەد بىن ھەبىب، ئەل ئەھفەش سەئىد بىن مائادا، ئىسابىن ئۆمەرگە ئوخشاش تىلشۇناس ئالىملار بەسرە مەكتىپىدە يېتىشكەنىدى. سىبتۇل جەۋزى بولسا، باغداتلىق ئىدى.

ئىراق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات ساھەلىرىنىڭ بىر مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. پارس، ئەرەب، تۈرك، ئىبرانى تىللىرىدا ئەسەر يازغان نۇرغۇن ئەدەبىياتچى، شائىرلار شۇ يەردە يېتىشكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فۇزۇلى، رۇھىلارغا ئوخشاش XVI ئەسىر تۈركىي شائىرلىرىمۇ بار.

ئىراق ئەدەبىياتى يەنىلا تىلى، چۈشەنچىسى، تۇيغۇلىرى، تېمىلىرى ئورتاق بولغان ئىسلام ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ. قىسقا ھېكايىچىلىقنىڭ ئىجادچىسى ھەرىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شېئىرلاردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار تۈرك، ئىران ۋە باشقا ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاشلا قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋى ھەم رۇبائى تۈرلىرىدە يېزىلغان. تېمىلىرى ئىشق، زەۋق، جۇدالىق، دەرد - ئەلەم، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچىلىكى، ئىنساننىڭ پانىيلىقى، مەھبۇبنىڭ ۋاپاسىزلىقى، گۈزەللىكى، ئاشىقى كۆرۈنۈشى، تەكرى، كائىنات، جەننەت، جەھەننەم، مەي، تەسەۋۋۇپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. قەسىدىلەر دۆلەت ئۇلۇغلىرىنى، سۇلتانلىرىنى مەدھىيىلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سۆيگىنىنى مەدھىيىلەش ئۈچۈنمۇ يېزىلاتتى. ئىراق شېئىرىيىتىدە باشقا ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ شېئىرىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدە پەرق بۇ ئەدەبىياتتا مەيگە - شارابقا نىسبەتەن ئەمەلىي ھېسسىياتقا تېخىمۇ كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن. بۇ خاھىش ئىران ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بولغان. ئىراق ئىرانغا يېقىن بولغانلىقى، نۇرغۇن ئىران شائىرلىرى ئۇ يەرگە، بولۇپمۇ باغداتقا ئورۇنلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئىران بىلەن تونۇشۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى يارىتىلغانىدى.

سىياسىي جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە، مۇستەقىللىققا يېڭى ئېرىشكەن ئىراقتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلار يوق دېيەرلىك. دەۋرلەردىن بېرى ئىراق ھەر جەھەتتىن ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئارىسىدا بىر كۆۋرۈكلۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، بۇ ھالەت ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشىنى، ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر بىر تەسىر ئاستىدا قالدۇردى. XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ ياشىغان ئىراقتا رومان، تىياتىر تۈرلىرى راۋاجلانمىدى. بۈگۈن غەرب بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىراقتا شېئىرىيەت نۇرغۇن ئىنتىلىشلەردە بولغان بولسىمۇ، لېكىن قوشنا مەملىكەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك ياكى ئۇلار بىلەن پاراللېل ماڭالىغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس.

تۈركچىدىن: ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى تەرجىمىسى.



# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

## بىر ئۇلۇغ دەۋرنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى — سىمىننا.د. پوفۋا

1980 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سارترې پارىژدىكى پىروسى دوختۇرخانىسىدا نەپەستىن توختىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قاراۋاتقان بىر ياشانغان خېنىم قايغۇ - ھەسرەتنى زورىغا بېسىپ، بۇ پەيلاسوپنىڭ يېنىدا يېتىۋالدى ھەمدە سارترېنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كەتكۈچە بۇ يەردىن قوزغىلىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭدىن تۇپتوغرا ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ خانىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە سارترېنىڭ يەرلىكىگە دەپنە قىلىندى، ھالبۇكى سارترېنىڭ دەپنە مۇراسىمى دەل ئالتە يىل بۇرۇنقى مۇشۇ كۈندە ئۆتكۈزۈلگەنىدى.

بۇ خانىم فرانسىيىنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىسى، پەيلاسوپى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى سىمىننا. د. پوفۋا ئىدى. ئۇ نەچچە ئون يىللىق ھاياتىدا فرانسىيە مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى جانلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى، سارترې بىلەن بولغان ئۆزگىچە مۇناسىۋىتى ئۇنىڭغا ئاجايىپ تۈس بېرىپ، ئۇنى كىشىلەر ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. سارترېنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 50 مىڭ كىشى كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللار ھوقۇقى تەرەپدارلىرى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتتى. بەزىلەر ئۇنى: «XX ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ بىرى» دېسە، بەزىلەر: «XX ئەسىردىكى ئەڭ مۇرەككەپ ئاياللارنىڭ بىرى» دېدى، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن سارترېنى: «مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ جۈپتلەر» دەپ ھېسابلىدى. شۈبھىسىزكى، مۇنداق بىر ئادەمنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە باھالاپ تونۇشتۇرۇش ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى مۇھىم بىر تېما. فرانسىيىدە 70 - يىللاردىلا ئۇ ھەققىدە كىنو ئىشلىگۈچىلەر، تەرجىمىھال يازغۇچىلار چىققان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىر ئاز دېگەندە 32 يازغۇچى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان فرانسىيىلىك پروفېسسورلار — كىرود فرانسى بىلەن فېخنا گوتېئاي بىرلىكتە يازغان «سىمىننا. د. پوفۋا» بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئىككى ئاپتور د. پوفۋا بىلەن ئون

يىل باردى - كەلدى قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلەر توپلىمىنى رەتلىشكە ياردەملەشكەن، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قېتىم خەت يېزىشقان، يۇقىرىقى تەرجىمىھالنى يېزىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 60 سائەت سۆزلىشىپ، نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىيالىغا ئېرىشكەن. بۇ تەرجىمىھال جانلىق ۋە ئەينەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەر بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇنلىغان تەپسىلاتلار ئاشكارىلانغان. بۇ كىتاب فرانسۇزچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1987 - يىلى ئىنگلىز تىلىدىمۇ نەشر قىلىنغان، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا بەس - بەس بىلەن تونۇشتۇرۇلغان ۋە باھالانغان.

د. پوفۇۋا 1908 - يىلى پارىژ شەھەر ئەتراپىدىكى ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، ئىرىشچان، بۈيۈك ئىرادىلىك ئىدى، ساۋاقداشلىرى ئۇنى «قۇندۇز» دېگەن لەقەمى بىلەن ئاتىشاتتى، بۇ ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چەبدەسلىكىنى، كۈنبويى بىردەممۇ تىنىم تاپمايدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ھەتتا ئۇ تاماق يەۋېتىپمۇ گىرىكچە سۆزلەرنى يادلايتتى ياكى ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى يېشەتتى. ئۇ 21 ياشقا كىرگەن يىلى داشۆنى پۈتتۈرۈپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش داۋامىدا ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ، ئەمما پاكارراق كەلگەن سارترې بىلەن تونۇشتى. ئۇلار ئىمتىھان نەتىجىسىدە تەڭلا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ، پەلسەپە پروفېسسورى دېگەن سالاھىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان د. پوفۇۋا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ، كېيىن ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ: «سارترې بىلەن تونۇشقىنىم ‹ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىم›، مەن ئۆمرۈمدە ئۆزۈمنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە باشقا بىرەيلەندىن سەل ئاجىز ئىكەنلىكىمنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم» دېگەنىدى. بۇ ئىككى پەيلاسوپ بىردىنلا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى، ئەمما سارترې: «نىكاھ — ‹بىر خالتا ئەخلەت›، ئائىلە - كىشىلىك ھاياتىنىڭ يۈكى» دەپ قارىدى. د. پوفۇۋامۇ توي قىلىش «بىر خىل ئىپلاسلىق، ئاياللارنى بېقىندىلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇرژۇئازىيە پرىنسىپى» دېگەن قاراشتا بولدى. ئۇلار ئىككىسى مەڭگۈ توي قىلماسلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر قايسىسىنىڭ باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلىشتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېرىم ئەسىرلىك ھايات داۋامىدا ئۇلار نۇرغۇنلىغان زىددىيەت ۋە تالاش - تارتىشلارغا ئۇچرىدى، ئەمما ئىمكانىيەت بولسىلا ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇردى. سارترېنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن، 1956 - يىلى جۇڭگوغا قىلغان زىيارەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە د. پوفۇۋا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئەمما ئۇلار زادىلا بىللە ياشاپ باقمىدى، يەنە كېلىپ، ئىككىسىلا باشقىلار بىلەن بولغان نۇرغۇن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. سارترې ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا د. پوفۇۋاغا: «مەن سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، قەدىرلىك قۇندۇزۇم، سەن مېنىڭ ياخشى خوتۇنۇم» دەپ شىۋىرلىدى. د. پوفۇۋا كېيىنچە سارترېنىڭ بۇ سۆزىنى تازا چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى، ئەمما ئۇ ئۆز تەرجىمىھالىنىڭ 4 - قىسمى — «ئۇزىتىپ قويۇش» (ئىنگلىزچىسىدە «خەير - خوش: سارترې بىلەن ۋىدالىشىش»

دەپ ئېلىنغان) تا ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق گەپنى قىلدى: «ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىزنى ئايرىپ تاشلىدى، مېنىڭ ئۆلۈمىممۇ بىزنى بىرلەشتۈرەلمەيدۇ».

د. بوفۇۋا بىلەن سارتىرې ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئۇنىڭدىكى ئاياللار ھوقۇقى مەسلىكىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى. ئۇ، 1953 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئىككىنچى خىل جىنس» دېگەن كىتاب ئاياللار ھوقۇقى مەسلەكداشلىرىنىڭ «ئىنجىل»ى دەپ ئاتالدى ھەمدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىدى، پەقەت ئامېرىكىدىلا بىر مىليون پارچە سېتىلدى. كىتابتىكى «ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئايال بولۇپ تۇغۇلمىغان، بەلكى ئايال بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن» دېگەن مەشھۇر سۆز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربتىكى ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالغان (ئەمما ئۇ، 20 يىل جەريانىدا بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشنى خالىمىغان). ئۇ ئاياللارنىڭ خىزمىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توي قىلماسلىقىنى، ئىمكان قەدەر ئەرلەرنىڭكىدەك كۆپ باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى چاقىرىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سارتىرې بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ قارىغان ھوقۇقىدىن زادىلا ۋاز كەچمىگەن. ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇنى «ئاتومنىڭ ھۇجۇمىمۇ ۋەيران قىلالمايدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنچ بىلەن: «مەن ئۆز ئۆمرۈمدە ماڭا ئوخشاش ئۆز بەختىنى ھەردائىم قىلچە تىز پۈكمەي قولغا كەلتۈرگەن ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم» دېگەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى مۇھەببەت، بولۇشچە يەپ ـ ئىچىش، ئويۇن ـ تاماشا دېگەندەك رەسمىي تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلمايدىغان ئىشلار بىلەن تولغان.

د. بوفۇۋا ئۆزىنى پەيلاسوپ دەپ ھېسابلىمىغان، بەلكى ئەدەبىياتنىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي كەسپى دەپ قارىغان. ئۇ ئۆمرىدە بەش پارچە رومان، ئىككى پارچە ھېكايىلار توپلىمى، بىر پارچە دراما، تۆت توملۇق تەرجىمىھال ۋە سەككىز پارچە ئەدەبىي خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى چىقارغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار. ئۇلار ئوخشاشمىغان يوللار بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا جەمئىيەتتىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ، مۇشۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» قارىشىغا قارشى تۇرۇپ، «ئەدەبىياتقا ئارىلىشىش» تەشەببۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فرانسىيە ئەدەبىياتىدا ئۇلۇغ بىر دەۋر بارلىققا كەلدى. د. بوفۇۋا مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى. ئۇ ۋاپات بولۇپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراك بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «سىمىنا. د. بوفۇۋانىڭ ئۆلۈمى بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇبى پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنىڭ مەلۇم باسقۇچتىكى ئىدىيىۋى ئوربىتىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ». د. بوفۇۋانىڭ مۇرەككەپ ھاياتىنى يەنىمۇ ئېنىقچىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما يۇقىرىقى باھانى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئادىل دېيىشكە بولىدۇ.

(«ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1988 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانىدىن)

**غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى.



# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن

## ☆ قادىر ھەسەنوۋ ☆

قادىر ھەسەنوۋ 1912 - يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە كەمبەغەل ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ زەربات ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا مەتبۇئات ئىشلىرىنى تەشكىللەش، يولغا قويۇش جەھەتلەردە كۆپلەپ ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

ئۇ بىرنەچچە يىلغىچە قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە بۇ جەمئىيەت تەركىبىدىكى ئۇيغۇر سېكسىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

قادىر ھەسەنوۋ 30 - يىللاردىن باشلاپلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئۆزى توپلىغان «سوتسىيالىزم قوشاقلىرى» كىتابىدا (1930)، كېيىنرەك «تاڭ سىرلىرى» (1947)، «شېئىرلار» (1948)، «كەنجە» (1950) ناملىق توپلاملىرىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئى. ساتتاروۋ بىلەن بىرلىكتە يازغان «گۈلىستان» دراممىسى، بوشايان بىلەن بىرلىكتە يازغان «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ...» دراممىسى ۋە «ھايات يولىدا»، «نوزۇگۇم» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى بار.

## يېڭى يىلدا يېڭى غەيرەت

يېڭى يىلنىڭ شاراپىتى
يارۇ دوستلار كېلىشكىلار،
قولدا باكال بىز ئىچەيلى،
تەبرىك بىلەن ئېلىشكىلار!

بىز ئىچەيلى، لىق تولدۇرۇپ،
ئىتتىرىمسۇن قولۇڭلار،
ئۇلۇغ ۋەتەن ئالغا چامداپ،
داغدام بولسۇن يولۇڭلار.

يېڭى يىلدا يېڭى مەقسەت،
جاراڭلىسۇن ئاۋازلار،
خۇش مۇھەببەت، دوستلۇق ئىلپەت،
نەغمە - ناۋا ھەم سازلار.

يېڭى يىلدا يېڭى غەيرەت،
شىمايلانسۇن بىلەكلەر،
كوممۇنىزم مەنزىلىگە
يېتىش بىزنىڭ تىلەكلەر.

## ۋەتەن تۇيغۇلىرى

1

ئىلىم ساڭا قىلدىم سوۋغا
يېزىپ بېيىت - ناخشىلار.
چېكىپ تەمبۇر كۆڭۈل سىرى
ئېچىلدۇرماق ياخشىلار...

مەن ياش شائىر، شۇنداقتىمۇ،
داۋان ئېشىپ، سۇ كەچتىم.
ھەممە جايدا ئۇلۇغ تىنىپ،
ئىلھامىمدا سۆز ئەشتىم.

چۈنكى ئىلىم تۇغقان مېنىڭ،
تەڭ - تۇشى يوق ئالدىمدا.
ئەركىن - ئازادە، يوقتۇر ئازاب،
ئۈلگە بولغان ئالەمدە.

2

نەگە بارساڭ بولسا شەدە،
كۆكلەم پەسلى - باھار ئاي.
سايراپ تۇرسا بۇلبۇل قۇشى،
گۈل ئىشقىدا ماراپ جاي.

چىدىسۇنمۇ شائىر كۆڭلى،
ئۆز ئېلىنى ماختىماي.
تاشقىندىسا خەلق بەختى،
دەريا، دېڭىز، سايمۇ - ساي..

ئەسىر ئۆتۈپ كىشىلىكتە
بولمىغان بۇ مىسلى جاي،
ھەم تارىخىي كېلەر كۈنلەر
يورۇتقۇسى بولۇپ ئاي.

## مۇھەببەت

سېنى ماڭغۇزۇپ
مۇقەددەس يولغا،
چۆكۈپ كېلىمەن
چوڭقۇر بىر ئويغا.
قولۇمنى قىسىپ
خوشلاشقان بەلگە،
كۆڭلۇمدە قالدى
بولۇپ يالداما.
ئۇنتۇما ھەرگىز
ۋەدەمنى مېنىڭ،
باغلاپ مۇھەببەت
غېمىڭنى يېگەن.
چۈنكى مۇھەببەت
ئۆلۈمنى يېگەر،
ئۆلۈمدىن ئەلا
مۇھەببەت دېگەن.

## رىزۋانگۈل

خەۋەر كەلدى گويا بىر
سولدى دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل.

ئەل داڭقىنى ياد قىلىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۈل.
بەل باغلىغان جەڭلەردە
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسۇنمۇ..! ھېچ قاچان
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل!
ئۇ بىر توزىماي ئېچىلىپ
تۇرغان ئەسلا قىزىلگۈل.

## ئىسمايىل ساتتاروۋ

(1943 — 1916)

ئىسمايىل ساتتاروۋ 1916 - يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مەتغازى ساتتاروۋ ئىلغار كوممۇنىستلاردىن بولۇپ، ئۇستا تۆمۈرچى ئىدى. ئىسمايىل ساتتاروۋ ئالمۇتادىكى «زەربات» ناملىق 9 يىللىق ئۇيغۇر مەكتىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دەسلەپ ئۇيغۇر تىياتىرىدا. 1936 - يىلىدىن باشلاپ «قىزىل تۇغ» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. دراماتۇرگىيە ساھەسىدە ئۇ سەھنىلەشتۈرگەن «غېرىب - سەنەم» مۇزىكىلىق دراما سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ شۆھرەت قازىنىدۇ ۋە ھازىرغىچە سەھنىلەردە ئوينىلىپ كەلمەكتە.

شېئىرىيەت ساھەسىدە ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «ياشلىقىم» 1940 - يىلى نەشر قىلىنىدۇ. 1941 - يىلى «تورغان» داستانىنى يېزىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرقانچىسى رۇس ۋە قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلىدۇ. يالقۇنلۇق ياش شائىر ئىسمايىل ساتتاروۋ 1944 - يىلى 14 - مارتتا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ.

### ...غا

سەن چىرايلىق: يۈزۈڭ ئاپئاق، قېشىڭ قارا،
كۆزلىرىڭ كۆل، كىرپىكلىرىڭ سايە ئاڭا.
لەۋلىرىڭدە قىپقىزارغان ئالما رەڭگى،
ئەي ئوماق قىز، زوق ئېلىدىم جامالىڭغا.

بۇلۇت ئوخشاش بۇدۇر - بۇدۇر قارا چېچىڭ،
ئەۋرىشىمدەك تولغىنىدۇ بېلىڭ سېنىڭ.

### رەھمەت ئانا

رەھمەت، جېنىم باغرىم ئانا،
رەھمەت مېنى تۇغقىنىڭغا.
چۈنكى چېلىش تاتلىق ماڭا،
خەلق بەختى ئۈچۈنلىغاچقا.

ھازىر يىراق،
لېكىن كېلەر
كېلەر دەۋر يىلانىتىدا،
خەلق ياشار بىز دۈشمەنسىز
بۇ چېلىشلار ئارقىسىدا.

1938 - يىل

ئېيتقىن، سىڭىل، قانداق كۈچ بار كۆزلىرىڭدە،
زوق تارتىدۇ قاش سەكرىتىپ قاراشلىرىڭ.

بىلەكلىرىڭ ئەجەب يۇمشاق، كۆكسۈڭ ئېگىز،
تىلىڭ شېرىن، قىلىقلىرىڭ تاتلىق مېغىز.
كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىغىنا، ئەي نەپىس قىز،
ساڭا بېقىپ سۆزلەي پەقەت ئىككى ئېغىز:

كۆرگىنىمدە شۇنچە تارتتىڭ دىققىتىمنى،
كېڭىشىم شۇ: بىل ئادەمنىڭ سەن قەدرىنى.
دىلىڭ سېنىڭ ئاي يۈزۈڭگە ئوخشىمسا، ـــ
ئۆمچۈكلەرنىڭ تورى باسسۇن جامالىڭنى.

ئەگەردە سەن ئەمگەك سۆيۈپ ئىشلىمسەڭ،
خەلق ئۈچۈن كېرەكلىكنى ئىزلىمسەڭ،
سەن بىز بىلەن بىر مەقسەتنى كۆزلىمسەڭ،
سەن ئۇ چاغدا بىر يىلاندەك كۆرۈنسەن.

يىلاننىڭمۇ سىرتى يۇمشاق، لېكىن ئىچى،
ئىچى ئۇنىڭ تولغان زەھەر، بىلگىن شۇنى.
كەچۈر سىڭلىم، بۇ سۆزۈمگە رەنجىمىگىن،
سېنى پەقەت شۇنداق بولما دەپ ئىندىدىم.

ياشلىقىمىز گۈلدىن گۈزەل، يولىمىزنى ـــ
كەڭ ياسىغان بولشېۋىكلار پارتىيىسى.
ياشلار ئۈچۈن شادلىق قۇچۇپ ئاتلىنىشلى،
ئەڭ ياخشى سەن ـــ كومسومۇللار كالونىنسى.

**ئالمىچە**

ئاھ، جان ئالمىچە!
بۇك باغ ئىچىدە،
سېنى سۆيىمەن
كۆكسۈم قانغىچە.
سەن قىزىل غۇنچە،
سەن گۈزەل شۇنچە،

ساڭا ئاشىقمەن
جېنىم ئالمىچە.
قىزىل ئالمىچە،
بىزنىڭ بەلگىدە.
ساڭا سايرايمەن
گۈلنىڭ بەرگىدە.

ئاھ، پاك جىنىم،
سەن گۈلۈم مېنىڭ.
كىرلىك قوللاردىن
سېنى ساقلىدىم.
سېنى كۈن سۆيەر،
ئۇپۇق ئاتقىچە.
ئاندىن ئاي سۆيەر
تۈنلەر ئاتقىچە.
ئايھاي، ئالمىچە!
بۇك باغ ئىچىدە.
سېنى سۆيىمەن
كۆكسۈم قانغىچە.

1938 - يىل

## مەن

مەن «مەن» دەپ يازسام،
ئوقۇغاندا دوستۇم،
سىزمۇ «مەن» دەپ ئوقۇيسىز.
شۇنداق بولسۇن،
سىز ئوقۇغان «مەن» نى —
«مەن ئىكەنمەن بۇ» دەپ ئوقۇڭ سىز.

مەن چۈشۈمدە كۆردۈم سىزنى كېچە،
ھەر ئاخشىمى شۇنداق كۆرىمەن.

ھە، ئويغۇمدا
كۆرۈشكەندەك بىللە...
كۆرۈشمىسەك
ھەممە يەردە ئويلاپ يۈرىمەن.
مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بىر ياش تىلەك —
سوۋېت ياشلىرىنىڭ بىرىمەن.
مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بىر گۈل - چېچەك، —
ئازاد، ئاۋات باغنىڭ گۈلىمەن.
بىللە تۇزۇپ، بىللە شاد يۈرگەچكە،
چىن يۈرەكتىن سىزنى سۆيىمەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى، ھەي بەختلىك
دوستۇم،

سىزنى —
مەن ئۆزۈم دەپ بىلىمەن.

مەنمۇ كەڭ ھوقۇقلۇق
ئۇلۇغ،
كۈچلۈك،
مەغرۇر مىليونلارنىڭ بىرىمەن.
مەن يالغۇز ئەمەس،
چۈنكى
ئۆم خەلقىنىڭ
خۇشال سايراۋاتقان تىلىمەن.

1939 - يىل.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر،
جاپپار ئەمەت.

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ يېقىندا جەنۇۋدە ئېچىلغان خەلقئارا بالىلار كىتابلىرىنى باھالاپ-مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئەنگلىيە ئايال يازغۇچىسى ئانىتا ھابىنىڭ «بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ» ناملىق ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. برازىلىيە ئايال يازغۇچىسى ئاننا مارىياماساتونىڭ «قۇرۇق گەپ» ۋە ئېلىمىز ئايال يازغۇچىسى گى سۇيلىننىڭ «ياۋا ئۈزۈم» ناملىق ئەسەرلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

جۇڭگونىڭ مەشھۇر 10 نەپەر چۆچەك يازغۇچىسىنىڭ بىرى بولغان گى سۇيلىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئاندېرسون چۆچەكلىرىنىڭ دۇنيادا مەشھۇر بولۇشى ئۇنىڭ بىر مىللەتكە، بىر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدا»، «مېنىڭچە، بالىلار ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.»

△ بېيجىڭ شەھىرىدە «لاۋشې ئەدەبىيات-سەنئەت فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى.

«لاۋشې ئەدەبىيات-سەنئەت فوندى جەمئىيىتى» بېيجىڭ شەھىرىدىكى يازغۇچى، سەنئەتكارلار ۋە لاۋشېنى قىزغىن سۆيىدىغان، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ لاۋشې ئەدەبىيات-سەنئەت فوندىنى توپلايدىغان، باشقۇرىدىغان، ئىشلىتىدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرساھە كىشىلىرىدىن ئىئانە توپلاش، بېيجىڭ شەھەرلىك لاۋشې تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىگە ياردەم بېرىش، لاۋشې ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى تارقىتىش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

«لاۋشې ئەدەبىيات-سەنئەت فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ ئۇزۇنغا قالمايلا ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى ساھە كىشىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى. بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ فوند جەمئىيىتىنى قوللىدى. لاۋشېنىڭ خانىمى خۇجېچىڭ «لاۋشې ئەسەرلىرى» نىڭ بارلىق قەلەم ھەققىنى فوند جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلدى. بېيجىڭ شەھەرلىك چايچىلار سودا كومپانىيىسى فوند جەمئىيىتىگە 30 مىڭ يۈەن تەقدىم قىلدى.

△ بۇ يىللىق H. W. شمىس ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى ئاۋستىرالىيىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوبزورچىسى ۋە يازغۇچىسى روبېرت شوسىنىڭ يېڭى ئەسىرى — «ۋەيران قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە دېڭىز ساھىلى» غا بېرىلدى. شمىس ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى تارقىتىلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ يىللىق مۇكاپات سوممىسى تۆت مىڭ فوند

ستىرلىڭىدىن 10 مىڭ فوندستېرلىڭغا ئۆستۈرۈلدى.

شوس «ۋەيران قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە دېڭىز ساھىلى» نى 12 يىلدا يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا 1787-يىلدىن 1868-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاۋستىرالىيىدىكى ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ مەھبۇسلارنى خورلاش، سۈرگۈن قىلىنغانلارنى، كۆچمەنلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇش ئارقىلىق قانداق راۋاجلانغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاپتور: «بۇ ئەسىرىمدە ئەنگلىيىنىڭ ‹كەم-كۈتسىز سىبىرىيىسى› دىكى ھېكايىلار سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدا شەپقەتسىزلىك، قاتتىق سىياسەت تولۇپ تاشقان، قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن ئەسەرمۇ يوق. مانا بۇ — ئاۋستىرالىيىنىڭ ئىككى يۈز يىلدىن بۇيانقى تارىخىنى ياراتقۇچىلار ئۇنتۇشقا ئالدىراۋاتقان تارىخىي پاكىت» دېگەن.

بۇ كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئاۋستىرالىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدىكى ئالقىش سادالىرى ئىچىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش رولىنى ئوينىغان.

△ يېقىندا غەربىي گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى ئارىك كىنو شىركىتى مەشھۇر ئامېرىكا يازغۇچىسى ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتى خاتىرىلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەپ چىققان. 6 سائەتلىك بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرى بۇ يىل 5-ئايدا ئامېرىكىدا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە بىرلا ۋاقىتتا قويۇلغان.

يازغۇچى كاروس بېكىنىڭ «ھېمىڭۋاينىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا كامېلىتىنىڭ رولىغا چىقىش ئارقىلىق شۆھرەت قازانغان ئامېرىكا ئارتىسى ستاش جېس ئاساسىي قەھرىمان ھېمىڭۋاينىڭ رولىغا چىققان. تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ھېمىڭۋاينىڭ پارىژدىكى نامرات ۋە خام خىيالغا تولغان تۇرمۇشى، ئافرىقىنىڭ كەڭ دالاسىدىكى ھەيۋەتلىك ئوۋ پائالىيىتى، ئىسپانىيە ئالدىنقى سېپىدىكى مۇخبىرلىق ھاياتى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

△ ياۋ شۆيىنىڭ «ۋېنخۇي» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 6-سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ لىيۇ زەيفۇ بىلەن بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشكەن ئىككى پارچە ماقالەم ‹قىزىل بايراق› تا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نەزەرىيە ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى يولداشلار ياۋ شۆيىنىڭ پوزىتسىيىسى ياخشى، ئۇسلۇبى ئوبدان، قايىل قىلىشى كۈچلۈك بولدى، دەپ قارىدى. ھەتتا 90 نەچچە ياشلىق پېشقەدەم پەيلاسوپ ياڭ شيەنجېنمۇ تۇنجى ماقالەم — ‹ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيەت نەزەرىيىسى› نى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق ماختىدى. ئىككىنچى ماقالەم — ‹ۋەتەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلايلى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرايلى› دا جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى، ئىدىيە، مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى كەڭ دائىرىدە سۆزلەنگەن (بۇ ھەرگىزمۇ لىيۇ زەيفۇ تۆھمەت قىلغاندەك قانداقتۇر ‹ئۆزىنى ئۆزى ئىسپاتلاش› ۋە ئاتالمىش ‹غەلىتە چەمبىرەك› ئەمەس!). لىيۇ زەيفۇنىڭ ماقالىسىدا ماڭا خالىغانچە تۆھمەت قىلىشتىن باشقا، مەن بىلەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىدىغان بىر جۈملىمۇ سۆز يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى — ‹ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقى توغرىسىدا› دىكى بىرقانچە مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلىرىگە بەرگەن تەنقىدلىرىمدىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى قاچۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى ماڭا خالىغانچە تۆھمەت

قىلىشلا بولۇپ قالغان. لىۇ زەيفۇ ئېيتقان «ئەدەبىي مۇھاكىمە ۋە ئەدەبىي مۇنازىرە» مۇشۇمۇ؟

لىۇ زەيفۇ «بارلاق يول» بىلەن «لى زىچىڭ» نىڭ 1 - تومىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زېرىكمەي كەتكەنلىكىمدىنلا ئوقۇپ قويغان، كېيىن نەشر قىلىنغان ئىككى تومىنى ئوقۇمىدىم. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، بىرى - بىرىدىن بەتتەركەن، دەپتۇ.

ياۋ شۆيىڭ ئۆز ماقالىسىدا «لى زىچىڭ» نىڭ مەزمۇنى ۋە ئىجاد قىلىنىش جەريانى، شۇنداقلا بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ بۇ كىتابقا بەرگەن باھاسى ئۈستىدە توختىلىپ، لىۇ زەيفۇنىڭ «لى زىچىڭ»، «ئوچنى كەۋدىلەندۈرۈش» ئىجادىيەت پرىنسىپىنىڭ مەھسۇلى دېگەن قارىشىغا ئۇقتىلىق رەددىيە بەردى. ئۇ يات ئارىدا «يولداش لىۇ زەيفۇغا يېزىلغان ئوچۇق خەت» نى ئېلان قىلىپ، «لىۇ زەيفۇنىڭ تۆھمەتلىرىنىڭ كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدىكى يامان تەسىرىنى يوقىتىدىغان» لىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھاقارەت ۋە بۆھتانلىرىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلىش - قىلماسلىقىنى لىۇ زەيفۇنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

**8 - سانغا تۈزىتىش**

| بەت | كالونكا | قۇر يۇقىرىدىن | قۇر تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 7 | 2 | 8 | — | يۇدىسمۇ، | يۇرسىمۇ، |
| 48 | — | — | 6 | «باھار سوۋغىسى» | «باھار تەنتەنىسى» |
| 48 | — | — | 2 | «باھار سوۋغىسى» | «باھار تەنتەنىسى» |
| 49 | — | 16 | — | ئەدەبىيات | ماتېماتىكا |
| 115 | 1 | — | 15 | ئېغىزىدىن | ئاغزىغا |

ئاۋۇت مۇھەممەدى

# ھايات سادالىرى

## چوققىلارغا بېرىمەن سالام

ئاق سەللىلىق مويسىپىت گويا،
خان تەڭرىنىڭ قارلىق چوققىسى.
شۇ چوققىغا كۆزۈم مەھلىيا،
ئۇندا زىبىنىم-پىكرىم نۇقتىسى.

ھەر سەھەردە تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
چوققىلارغا بېرىمەن سالام.
چوققىلاردا چاقنىغان نۇردىن
قەلبىم مېنىڭ يورۇقتۇر داۋام.

ھەي چوققىلار، مەھمۇد، يۈسۈپتەك
بوۋىلارنىڭ سىيماسىمۇسەن؟
تىزمىلىرىڭ مەزمۇت بىر سەپتەك،
باتۇرلارنىڭ گۇۋاھىمۇسەن؟

قار يېپىنغان دالالىرىڭنى
بوۋىلارنىڭ يەكتىكى دەيمۇ؟
كۆز چاقناتقان جۇلالىرىڭنى
كېلەچەكنىڭ ئەينىكى دەيمۇ؟

ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاقلىرىڭنى
ئويچان قىزنىڭ كۆزلىرى دەيمۇ؟

گۈل-چىمەنلىك زىناقلىرىڭنى
«دىۋان لۇغەت» سۆزلىرى دەيمۇ؟

خان تەڭرىدە قەد كېرىپ تۇرغان
ئىككى ئالىم—ئىككى قوش چوققا.
مەرىپەتتە قايناپ جۇش ئۇرغان،
چەشمىلەرنى ئاققۇزغان يۇرتقا.

شۇڭا ھەر تاڭ تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
چوققىلارغا بېرىمەن سالام.
چوققىلاردا چاقنىغان نۇردىن،
قەلبىم مېنىڭ يورۇقتۇر داۋام...

## كۈنلۈك ئاستىدا

كۈلۈپ كەلدىڭ ئاھ، سۆيۈملۈكۈم،
ئېچىلغاندا قارا كۈنلۈكۈم.
چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئەسلا،
مۇنداق چاغدا ئويناپ كۈلمىكىم.

پېشانەڭگە تەقدىر پۈتكەنمۇ،
ياكى باغرىم سېنى كۈتكەنمۇ؟
بەلەن چاغدا قالدۇق ئۇچرىشىپ،
ھىجران ۋاقتى ئەمدى تۈگىگەنمۇ؟

ئۇچراشتۇردى كۆڭلۈك ئاستىدا،
بىۋاق ياغقان شىپالىق يامغۇر.
تۇرغىنىمدا ساڭا ياندىشىپ،
تاپتى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھوزۇر.

گويا شۇئاپ بىر جۈپ كەپتەردەك
بىز تۇراتتۇق ئارىمىز يېقىن.
چاتتى شۇئان ئىككى يۈرەكنى
تومۇرلاردا ئۆتتۈشكەن ئىقىن...

يامغۇر شۇنچە كەتسىمۇ ئەدەپ،
ماڭدۇق بىللە مۇڭدىشىپ ھەدەپ.

ئابلجان ھېيت

قورقمايدىكەن يامغۇردىن، قاردىن،
ۋىسال قۇچقان ئوتلۇق مۇھەببەت!

## يىغا

سەن توي كۈنى يىغلىساڭ قاتتىق،
توي يىغىسى شادلىق دېيىشتۇق.
كۆز ياشلىرىڭ بولسىمۇ ئاچچىق،
ۋىسال كۈنى تاتلىق دېيىشتۇق.

تويدىن كېيىن يەنە يىغلاپسەن،
پەريادىڭغا كىم سالار قۇلاق؟
راست يىغاڭنى بۇرۇن يىغلىساڭ
بولماسمىدى بىر ئادىل سوراق؟!

# ھىجران كۆكىدىن تامغان تامچىلار

## ئاچچىق ياش ئىلكىدە گۈزەل تۇيغۇلار

بىر گۈزەل يىغلايدۇ، كۆزلىرىدە ياش،
گۈزەللىك ئالىمى ئاڭا تومۇرداش.
نۇرلانغان تاڭ كەبى مەڭزىنى سۆيۈپ،
تاراملار كۆزگە سىڭىشكەن قۇياش.
ئاچچىق ياش ئىلكىدە گۈزەل تۇيغۇلار،
تاراملار جىلۋىدار شولىلار تۇتاش.
بۇ سۆيگۈ يېشىدىن زىنھار يېمەي غەم
ھەر قەترە ئىچىدە يۈيۈنار قۇياش!

## كەل، دىلبەر، بىز بۇندا ياشايلى بىللە

كەل، دىلبەر، بىز بۇندا ياشايلى بىللە،
ئۈمىدكە تويۇنغان ئىستەكنى سۆيۈپ.
بىز ئىنسان!
ياشايلى نۇرلار دېمىدە،
ساپ، تازا ھاياتنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ.
نەسلىدە بىلەك گۈزەل ئىدى تەبىئەت،

كۆلگۈنچەك بوۋاقتەك مېھرىلىك، ئوماق.
شۇ گۈزەل چېھرىگە ئۈستى - ئۈستىلەپ،
ھەق - ناھەق بېرىپتۇ خىلمۇخىل بوياق.
كەل، دىلبەر... قېنىقسۇن بۇندا ساپ ھاۋا،
يۈيۈنسۇن گۈگۈملار مېھنەت نۇرىدىن.
ساپ يۈرەك ئوتىدا پاكلانسۇن دۇنيا،
يۈز ئاچسۇن قاتمۇقات يوسۇن تورىدىن.

ساپلىقىن سۆيمىدەك يورىسا ھايات،
سۈررەڭلىك بۇلۇتلار كېتەر سۈرۈلۈپ.
ئېيتىلسا يۈرەكتىن بىر ئوتلۇق ئاھاڭ،
يىرتىلغان سادالار قالار ئۈزۈلۈپ.
بەر، دىلبەر، قولۇڭنى مەيلىڭگە قېتىپ،
يارىتىش ئارزۇسى بولسۇن بىزگە باش.
ئاسرايلى ھاياتنى يۈرەككە تېڭىپ،
بۇ ئالتۇن تۇپراقتىن تۇغدۇرۇپ قۇياش.
كەل، دىلبەر، بىز بۇندا ياشايلى بىللە،
بىز ئىنسان، ياشايلى ئىنسان قەدرىدە.
سەن كۈتكەن، مەن كۈتكەن سۆيگۈ قۇياشى،
يۈز ئاچقاي بىز سۆيگەن تىلەك بەرگىدە...

## نەسرىي ئەسەرلەر


غەيرەت ئاسىم ........ ھەر ئادەم ئۆزىگە پادىشاھ (ھېكايە) ........ 15

زۇلپىقار ........ «ھال سوراش» (ھېكايە) ........ 29

توختى ئايۇپ ........ قۇم باسقان دېڭىز (پوۋېست) ........ 47

ئابدۇرېھىم ئابلىمىت ........ «تالانتلىق ئەدىب» (ھېكايە) ........ 94


## شېئىرلار


مەيپىدىن ئەزىزى ........ ئىككى شېئىر ........ 3

زوردۇن ئېمىر ........ كۇچادا بىر كۈن ........ 4

مۇختەر خېلىل ........ بوز تورغايغا ناخشا تەگكەش قىلغۇم بار ........ 5

ياسىن زىلال ........ شېئىرلار ........ 7

يالقۇن ئەزىز ........ كەلدىم ئىزدەپ خۇش پۇراق گۈللەر ........ 9

باتۇر روزى ........ بەندىلەر ........ 11

ئارسلان ........ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكان ........ 32

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ........ ئىنسان ھەققىدىكى لىرىكىلار ........ 37

ھاجى ئەخمەت ........ شېئىرلار ........ 39

تەلئەت ناسىرى ........ تەلمۈرۈش ........ 41

مەھمۇد زەيدى ........ شېئىرلار ........ 41

ئابدۇراخمان ناۋائى ........ يىغلىغانىم يوق ........ 42

تۇرسۇن نىياز ........ شېئىرلار ........ 43

مۇھەممەت روزى ........ باغۇنىمگە ........ 45

نۇرسىمان ئابدۇقادىر ........ شېئىرلار ........ 45

جۈرئەت نۇرۇللا ........ گەلسەڭ ........ 46

ئاۋۇت مۇھەممەدى ........ ھايات سادالىرى ........ 157

ئابلىجان ھېيت ........ ھىجران كۆكىدىن تامغان تامچىلار ........ 158

### تەرمە گۈللەر

ئابدۇكېرىم هاشىم.........گۈللۈكتە (هېكايە)........................ 104
تاھىر قاسىم ...............كونا ئۆتەڭ هالسرايىدۇ كېچىدە (شېئىر)............ 108
يې ۋېيفۇ ..................ئۇلۇغ ئۆلۈۋېلىش (شېئىر)........................ 109

### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

تۇرغۇن ئالماس.................ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدا.................. 117
ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا...................................... 124

### جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى

ئىران ئەدەبىياتى.......................................... 137
ئىراق ئەدەبىياتى.......................................... 144

### مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

بىر ئۇلۇغ دەۋرنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى—سىمېننا.د.
پوفۋا................................................. 146

### سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن


قادىر ھەسەنوۋ.................شېئىرلار.............................. 149
ئىسمايىل ساتتاروۋ ..............شېئىرلار.............................. 151

### ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار



پەرۋاز

سۈرەتنى ۋاڭ ۋېي تارتقان




《塔 里 木》 文学月刊 (维吾尔文)  TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE  تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

1988 - يىل 9 - سان (331 - سان) ، 38 - يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ .
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى : جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى) .
O. P. BOX782 BEIJING. CHINA

国内统一刊号：CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.00 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 - 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1 يۈەن .